

# گۈلىستان

(ئەدەبىي تەرجىمىلەر)

22

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# گۈلىستان

(ئەدەبىي تەرجىمىلەر)

(22)

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

ئىبنى سىنا قىسسىسى ........................مىركەرىم ئاسىم ( 1 )
جەيھۇن ئۇستىدە بۇلۇتلار.....................مىركەرىم ئاسىم (117)
خالىغان چاغدا تېلېفون بېرىڭ، خالىغان چاغدا ئۆيگە
كېلىڭ ................................ئا. ئالېكسىن (175)
مۇستەبىت ...............................نەجىب مەھفۇز (245)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىبنى سىنا قىسسىسى

## [سوۋېت ئىتتىپاقى] مىركەرىم ئاسىم

980 ــ 1037 ـ يىللاردا ئۆتكەن مەشھۇر تاجىك پەيلاسوپى ۋە ئالىمى ئىبنى سىنا كەڭ ئۇيغۇر كىتابخانلارغا تونۇشلۇق. بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولغىنى ئۈچۈن، قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتىل بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنىپ، "پەيلاسوپلارنىڭ پىرى" دەپ نام ئالغان ئىبنى سىنا بىلىمنى دىنىي ئېتىقادقا قارشى قويىماقچى بولۇپ، مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەرگە قارشى مەلۇم دەرىجىدە كۈرەش قىلغان. شۇڭا ئەكسىيەتچى ئىسلام شەيخلىرى ئىبنى سىناغا ئۆچ ئىدى. مەجمۇئەمىزنىڭ بۇ سانىغا بېرىلگەن «ئىبنى سىنا قىسسىسى»، «جەيھۇن ئۈستىدە بۇلۇتلار» كىتابخانلارغا ئىبنى سىنا ھاياتىنىڭ بىر قىسمىنى تونۇشتۇرىدۇ.

## مەرىپەت دەرۋازىسى

### 1

باققال مەھمۇد مەسساھ خېرىدار كۈتۈپ، ئاپئاق دىقماق ساقىلىنى قاشلاپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلاردا ئىدى. ئۇنىڭ دۇكىنىدا ئادەمنىڭ جېنىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلاتتى. قەنت ـ ناۋات دەمسەن، سەۋزە، پىياز، گۇرۇچ دەمسەن، ھەممىسى

بار ئىدى. ئەگەر بىرەر خېرىدارغا مىلىچمال ياكى يىڭنە، يىپ، مىخ ۋە باشقا نەرسىلەر كېرەك بولۇپ قالسا، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دۇكىنى كەينىدىكى ئۆيدىن ئۇلارنى تېپىپ ئېلىپ چىقاتتى.

ئادەتتە ئەتىگەن ۋە كەچتە بازار بىردەم قىزاتتى-دە، چۈش ۋاقتىدا سودا-سېتىق توختاپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا كوچىدىن كىچىك باللار ئۆتسە، زېرىكىپ ئولتۇرغان باققال ئۇلارنى چاقىرىۋېلىپ، قوللىرىغا ئىككىدىن ياڭاق ياكى ئازراق تاتلىق-تۈرۈم تۇتقۇزۇپ گەپكە سالاتتى، كېيىن چاپقان پېتى ئۆيىگە يۈگۈرگەن نارەسىدىلەرنىڭ كەينىدىن كۈلۈمسىرەپ قاراپ قالاتتى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى مەھمۇد مەسساھ خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرغاندا، ئورۇقراق كەلگەن، بويى ئېگىزرەك، كۆزلىرى چوڭقۇر بىر بالا كېلىپ سالام بەردى-دە، ئىككى پەيسە① قاراموچ ۋە تۆت پەيسە دالچىن ② سورىدى.

ئاق كۆڭلەك ئۈستىدىن ئالا يېپەك تون كىيگەن، گەۋدىلىك باققال كىچىككىنە تارازىدا ياش خېرىدارنىڭ ئېيتقان نەرسىلىرىنى تارتىپ، قولىدىكى پارچە پۇللارنى ئالدى-دە، ئۇنىڭغا تىكىلىپ:

— سېنى بۇرۇن كۆرمىگەندىمىغۇ، نەلىكسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئەپشانلىق، داداملار شۇ مەلىدىن قورۇ سېتىۋالغان، بۇنىڭغا ئۈچ-تۆت يىل بولدى، مەن ئانام بىلەن يېزىدا تۇراتتىم.

— ئەپشانە ئەتراپى سېپىل بىلەن قورشالغان چوڭ يېزا، قۇتەيبە بىننى مۇسلىم ئۇ يەرگە مەسچىت سالدۇرغان.

---

① بىر پەيسە 50 گرامغا تەڭ.

② دالچىن — بىر خىل چاي دورىسى.

— ياخشى بىلىدىكەنسىز، — دېدى ياش خېرىدار كۈلۈپ.

— بولمىسىچۇ! بۇ ئەتراپتا مەن كۆرمىگەن جاي يوق. ياشلىقىمدا مەسساھ يەنى تەناپچى بولۇپ ئىشلەيتتىم. پەدىرىڭ كىم؟ ئېتى نېمە؟

— ئابدۇللا ئىبنى ھەسەن، ئىبنى سىنا...

— بولدى، بولدى، تونۇدۇم. ئۇ كىشى سارايدا بەيتۇلمالدا خىزمەت قىلىدۇ، بۇرۇن ھۆرمىتاندا سىلىق يىغقۇچى ئىدى. ئابرويلۇق، دۆلەتمەن ئادەم. ئاشۇ كىشىنىڭ ئوغلىمەن دېگىن؟

— ھەئە.

— ۋەلىدەيى مېھرىبان: ئوغلۇم پارچە-پۇرات سودا قىلىشنى ئۆگەنسۇن، دەپ سېنى چىقارغان بولسا كېرەك، بىلدىم. خوش، ئېتىڭ نېمە؟

— ھۇسەيىن.

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— توققۇز ياشقا توشۇپ، ئونغا قەدەم باستىم.

باققال كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ:

— ھاي! — دېدى. ئۇ ئەمدى يەتتە ياشقا قەدەم باسقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدى. — چىرايلىق بولساڭمۇ، ئورۇقلىنىپ بالىكەنسەن. مەكتەپكە بېرىۋاتامسەن؟

— يېزىمىزدا مەھەممەت ۋاسىپ مەسچىتىدىكى مەكتەپكە بېرىۋاتىمەن.

— ئوقۇشنى، يېزىشنى بىلەمسەن؟

— ھە، ساۋاتىم بار. قۇرئاننى يادلىۋالغانىمەن.

— بەك ياخشى، ئەمما ئىلمى رىيازى ۋە ھەندىسىدىن خەۋىرىڭ

www.uyghurkitap.com

يوقتۇ؟

— مۇئەللىمىز بىزگە بۇنداق ئىلىمنى ئوقۇتمىغان.

— ئىقلىدوس دېگەن كىم؟

— بىلمەيمەن، كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدى بالا قىزىقىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— قەدىمكى يۇنان دىياردا ئۆتكەن دانىشمەن، ھەندىسە ئىلمىگە ئاساس سالغان، يەر ئۆلچەشنى ئۆگەتكەن ئۇلۇغ ئالىم. مېنىڭ ئالدىمغا كەپ تۇرساڭ، خەتتى مۇنھەنى يەنى ئەگرى سىزىق، خەتتى مۇنكەسىر يەنى سۇنۇق سىزىق نېمە، مۇسەددەس، مۇرەببە دېگەن نېمە، ئۆگەنگەيسەن.

— ماقۇل، ئەلۋەتتە كېلىپ تۇرىمەن، — دېدى ئىلمگە ئىشتىياقمەن بولغان ھۆسەيىن.

سوئال بەرگەندە ئادەمنىڭ كۆزىگە تىك قاراپ جاۋاب بېرىدىغان بۇ بالا بوۋايغا ئۆز نەۋرىسىدەك يېقىپ قالغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھۆسەيىن باققالنىڭ قېشىغا پات ـ پات كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەنىدىن كېيىن ئۇ ھويلىنىڭ بىر چېتىدىكى قاراڭغۇراق ئۆيگە كىرىۋېلىپ، شىرە يېنىغا ئولتۇرۇۋېلىپ ھېساب چىقىرىش، تۈرلۈك شەكىللەرنى سىزىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۆزىدىن خېلى كىچىك، ياۋاش ئۇكىسىمۇ ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ قەغەزلەرنى بويايتتى.

ئوردىغا ئەتىگەن كېتىپ كەچ قايتىدىغان ئاتىسى ئوغلىنىڭ نېمە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. تاساددىپ، بىركۈنى ئىشتىن بۇرۇنراق قايتىپ كېلىپ، ھۆسەيىننىڭ نېمىنىدۇ سىزىپ ئولتۇرغىنىنى بايقاپ قولىدىن قەغەزنى ئالدى ـ دە، ئۇنى يورۇققا

www.uyghurkitap.com

تۇتۇپ كۆردى.

— ئېھ، ھەندىسى شەكىللەرغۇ. مۇسەللەس، مۇرەببە... ھەممىسى توغرا سىزىلغان.

ھۆسەيىن ئاتىسىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ سۆزلەپ كەتتى:

— دادا، ئىقلىدوس: "نۇقتا شۇكى، ئۇنىڭ ئۆلچىمى يوق، سىزىق — چەكسىز ئۇزۇنلۇق" دېگەنىكەن...

— كىمدىن ئاڭلىدىڭ بۇ سۆزنى؟

ئوغلى بىرنېمە دېيىشتىن بۇرۇن ئانىسى جاۋاب بەردى:

— ھۆسەيىن ئۈچ-تۆت كۈندىن بېرى مەھەللىمىزدىكى باققالنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئىلمى ھېساب ئۆگەنمەكتە. ئۆيگە يېنىپ كېلىپ، ئالدىغاندا بىرنېمىلەرنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ ئولتۇرىدۇ.

ئېرىدىن خېلىلا ياش بولغان قارا قاش، قارا كۆز، خۇش خۇي ستارەبانۇ: "دادىسى تىللاپ كەتمىسە بولاتتى" دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتى. ئېرىنىڭ مەمنۇن بولغانلىقىنى كۆرۈپ، كۈلۈمسىرىدى-دە، ئارقىغا چۈشۈپ كەتكەن شايى ياغلىقىنى توغرىلاپ قويدى.

— بەك ياخشى، — دېدى چېچىغا قىراۋ چۈشۈشكە باشلىغان جۇغى كىچىك، ئېگىز بۇرۇن ئابدۇللا ئىبنى ھەسەن خۇشاللىقىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، — مەن مەھمۇد مەسساھ بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنى ئۆيىمىزگە تەكلىپ قىلغايمەن. بوش ۋاقتىدا كېلىپ، ھۆسەيىنگە ئىلمى رىيازى، ھەندىسىدىن دەرس بەرسۇن. مەكتەپتە ئىلمى دىنىنى ئۆگەندى، ئەمدى دۇنياۋى ئىلىملەرنى ئىگەللىسۇن. بالا چېغىدا ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئىلىم ئۇرۇقى تېرىلسا، كېيىن مول مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ ئۈنۈپ چىققۇسى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇد مەسساھ ئابدۇللا ئىبنى ھەسەننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ئوغلىغا دەرس بېرىشكە باشلىدى. بەزىدە ھۈسەيىننىڭ ئۆزى ئۇنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ساۋاق ئالاتتى. قېرى باققال ياش شاگىرتىنىڭ زېھنىگە قايىل بولاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى زوق بىلەن ئوقۇتاتتى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتمەي، ھۈسەيىن ئۇستازىنىڭ بىلگەنلىرىنى ئۆگىنىۋالدى.

بىركۈنى ئۇ ئۇستازىغا قاراپ:

— ئەمدى دائىرىنىڭ يۈزىنى ئۆلچەشنى ئۆگىتىپ قويۇڭ، — دېدى.

— قولۇڭغا قەلەم ئېلىپ دائىرە سىز-دە، ئۇنى تۆتكە بۆل...

شاگىرت ئۇنىڭ ئېيتقىنىنى قىلىپ، بېشىنى كۆتۈردى.

— ھاسىل بولغان ئۇچ بۇلۇڭلارنىڭ ئاساسلىرى ئەگرى سىزىقلارغۇ...

ئۇستازى ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنىپ، بېشىنى قاشلىدى ۋە:

— مەسساھلار يەر مەيدانىنى تۆرلۈك شەكىللەرگە بۆلۈپ، يۈزىنى تەخمىنەن ئۆلچەيدۇ. ئەمما دائىرىنىڭ يۈزىنى ئېنىق بەلگىلەش يولىنى بىلمەيدۇ، — دېدى.

كەچتە باققال ئۆي ئىگىسى بىلەن يالغۇز قالغاندا:

— ئوغلىڭىزنىڭ زېھنى قىلىچتەك ئۆتكۈر، بەزى سوئاللارغا جاۋاب تاپالماي قېلىۋاتىمەن، — دېدى، — بىلگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆگەتتىم. تۈنۈگۈنكىچە: "چوڭ بولغىنىڭدا مەسساھ بولۇشنى خالامسەن؟" دەپ سورىسام: "ياق، تېۋىپ بولىمەن، ئىلمى ھېكمەت

ئۆگىنىمەن" دېدى. شۇ كىچىك يېشىدىن نېمىگە ئىنتىلىشنى، قانداق ئادەم بولۇشنى بىلىدۇ! ئىلاھىم ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، مەقسىتىگە يەتسۇن.

ئوغلى بىلەن پەخىرلەنگەن ئاتىسى خۇشاللىقىنى بىلدۈرمەسلىك مەقسىتىدە سۆزنى باشقا ياققا بۇرىماقچى بولدى.

— بەزى ياشلار باركى، ئۇلار باشقىلاردىن قالماسلىق ئۈچۈن مەدرىسكە كىرىپ ئوقۇيدۇ. تەھسىل كۆرۈشتىن مەقسەت نېمىلىكىنى، نېمىگە ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئاقىۋەتتە ئىلىمنىڭ چېكىنىمۇ يۇقتۇرماي، مەدرىستىن قۇرۇق چىقىدۇ.

— ئەمما ئوغلىڭىز ئۇلار تائىپىسىدىن ئەمەس. ھۇسەيىن مېنىڭ ئۆگەتكەنلىرىم بىلەن چەكلىنىپ قالماي، يەنىمۇ ئۆرلىشى زۆرۈر. ئۇنىڭغا پىكرى مۇنەۋۋەر بىر مۇئەللىم تېپىپ قويىدۇم.

— كىم ئىكەن ئۇ؟

— يېقىندا بۇخاراغا كېلىپ قالغان ياش ئالىم ئەبۇ ئابدۇللا ناتىلىي، فارابىنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، ئەدەبلىك، بىلىملىك يىگىت، — دېدى مەھمۇد مەسساھ كۈلۈپ، تەۋسىيە قىلىۋاتقىنىدىن — مۇئەللىمنىڭ پەزىلەتلىرىدىن زوقلانغان كىشىدەك.

— بولىدۇ، باشلاپ كېلىڭ، سۆزلىشىپ باقاي.

شۇ چاغدا كوچىدا باللار بىلەن قوغلىشىپ ئويناپ قىزىرىپ كەتكەن ھۇسەيىن مېھمانخانىغا كىرىپ، ئاتىسى بىلەن ئۇستازىغا سالام بەردى.

— ئوغلۇم بەك شوخ، ئويۇنچى، — دېدى ئابدۇللا ئىبنى ھەسەن تېز-تېز نەپەس ئېلىۋاتقان ھۇسەيىنگە قاراپ، — بىردەم تىنىچ تۇرغىنىنى بىلمەيمەن.

— تېنى ساق، غەيرەتلىك بالا-دە! — دېدى ئۇستازى زوق بىلەن شاگىرتىغا قاراپ، — قېنى، ئوغلۇم، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇر، ئىككى ئېغىز گېپىمنى ئاڭلا. ئەڭ ئاۋۋال شۇنى ئېيتىپ قوياي، ساڭا باشقا مۇئەللىم تېپىپ قويدۇم، ئەتە باشلاپ كەلگەيمەن. ئۇنى ھۆرمەت قىلىپ، دەرسلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سال. ئەمدى نەسىھىتىمنى ئاڭلا: ئادەم توغرا يول تاپقان بولسا، بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ، كەينىگە يانماسلىقى، ئۆمىد يىپىنى يوقاتماسلىقى كېرەك. سەن توغرا يولغا چۈشۈۋالغانسەن، نېمىنى خالىغىنىڭنى بىلسەن، ئۆز كۈچۈڭگە ئىشىنسەن، ئالغا ئىنتىلسەڭ، ئىنشائاللا، ئۆز مەقسىتىڭگە يەتكەيسەن!

— ئامىن!... — دەۋەتتى ھاياجانلانغان ئاتا تىترىگەن ئاۋاز بىلەن.

## 2

ئەتىسى كەچتە مەھمۇد مەسساھ ئېگىز كەلگەن، قامىتى كېلىشكەن، كۆرۈنۈشىدىن ياشتەك قىلىسمۇ، چاچلىرىغا ئانچە-مۇنچە ئاق كىرگەن، كۆزلىرى ئەتراپىنى قورۇق باسقان بىر ئادەمنى باشلاپ كەلدى.

— ئەبۇ ئابدۇللا ناتىلى، — دېدى ئۇ سالامىلاشقاندىن كېيىن يېنىدىكى كىشىنى كۆرسىتىپ، — تونۇگۇن بۇ كىشى ھەققىدە سۆزلىگەنىدىم.

— خۇش كېلىپسىز، سالامەت كېلىپسىز، بەك خۇشالمەن، — دېدى ئۆي ئىگىسى ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، — قېنى، ئۆيگە

مەرھەمەت.

ئۇلار مېھمانخانىغا كىرىپ، يۇزلىرىگە پاتنىھە تارتىشقانلىرىدىن كېيىن ئاق يەكتەك كىيگەن، قىزىل پوتا باغلىغان ياش يىگىت كىرىپ داستىخان سالدى، لېگەندە نان، تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر ۋە ئۈچ قاچا شەربەت ئېلىپ كېلىپ قويدى. ساھىبخان نان ئۇشتۇۋېتىپ ياش خىزمەتچىسىگە:

— ھۈسەيىننى چاقىرىۋەت، — دېدى.

بىردەمدىن كېيىن ھۈسەيىن ئىشكتىن سالام بېرىپ كىرىپ، پەگاھتا تىز چۆكۈپ ئولتۇردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — ئىككى يۈزى قىپقىزىل، كېلىشكەن، ئېگىز بوۋرۇن شاگىرتىغا سىناق نەزىرى بىلەن قاراپ ناتىلىي ئۇنى ئۆز يېنىغا چاقىردى. ئاندىن ھۈسەيىننىڭ ئاتىسىغا قاراپ دېدى، — مەن بۇ يىگىتنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىدىم. ئۇن ياشقا كىرمەي تۇرۇپ قۇرئاننى يادلىۋېلىپ، كېيىن ئىقلىدوس تەلىماتى بىلەن تونۇشۇپتۇ. ھەممىدىن خەۋىرىم بار. ئۇنىڭ زېھنى روشەن ئىكەنلىكى كۆزلىرىدىن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز، دەرسنى ھازىرلا باشلىۋەتسەم.

ساھىبخان ھەيران بولۇپ مەسساھ بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى-دە، كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— بوپتۇ، بىزمۇ دەرس ئاڭلايلى، — دېدى.

ناتىلىي چاققانلىق بىلەن داستىخان تۆپىسىدىكى پۈتۈن بىر ناننى سۇندۇرۇپ، پارچىسىنى يېنىغا قويدى-دە:

— قايسىسى چوڭ؟ — دەپ سورىدى.

ھۈسەيىن دادىللىق بىلەن بىر چېتى ئۇشتۇلغان ناننى كۆرسىتىپ:

— ئەلۋەتتە، بۇ چوڭ! — دېدى. — بۇ كىچىك.

— دېمەك، ھەربىر پۈتۈن ئۆز پارچىسىدىن چوڭ بولىدىكەن. باشقىچە تەبىر بىلەن ئېيتساق، ھەربىر پارچىسىنىڭ بۆلىكى ئاشۇ نەرسىدىن كىچىك، — دېدى يېڭى ئۇستاز قامىتىنى تىك تۇتۇپ. — بۇ ھەقىقەتلىكىگە شۈبھە قىلغىلى بولمايدىغان بىلىم، ئۇنى ئىسپات قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنى ئىلمى مەنتىقتا مەقۇلات دەپ ئاتايدۇ. يەنە بىر مىسال: ھەرقانداق ئۈچ سانى تاق، تۆت سانى جۈپ. بۇنىڭ ھەقىقىلىقىغىمۇ شۈبھە يوق. ئۈچىنچى بىر ئۆلچەمگە تەڭ بولغان ئىككى ئۆلچەم بىر-بىرىگە تەڭ ۋە باشقىلار.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى ئۆي ئىگىسى باش لىڭشىتىپ.

— ئەتە ھۆسەيىننى سىناپ كۆرگەيمەن. مەقۇلات دېگەن نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىمىكىن؟

— چۈشەندى، كۆزلىرىدىن بىلىپ تۇرىۋاتىمەن، — دېدى مەساھ كۈلۈپ. — مانا كۆرىسىزكى، ئەتە ئۇ پۈتۈن بىر ناننى ئۇشتۇپ، بىر پارچىسىنى ئۆز ئالدىغا قويىدۇ-دە، پۈتۈنىنىڭ پارچىدىن چوڭلۇقىنى ئىسپات قىلىپ بېرىدۇ.

ئولتۇرغانلار ئارىسىدا يېنىك كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— بەك ياخشى، — دېدى ناتىلىي چاقچاق ئارىلاش، — سىزمۇ دەرسىمگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالغانغا ئوخشايسىز، ئەتىگە كەلسىڭىز، "مەقبۇلات دېگەن نېمە"، "مەھسۇلات دېگەن نېمە"، بىلىۋالىسىز. ئادەم قېرىغاندىمۇ مەنتىققە رىئايە قىلىشى كېرەك.

— راست، — دېدى باقال كۈلۈمسىرەپ. — بەزىدە شۇنداق بوۋايلار ئۇچرايدۇكى، نە سۆزلىرىدە مەنتىق يوق، نە ئىشلىرىدا، لېكىن مەن ئۆزەمنى ئۇلارنىڭ قاتارىغا قويمايمەن.

— سىز ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز، ئەقلىڭىز جايىدا ئىكەن، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى ئۆي ئىگىسى.

ناتىلىي خوتۇن، بالىلىرىنى ئۆيدە قالدۇرۇپ، پۇل تېپىش ئۈچۈن شەھەرمۇشەھەر كېزىپ يۈرگۈچى جاھانگەشتى پەيلا-سوپلاردىن ئىدى. ئۇ بۇخارادا ئىسسىق ئورۇن تېپىپ، ئوبدانلا مائاشقا ئىگە بولغانلىقىدىن خۇشال ئىدى، ياش چېغىدىلا ئەرەب تىلىنىڭ ئاساسلىرىنى مولللىرىدىن ۋە ئاتىسىدىن ئۆگىنىۋالغانىدى، ئۇ زېھنى ئۆتكۈر شاگىرتىغا ئۆز بىلگەنلىرىنى زوق-شوق بىلەن ئۆگىتىشكە باشلىدى.

ھۇسەيىن بوش ۋاقىتلىرىدا ئاتىسىنىڭ كىتابخانىسىنى ئاختۇرۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيتتى؛ بەزىدە تىبابەتكە دائىر كىتابلارنى مۇتالىئە قىلاتتى.

بىركۈنى ناتىلىي ناماز جۇمەدىن قايتىۋاتقاندا كىمدۇ بىرى ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن كېلىپ يېنىدىن ئاستا تارتتى. ئۆرۈلۈپ قارىسا، پارقىراپ تۇرغان ئالا چاپان كىيگەن كۆك سەللىلىك مەھمۇد مەسساھ ئىكەن. ئىككىسى ھال-ئەھۋال سورىشىپ يانمۇيان مېڭىشتى.

— قانداق، شاگىرتىڭىز سىزنى ئالدىرىتىپ قويمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى باققال سۆز ئارىسىدا.

— ئالدىرىتىشمۇ گەپمۇ؟! — دېدى ناتىلىي قانداقتۇر ھەيرانلىق بىلەن، — ئادەم بالىسىدا بۇنداق خاتىرە ۋە زېھىن قۇۋۋىتى بولىدۇ، دەپ زادى ئويلىمايتتىم. گاھ تەبىئەتكە، گاھ مەنتىققە دائىر كىتابلارنى مۇتالىئە قىلىدۇ. بىركۈنى ئارىستوتېلنىڭ «مابادات تەبىئە» دېگەن كىتابىنى تېپىپ مۇتالىئە قىلىپتۇ-دە، مېغىزىنى

چاقالماپتۇ. ماڭا مۇراجىئەت قىلىپ بىرىنچى بابىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى سورىدى. مەن قولىدىن كىتابنى ئېلىپ، كېچىسى خاتىرجەم ئوقۇپ چىقتىم، لېكىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم. ئارىستوتېلنى ئوقۇشقا تېخى ياشلىق قىلسەن، دەپ كىتابنى ياندۇرۇپ بەردىم. نەتىجىدە مېنىڭ ئۇستازلىق ئىناۋىتىمگە داغ چۈشۈپ، ئارىدىن سەمىمىيەت كۆتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن كەتمەكچىمەن، سۈرۈشتۈرۈپ باشقا بىر تەلەبە تاپتىم، دۆلەتمەن ئادەمنىڭ بالىسى ئىدى.

— ھەي، ئەتتەڭ، سىزدەك سۆھبەتداشتىن ئايرىلىدىغان بوپتىمىز-دە، — دېدى باققال پېشانىسى تۈرۈلگەن ياش پەيلاسوپقا قاراپ.

— مەنمۇ شۇنىڭغا ئېچىنىمەن، ئابدۇللا ئىبنى ھەسەن ساخاۋەتلىك، خۇش مۇئامىلە ئادەم...

كەچتە ئۆي ئىگىسى بىلەن يالغۇز قالغاندا ناتىلىي ھۇسەيىننىڭ تىبابەتكە دائىر كىتابلارنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنى بىرەر تېۋىپقا شاگىرت قىلىپ بېرىش زۆرۈرلۈكىنى سۆزلىدى-دە، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

— ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، چۈنكى بىلگەن نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئۆگەتتىم، بىساتىمدىكى بىلىملەرنى قېقىپ ئالدى ئۇ! — دېدى قىزىرىپ.

ئۆي ئىگىسى ناتىلىينىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغانلىقىنى، ئەمدى ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇش پايدىسىز ئىكەنلىكىنى پەملىگەنىدى، شۇ سەۋەبتىن سۆزىنى تولا سوزماي، ئوغلىغا ئۇستاز بولۇپ پىكرى تەرەققىياتىغا ياردەم بەرگىنى ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنى

خۇشال قىلدى.

## 3

بىركۈنى ئابدۇللا ئىبنى ھەسەن ئورنىدىن بۇرۇنىراق قايتىپ، تاماق يېگەندىن كېيىن ئوغلىغا تېزرەك كىيىنىپ، كوچىغا چىقىشقا تەييار بولۇپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى.

— نەگە بارىمىز؟ — دەپ سورىدى ھۈسەيىن.

— تېۋىپ ئەبۇ مەنسۇر قەمەرىنىڭ ئۆيىگە. ئۇ كىشىگە: "ئوغلۇمغا ئۇستاز بولۇڭ، ئۇ تىب نەزەرىيىسى بىلەن ئازراق تونۇشقان، تىببىي ئىلىم ئۆگەنسۇن" دېگەنىدىم، ئىلتىماسىمىنى قوبۇل قىلىپ، سېنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۆزەمنىمۇ ئۇ كىشىگە كۆرسەتمەكچىمەن، مىجەزىم يوق.

ھۈسەيىن ئالدىراپ-سالدىراپ پۇتىغا مەسىسىنى، ئۈچىسىغا كالتە چاپىنىنى كىيدى، ئاتا بويى ئۆسۈپ قالغان ئوغلىغا قاراپ، يۈرىكىدە مېھرى ئۇرغۇۋاتقانلىقىنى سەزسىمۇ، خىيالەن قاپىقىنى تۈرۈپ:

— ماڭ، كەتتۇق، — دېدى.

بۇخارانىڭ مەشھۇر تېۋىپلىرىدىن ئەبۇ مەنسۇرنىڭ مېھمانخانىسىغا كىرگەن ئادەمنىڭ دىمىغىغا قۇرۇتۇلغان ئوتلار، تۈرلۈك-تۈمەن دورىلارنىڭ ھىدى گۈپۈلدەپ ئۇرۇلاتتى. ئاياغ ئاستىغا گىلەم، تۆرگە كۆرپە ئەمەس، ئېيىق تېرىسى تاشلاپ قويۇلغانىدى.

قىزىل يۈزلۈك، خۇش خۇي ئۆي ئىگىسى بىلەن مېھمان تېرە ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، ھال-ئەھۋال سوراشتى، پەگاھتىكى گىلەمگە تىز پۈككەن ھۈسەيىن تەكچىلەرگە تىزىلغان رەڭمۇرەڭ شىشىلەر،



www.uyghurkitap.com

قۇرۇتۇلغان ئوتلار، گىياھلاردىن كۆزنى ئۈزەلمەيتتى:

— ئوغلىڭىز دورا-دەرمەكلەرگە قىزىقىدىكەن، — دېدى بىردەمدىن كېيىن ئۆي ئىگىسى كۈلۈمسىرەپ، — كۆزلىرى سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى تەستىقلاپ تۇرىدۇ. يېنىمدا تۇرۇپ، تىببىي ئىلىم ئۆگەنسە، كېچىلىرى جالىنوسنىڭ كىتابلىرىنى مۇتالىئە قىلسا، مەقسىتىگە يېتىدۇ.

— ئىلايا، ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، — دېدى مېھمان خۇشال بولۇپ.

ئۆي ئىگىسى ھۇسەيىنگە قاراپ:

— ئوغلۇم، تەكچىلەردىكى دورا-دەرمەكلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىق، ساڭا رۇخسەت قىلىمەن، — دېدى. كېيىن چىرايى تاتارغان مېھمانغا قارىدى. — مىجەزىڭىز يوقتەك قىلىدۇ. قېنى، يانپاشلاڭ. مەن تومۇرىڭىزنى تۇتۇپ كۆرەي.

ئۇ ئالىچىپار يىپەك تونىنىڭ ئېتەكلىرىنى تىزلىرى ئارىسىغا ئېلىپ، تېرە ئۈستىگە يانپاشلىغان مېھماننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، تورۇسقا قارىدى-دە، ھۇسەيىنگە ئاڭلىتىپ مۇنداق دېدى:

— تومۇرىڭىزنىڭ سوقۇشى تەكشى ئەمەس، قالايمىقان. بۈگۈن يا تاماقنى كۆپ يەپ قويغانسىز، يا بىرى سىزنى خاپا قىلغان، ئەمما، بىلىشىمچە، سىز تائامنى ئاز يەيسىز، ئىككىنچى تەخمىنىم توغرا بولسا كېرەك.

— تاپتىڭىز، ساھىبى دىۋان بۈگۈن ماڭا ناھەق ئازار بەردى، قانداق قىلاي، پادىشاھنىڭ مۇقەررىبىگە ئېتىراز بىلدۈرگىلى بولامدۇ؟ زامانىنىڭ تەقەززاسى. نامۇناسىپ، نادان ئەمەلدارلار ھالال ۋە توغرا ئادەملەرنىڭ بېشىغا مىنىۋېلىپ، ۋاقتى-ۋاقتىدا تىزگىنىنى تارتىپ قويىدۇ.

www.uyghurkitap.com

— ھارغانسىز، ئەسەبلىرىڭىز بوشىغان، دەم ئېلىشقا موھتاجسىز. ئامال قىلالىسىڭىز سارايدىكى ئىشىڭىزنى تاشلاڭ.

— پەرزەنتلىرىم ياش. ھېچ بولمىسا مانا بۇ ئوغلۇم سىزنىڭ ھۈنىرىڭىزنى ئۆگەللەپ ئالسىدى. ھەممە ئۈمىدىم شۇنىڭدا.

— راست، بۇ ئوغلىڭىزنىڭ غەيرەتلىك ۋە ئۆتكۈرلۈكى يۈرۈش-تۇرۇش، ۋاجاھىتىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. كىچىكمۇ شۇنداقمۇ؟

ھۈسەيىننىڭ دادىسى مەيۈس ھالدا، بىلىنەر-بىلىنمەس باش لىڭشىتىپ قويىدى. "زېھنى تۆۋەنرەك، ياۋاش بالا" دېمەكچى ئىدىيۇ، لېكىن:

— بىر ئاتا-ئانىدىن ھەر خىل بالا تۇغۇلىدىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

قەمەرى سۆزنى ئايلاندۇرۇپ ئولتۇرماي مەقسەتكە كۆچتى.

— بېشىڭىز ئامان بولسا، شۇ ئوغلىڭىزدىن ئۈمىدىڭىز ھاسىل بولغاي. مەن ئۇنى يولغا سېلىۋېتىشنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن. ئەتە، ياق، ئۆگۈنلۈككە سىزنى كۆرگىلى بارىمەن، قالغان سۆزنى شۇ چاغدا ئېيتقايمەن.

* * *

ئەبۇ مەنسۇر شاگىرتىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئۇ كوچىدا ئويناپ يۈرەتتى.

قېنى ياش جالىنوس؟ — دەپ سورىدى تېۋىپ ئۇنى ھۈرمەت بىلەن قارشى ئېلىپ مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلغان ئۆي ئىگىسىگە.

— كوچىدا ئويناپ يۈرگەندۇ. يەرگە ئۇرسا، ئاسمانغا سەكرەيدۇ. ئۇن تۆتكە كىرگەن بولسىمۇ، شوخلۇقى قالمىدى.

— شوخلۇق — غەيرەت ۋە شجائەت بەلگىسى. ياۋاش بالىدىن قورقۇش كېرەك. ئۇ چوڭ بولغاندا ھورۇن بولۇشى مۇمكىن، — دېدى قەمەرى كۇلۇمسىرەپ.

مېھمان بىلەن ساھىبخان تاماق يەپ، گۇلاب ئىچىپ، ئۇ ياقتىن، بۇ ياقتىن سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا ھۇسەيىن سالام بېرىپ كەلدى-دە، پەگاھقا زوڭ ئولتۇردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئىشلىرىڭىز قانداق، «مابادات تەبىئە»نى مۇتالىئە قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

— ياق، تەقسىر، چۈشەنمىگەندىن كېيىن نېمە قىلىمەن ئوقۇپ!؟

— توغرا، ھازىرچە ئارىستوتېلىنى قويۇپ تۇرۇپ، جالىنوس ئەسەرلىرىنى ئوقۇشنى باشلاش كېرەك. ئەمدى بالىلىق بوستانىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئۆسمۈرلۈك پەسلىگە قەدەم قويغانسىز. ھايات ئۈچۈن كېرەكلىك كەسىپ-ھۈنەر ئىگەللەش كېرەك. تىببىي ئىلمىنى ئۆگىنىشلىش كېرەك، ئىلمى ھېكمەت سىزدىن قېچىپ قۇتۇلالماس. خوش، ئەمدى مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭچۇ، تومۇرىڭىزنى تۇتۇپ كۆرەي.

ئۇ ئالدىغا كېلىپ زوڭ ئولتۇرغان شاگىرتىنىڭ چىرايىغا قاراپ ھىجايدى-دە، تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ:

— سوغۇق سۇغا چۈشۈپسىزۇ، لېكىن بىر-ئىككى شۈڭگۈپ، بەدىنىڭىزنى سۈرتۈپ، قۇرۇقلۇققا چىقىپسىز-دە، دەرھال كىيىمىڭىزنى كىيىۋاپسىز، — دېدى.

— ئېھ، نەدىن بىلدىڭىز؟ جۈيىمۇلىياندا سۇغا چۈشكىنىمنى كۆردىڭىزمۇ؟

— كەلگىنىڭگە ئانچە ۋاقىت بولمىدى، سىنىڭ سۇغا چۆمۈلگىنىڭنى نەدىن كۆرسۈن؟ — دېدى ئاتىسى، ھەيران بولغىنىدىن كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەن ھۈسەيىنگە قاراپ، — تومۇرىڭدىن بىلگەن بولسا كېرەك.

— راست، — دېدى قەمەرى ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — سوغۇق سۇغا ئۇزاق چۆمۈلگەن كىشىنىڭ تومۇرىنىڭ ئۇرۇشى ئاجىزلىشىدۇ، بەدىنىگە سوغۇق ئۆتمىگەن بولسا كۈچىيىدۇ، لېكىن تېزلەشمەيدۇ.

ھۈسەيىن تومۇر ئۇرۇشىدىن ئادەمنىڭ ئىچكى ھالىتىنى بىلىدىغان يېڭى ئۇستازىغا ھۆرمەت ئارىلاش ھەيرانلىق بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ كەسپ-ھۈنىرىنى ئىگىلىۋېلىشقا ئەھد قىلدى. مەرىپەت دەرۋازىسىدىن ئىلىم-پەننىڭ تىكەنلىك گۈللىرى بىلەن قاپلانغان چىمەنزارى كۆزىگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

## كىتابقا ئىخلاس

يېرىم كېچە، ئاسماندا چاراقلىغان يۇلتۇزلار مەست ئۇيقۇدا ياتقان يەرگە نەزەر تاشلاپ، بىر-بىرىگە كۆز قىسىشىپ قويۇشاتتى. كۈندۈزى بازارچىلارنىڭ چۇرقىراشلىرىدىن چارچاپ كەتكەن بۇخارا سۈكۈنات قوينىدا ئارام ئالماقتا ئىدى. گاھى-گاھىدا يىراقلاردىن كۆزەتچىلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى: كۆزەتچىلەر شەھەرنى قوغداپ يۈرۈشەتتى.

شىمال تەرەپكە ئارىتىپ سېلىنغان ئىگىز بىر ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا، شىرە ئۈستىدە پىلىلداپ يانغان شامىنىڭ سارغۇچ نۇرى ئاستىدا، 17 — 18 ياشلاردىكى بىر يىگىت مۇتالىئە قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ

ئۇرۇق كەلگەن ئاپئاق يۈزىدە، چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرىدە ئەقىل نۇرى پارلايتتى. دىققەت نەزىرى قۇرلار ئارىلاپ يورغىلايتتى، يەر تېگە-دىن خەزىنە تاپقان كىشىدەك قوللىرى ئاستا تىترەيتتى، يۈزىگە بىر قىسما تەبەسسۇم يۈگۈرەيتتى، كەڭ ۋە ئوچۇق پېشانىسىدە مارجاندەك تەر پەيدا بولاتتى. ئۇ پۈتۈن كائىناتنى ئۇنتۇغان، پۈتۈن پىكرى قۇرلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان سىرلارنى ئېچىش تەشۋىشىدە ئىدى.

دالاننىڭ بىر چېتىدە ياتقان ستارەبانۇ بىر ئۇخلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى، ئوغلىنىڭ ھېلىغىچە ياتمىغىنىنى كۆرۈپ:

— ھەي ئوغلۇم، شۇ چاققىچە ئولتۇرامسەن؟ ياش جېنىڭغا مۇنچىۋالا جاپا سالامساڭچۇ؟ يات ھازىر، — دېدى.

— جېنىم ئانا، يەنە بىرئاز ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىڭ، بەكمۇ ئاجايىپ كىتاب ئىكەن.

ئوغلىنىڭ يۈزىدىكى جىددىي ئىپادىسىنى كۆرۈپ، 40 ياشقا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، ئىسكەتىنى يوقاتمىغان، قامىتى كېلىشكەن قارا قاش ئايالنىڭ كۆڭلى يۇمشىدى.

— تۈنۈگۈن بىر تەڭگىگە سېتىۋالغان كىتابىڭمۇ؟

— ھە، شۇ كىتاب. قاراڭ، شۇ كەمگىچە بېشىمنى قاتۇرۇپ تۇرغان مەسىلىلەرنى ئاسانلا يېشىپ بېرىپتۇ!

ستارەبانۇ ئوغلىنىڭ سۆزىنى ياخشى چۈشەنمىگەن بولسىمۇ، رىيازەت چېكىپ ئىلىم ئۆگىنىۋاتقان ئوغلىنىڭ يۈكسەك مەرتىۋىگە يېقىنلىشىپ قالغىنىنى ئىچكى ھېس بىلەن چۈشەندى ۋە يىللىق تەبەسسۇم قىلىپ بېشىنى ياستۇققا قويدى.

كېيىنچە ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ياش ھۈسەيىن ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ، يۇنان ۋە ئەرەب

هۆكۈمالىرىنىڭ تىبابەت ھەم پەلسەپىگە ئائىت كىتابلىرىنى ئوقۇيتتى. ئۇيقۇسى كېلىپ، كۆزىگە قۇم تىقىلغاندا ئاللىقانداق بىر ئوتنى قايىنتىپ تەييارلانغان دورىدىن بىر يۇتۇم ئىچەتتى. كۆزى يەنە ئېچىلىپ، زېھنى روشەنلىشەتتى. بۈگۈن ئانىسىنىڭ سۆزىنى يەردە قويماي ئاشۇ دورىنى ئويۇقتا ئېلىپ قويدى-دە، ئورنىغا بېرىپ ياتتى.

ھۈسەيىن شۇ كۈنى ئەتىگەن سەھاپ (كىتاب) بازىرىنى ئايلىنىپ يۈرگەندە پەرەنجى ئىچىدىن قولىنى چىقىرىپ، كىتاب تۇتۇپ تۇرغان بىر مومايغا كۆزى چۈشۈپ قالغانىدى.

— ئانا، كىتابىڭىزنى ساتامسىز؟

— ھە، ساتىمەن، بەك ياخشى كىتاب.

يىگىت ئۇنىڭ قولىدىن كىتابىنى ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدى. بۇ فارابىنىڭ «خەسۇسى ئەل-ھىكەم» دېگەن كىتابى بولۇپ، ئارىستوتېلنىڭ «مابادات تەبىئە» دېگەن كىتابىغا يازغان شەرھى ئىدى. ھۈسەيىن شۇ چاققىچە «مابادات تەبىئە»نى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇغان بولسىمۇ، زادى چۈشىنەلمىگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئاچقۇچىنى تاپتى. فارابى ئۇلۇغ يۇنان ھەكىمىنىڭ بەك چىگىش پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرىنىڭ مېغىزىنى چېقىپ بەرگەنىدى.

* * *

سامانىلار شەجەرەسىنىڭ ئاخىرقى تارمىقى بولغان پادىشاھ نۇھ بىننى مەنسۇر كېسەلچان ئادەم ئىدى. بۇخارانىڭ مەشھۇر تېۋىپلىرى ئۇنى داۋالاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بىراق ھېچبىرىنىڭ بەرگەن دورا-دەرمىكى تاجدار ئاغرىققا كار قىلمىدى، ئۇنىڭ دەردىنى يېنىكلەتمىدى.

پادىشاھ دىۋان مەمۇرىـي بولغان مەرھۇم ئابدۇلـلانىڭ ئوغـلى ھۇسەيىن ماھىـر تېۋىـپ بوپتۇ، دېـگەن خەۋەرنى ئاڭـلاپ، ئۇنى دەرھال ھۇزۇرىغا چىللىدى.

ساراي ئۆلۈك چىققان ئۆيگە ئوخـشايتتى. خىزمەتچىلەر، ساراي ئەمەلدارلىرى، كۆزەتچىلەر ئاياغ ئۇچىدا مېڭىشاتتى، ئۆزئارا پىچىر-لىشىپ سۆزلىشەتتى.

ساراي ۋەزىرى ھۇسەيىننى قولىـدىن تۇتۇپ، قىلىـچلارنى يالى-ڭاچلاپ مۇرىسىگە قويۇپ تۇرغان پوسلار ئارىسىدىن ئېلىپ ئۆتتى ۋە ئەڭ ئىچكىرىكى بىر ئۆي ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ توختاتتى. ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە چىرايلىق ئىككى تۇركمەن يىگىت ساقچىـلىق قىلىپ تۇراتتى. ۋەزىر بارمىقى بىلەن مۇشۇ يەردە تۇرۇشنى تاپىشۇرۇپ، ئۆزى ئۆي ئىچىـگە كىرىـپ كەتـتى. ئارىـدىن بەش-ئون دەقىقە ئۆتكەندىن كېيىن، ئىشىك ئېچىلىپ، ياش ھەكىمنى ئۆيگە تەكلىـپ قىلـدى. ئۇزۇن، رەڭـمۇرەڭ ئەيـنەكـلىك دېـرىزىـدىن خىـرە نۇر چۈشۈپ تۇرغان، تورۇسلىرى بېزەلگەن، تاملىرى نەقىشـلىك ئۆيگە كىرىپ، ئىبنى سىنا تۆردە يىپەك كۆرپە ئۈستىدە ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان سولغۇن ئادەمگە تازىم قىلدى. كېـيىن ئۇنىڭ ئىـشارىتى بىلەن ئۇنىڭ يېنىـغا بېرىـپ، زوڭ ئولـتۇردى. ياش ھەكـىمنىڭ كىچىككىنە گەۋدىسـىنى تىك تۇتۇشى، دادىل بېـقىشـىدىن، نۇرلۇق يۈزىدىن، چوڭ-چوڭ كـۆزلىرىـدىن كەمتەرلىـكى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىگە ئىشەنچى بىلىنىپ تۇراتتى.

نۇھ بىننى مەنسۇر سەۋكى تەبىئىي بىلەن ئۆز ھۇزۇرىـدا ئۇلۇغ ئىستېدات ئىگىسى بولغان بىر ھەكىمنىڭ ئولتۇرغىنىـنى بايقىـدى ۋە ئۇنىڭ شەنىگە مۇناسىپ مۇئامىلە قىلىپ، ھال-ئەھۋال سورىـدى.

www.uyghurkitap.com

ئىبنى سىنا ئۆزىنى ياخشى تۇتۇپ، ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ئالدىرىماي جاۋاب بەردى. ئۇ پادىشاھنىڭ كېسىلى نېمە ئىكەنلىكىنى تېۋىپلاردىن ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆز ھەمكەسىپلىرىنىڭ ئادىتىگە مۇۋاپىق كەسكىن ھەرىكەت بىلەن پادىشاھنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆردى. ئۇ ئۆز ئالدىدا مەۋرەئۇننەھرنىڭ پادىشاھى ئەمەس، بەلكى ئاددىي كېسەل ئادەم ياتقاندەك، ئۇنىڭ سارغايغان يۈزىگە تىكىلىپ قارار، تىلىنى چىقىرىشنى بۇيرار، پادىشاھنىڭ شەنىگە نامۇناسىپتەك سوئاللارنى سورار ئىدى. (بىرنەچچە خىل كېسىلى بولغان بىننى مەنسۇر باۋاسىل كېسەللىگىمۇ مۇپتىلا ئىدى.) ساراي ۋەزىرىنىڭ پادىشاھ ھۇزۇرىدا ئۆزىنى شۇنچىلىك جىم ۋە بىتەكەللۇپ تۇتقان ھەكىمنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى.

ئىبنى سىنا پادىشاھنىڭ جاۋابىنى تىڭلاپ، پېشانىسىنى تۇتۇپ ئويلاپ قالدى. كېيىن ئاچچىق نەرسە، ئىچىملىك ئىچمەسلىكىنى، كۆپرەك شۇۋىگۈرۈچ ئىچىپ، ھۆل مېۋە ئىستېمال قىلىشنى جېكىلەپ ئورنىدىن قوپتى.

— زاتى ئالىيلىرى، بەندىلىرىگە ئىجازەت بەرسىلە، كەچقۇرۇن دورا تەييارلاپ ئەۋەتكەيمەن. كۆپرەك ھۆل مېۋە ئىستېمال قىلسۇن. ئەمما بۇخارا مېۋىسى جانابلىرىغا زىيانلىق. مېۋىنى سەمەرقەندتىن ئېلىپ كېلىپ يېسۇن. — زېرەك تېۋىپ ئۆزىنىڭ خۇلقى-مىجەزىنىڭ ساراي ۋەزىرىدە نامۇناسىپ تەسىر قالدۇرغىنىنى بايقىغانىدى. — ئەگەر ھۆرمەت شەرتلىرىنى جايىغا كەلتۈرەلمىگەن بولسام، ئەپۇ قىلسىلا.

بىننى مەنسۇر بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۇنىڭدىن خاپا بولمىغانلىقىنى بىلدۈرگەندەك بولدى. ياش ھەكىم تازىم

قىلىپ، كەينىچە مىڭىپ چىقىپ كەتتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن سارايغا كەلگەن ئىبنى سىنا دورا ـ دەرمەك-لەرنىڭ ئاغرىققا ياخشى تەسىر قىلغانلىقىنى كۆردى. چىرايى ئوڭ-شالغان مەنسۇر ئۇنى خۇش تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى ۋە ياش تېۋىپتىن بەك مىننەتدار بولۇپ، نېمە تەلەپ قىلسا بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ياش تېۋىپ ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، ئۆزىگە بەك زۆرۈر بولغان بىرنەرسىنى سورىغانىدەك قورۇنۇپ، تۆۋەن ئاۋاز بىلەن:

ـــ ماڭا ساراي كۇتۇپخانىسىدا مۇتالىئە قىلىشقا ئىجازەت بەرسىلە يېتىدۇ، ـــ دېدى، ـــ ماڭا پۇل كېرەك ئەمەس.

ـــ بارىكاللا! ئۆمرۈمدە پۇلدىن ئىلىم ـ ئىرپاننى يۇقىرى قويىدى-غان ئادەمنى بىرىنچى كۆرۈشۈم، ـــ پادىشاھ كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى بەجانىدىل قوبۇل قىلغىنىنى ئىزھار ئەتتى. كېيىن ساراي ۋەزىرىگە قاراپ دېدى: ـــ كىتاب باشقۇرغۇچىغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئىبنى سىنانىڭ ھەر كۈنى كۇتۇپخانىدا مەشغۇلات قىلىشىغا ئىجازەت بەردىم.

ۋەزىر ئۈنچىقماي باش ئېگىپ قويدى.

* * *

10 ـ ئەسىردە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ۋە ئافغانىستاندا تېڭى بولمىغان بۇخارا كۇتۇپخانىسىدا قەدىمكى يۇنان، ھىندىستان ھۆكۈمالىرىنىڭ ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرى ساقلىناتتى.

ئاپئاق ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن كىتاب باشقۇرغۇچى ئىبنى سىنانى مەمنۇنلۇق بىلەن قارشى ئېلىپ، ئۆز قول ئاستىدىكى بايلىق-

www.uyghurkitap.com

لار بىلەن ئۇنى تونۇشتۇرۇپ چىقتى. ھەربىر ئۆيدە بىر پەنگە دائىر كىتابلار ساقلىناتتى، قاتار ـ قاتار ساندۇقلار كىتاب بىلەن لىق تولغانىدى. كىتاب باشقۇرغۇچى ھەربىر ئۆينىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ، بۇ يەردە قانداق كىتابلار بارلىقىنى سۆزلەيتتى. ئۇ ساندۇقتىكى ئاجايىپ نادىر قول يازما ئەسەرلەرنى كۆرسەتكەندە، ئىبنى سىنانىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كېتەتتى.

— قەدىرلىك ئاتا، مەن ئەمدى سىزگە ھەر كۈنى مېھمان بولغايمەن، — دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ.

— مەمنۇنىيەت بىلەن سىزگە كۇتۇپخانىنىڭ تۆر ـ دىن جاي بەرگەيمەن. سىزگە ھېچبىر بۇخارالىقنىڭ قولى تەگمىگەن كىتابلارنى تېپىپ بەرگەيمەن.

مەسچىت پەشتىقى ئاستىدىكى مەرمەر سۇپا ئۈستىدە ئىككى كىشى سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى چار ساقاللىق، بېشىغا چاققان قىلىپ كىچىك سەللە ئورىغان ئوتتۇرا ياشلىق كىشى، ئىككىنچىسى بولسا ئاپئاق ساقلى كۆكسىگە چۈشكەن، قويۇق قاشلىرى قاردەك ئاقارغان بوۋاي ئىدى، ئۇنىڭ قاشلىرى ھىمىرىلگەن، كۆزلىرى چەكچىيىپ باقاتتى.

— تەقسىر، قېرىغان چېغىڭىزدا دۇنيانىڭ غېمىنى يەپ نېمە قىلىسىز؟ — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق كىشى. — ھەممە ئىشنى بىزگە قويۇپ بېرىڭ، ئۆز جېنىڭىزنىڭ ئارامىدىن باشقا نەرسىنى ئويلىماڭ.

— قىزىق سۆزلەيسىز ـ دە، موللا سەدرىددىن، دۇنيانىڭ بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭۈل قانداق تىنچ بولسۇن. مانا، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز، ياشلار قېرىلارنى ھۆرمەت قىلمايدىغان

بولدى، شەرم ـ هايا ئۇتتۇرىسىدىن كۆتۈرۈلدى. ــ ھەربىر دەۋرنىڭ مېڭىسى ئېلىشىپ قالغان بوۋايلىرىغا خاس شىكايەتتىن كېيىن مەغا-قىئاتتاران مەسچىتىنىڭ داموللا ئىمامى چوڭقۇر خورسىنىپ قويدى.

ــ مەدرىسىلەردە ئىلىم ھال① ئۆگەي بالا ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى، ياشلار مەسائىل دىنىيە ئەمەس، ھېكمەت، مەنتىق، ئىلمى رىيازى ۋەھاكازالارغا قىزىقىدۇ. جوزىلىرى ئۈستىدە قۇرئان ئەمەس، مەشايىخلارنىڭ كىتابلىرى ئەمەس، بەلكى مەجۇسىي ئالىملارنىڭ كىتابلىرىنى كۆرىمەن. ساراي كۇتۇپخانىسى ياشلارنىڭ مېڭىسىنى زەھەرلەيدىغان ماكانغا ئايلاندى. كاشكى ئۇنىڭغا ئوت كېتىپ، كۆلى كۆككە سورۇلسا...

ــ سەۋر قىلسىلا، تەقسىرىم، ھەممىسى سىلى ئېيتقاندەك بولغۇسى. شەرقتىن كېلىۋاتقان توپان نۇھنىڭ تەختى ـ سەلتەنىتىنى ئېلىپ كەتكۇسى. قارا بۇغراخان باشلىق كۆچمەنلەر يېقىندىلا دىنىي ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن دىنغا قاتتىق بېرىلىپ كەتتى، سامانىلارنىڭ بولسا ئېتىقادى سۇسلاشقان. كۆچمەنلەر ئۆز جىنسىمىزدىن بولمىسمۇ، ئېتىقاد جەھەتتىن بىزگە يېقىندۇر.

ــ ئىلاھى، ئۇلارنىڭ قولى يۇقىرى بولسۇن.

شۇ چاغدا كۇتۇپخانىدىن خۇشال بولۇپ قايتىۋاتقان ئىبنى سىنا بۇ ئىككى مۇتەئەسسىپ دىن پېشىۋاسىغا دۇچ كېلىپ قېلىپ، قوڭغۇراقتەك ئاۋاز بىلەن:

ــ مەرھابا، تۇتى موللا! ــ دەپ سالام بەردى.

ــ مەرھابا! ــ دەپ جاۋاب قايتۇردى موللا سەدرىددىن ، ــ

---

① ئىلىم ھال ــ دىنىي ئىلىملەر.

ھە، موللا، يول بولسۇن؟

— ئۆيگە.

— ئاڭلىدۇق، سىزگە كۇتۇپخانا ئىشىكى ئېچىلىپتۇ.

— ھە، تالىپلار ئۈچۈن ئىلىم ئىشىكى دائىم ئوچۇق.

— كۇتۇپخانا سىز ئۈچۈن ئىبادەتخانايۇ، مەجۇسىي ئالىملىرى سىز ئۈچۈن رەھنامە بولۇپ قالغاندەك.

— ئىلىم جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ تەھسىل قىلىڭلار، دېگەن رەسۇلى خۇدا. كۇتۇپخانا مەن ئۈچۈن مۇقەددەس جايدۇر. كىتاب ھەقىقەتنى ئۆگىنىش ۋە تەبىئەت سىرلىرىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ.

— مېنىڭچە، مەجۇسىي ئالىملىرىنىڭ يازغان كىتابلىرى كىشى كۆڭلىدە شۈبھە يىلانىنى ئويغىتىپ، ئېتىقادىنى سۇسلاتسا كېرەك...

— مەن ئۈچۈن شۈبھىدەك مۇستەھكەم قورغان يوق، تۇتى موللا، چۈنكى ئۇ جاھىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى دانا ھېسابلىغان شەخسلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلايدۇ، — دېدى ياش ئالىم موللىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

موللا سەدرىددىن ئۇنىڭ سۆزىنى ياخشى چۈشىنەلمەي، لېۋىنى پۈرۈپ قويدى.

— ئەڭ ئاۋۋال ئىلمى ھالنى ئۆگىنىپ، ئېتىقادىڭىزنى مۇستەھكەملىۋېلىڭ، ئىلمى قالنى① كېيىن ئۆگەنسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەكسىچە، كاپىر بولۇپ كېتىش ھېچ گەپ ئەمەس.

— بەزى نادانلار دانا كىشىلەرنى كاپىر دەپ ھېسابلايدۇ.

---

① ئىلمى قال — دۇنياۋى ئىلىم.

— توۋا! بۇ مەمەدانىنىڭ سۆزىنى قاراڭ. بەش-ئون كىتابنى ئوقۇپ، ئۆزىنى دانا ھېسابلايدۇ. ئىلايا كۇتۇپخانىغا ئوت كېتىپ، سەن ئەبلەخ بول! — دېدى مەغاقىئاتتاران مەسچىتنىڭ ئىمامى.

— مەن بەش-ئون كىتاب ئەمەس، يۈزلەپ كىتابنى ئوقۇپ مەزمۇننى مېڭەمگە قاچىلاپ ئالدىم، — دېدى ئىبنى سىنا بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — مۇبادا كۇتۇپخانىغا ئوت كېتىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنىڭدىكى كىتابلارنى باشقىدىن يېزىپ، ساندۇقلارنى يەنە تولدۇرۇشقا قادىرمەن.

ئىبنى سىنا باش ئېگىپ، موللىلار بىلەن خوشلاشتى-دە، يەنە يولىغا راۋان بولدى. نېرىراق بارغاندىن كېيىن ئاچچىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىگە پۇشايمان قىلدى: "ياشلىق غۇرۇرى ھېلى بېشىمىدىن كەتمىگەندەك قىلىدۇ، — دەپ غۇدۇرىدى ئۇ. — ماڭا ماختىنىشنى كىم قويىدى! 100 كىتاب ئوقۇغان بىلەن ئالىم بولۇپ كېتەمدۇ كىشى؟ توۋا، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قىزىق قان بولماسلىق كېرەك. ئەمما شۇ يېرى باركى، تىلىمنى يىغالمايمەن. ھازىرقى زاماندا تىلىڭ قانچىلىك ئۆتكۈر بولسا، شۇنچىلىك ئۆتكۈر قىلىچ بىلەن كېسىلىدۇ!"

موللا سەدرىددىن ياش ھەكىمنىڭ كەينىدىن قاراپ سوكۇتكە كەتتى. كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، داموللا ئىمامدىن:

— شۇمتەكنىڭ "مۇبادا كۇتۇپخانىغا ئوت كەتسە..." دېگىنىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھە، بىر ئەمەس، ئىككى قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم.

— ئەگەر ئاشۇ مەجۇسىيلەر كىتابلىرى يىغىلغان ماكانغا ئوت كەتسەيۇ، سىزنى گۇۋاھلىققا چاقىرسا، ئاڭلىغىنىڭىزنى ئېيتىشتىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىلىرى

باش تارتامسىز؟

— ئەلۋەتتە ياق.

— بولدى، قالغان ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ.

ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي سامانىلار تارىخىدا ئارقىمۇئارقا ئىككى پاجىئە يۈز بەردى. قارا بۇغراخان باشچىلىقىدا شەرقتىن بېسىپ كېلىۋاتقان كۆچمەنلەر سەمەرقەند يېنىدا ھاجىپ ئاياچ باشچىلىقىدىكى قوشۇننى تارمار قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەسىر قىلىپ ئالدى ۋە سەمەرقەندنى ئىشغال قىلىپ، يۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. نۇھ بىننى مەنسۇر تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەمەلدار فايىق خىيانەت قىلىپ، دۈشمەن تەرىپىگە ئۆتتى. شەھەر خەلقى بۇخارا سېپىلى يېنىغا كېلىپ قالغان ئىستېلاچىلار بىلەن جەڭ قىلدى.

ئىبنى سىنا ئوقۇشنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، باشقا دوختۇرلار قاتارىدا قىلىچ زەربىدىن، ئوق زەخمىدىن ئازابلىنىۋاتقان جەڭچىلەرگە ياردەم بېرىشكە كىرىشتى. بىر كونا ساراي ياردارلارغا تولۇپ كەتكەندى. ياش ھەكىم كىچىچە قىلىچ يارىسىغا دورا قويۇپ، مەلھەم سۈركەش، بەدەنگە سانجىلغان ئوقنى ئېلىپ، تېڭىپ قويۇش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇ ھېرىپ-تېلىپ ئەمدى دەم ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇرماقچى بولغاندا، يانپىشىغا ئوق سانجىلغان بىر كاسىپ يىگىتنى ئېلىپ كەلدى. ئىبنى سىنا يېشۋەتكەن قان كىيىمنى يەنە كىيىپ، قولىدىكى نەشتەر بىلەن ياردارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئوقنىڭ ئۇچى چىقىپ قالغاندا، ئۇنىڭ زەھەر يېپىشتۇرۇلغان ئۇچىنى كېسىپ تاشلاپ، سۇغۇرۇپ ئېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇچى چىقماي قالغان ئوقنى ئېلىش مۈشكۈل.

— ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسى بېرىپ، يېرىپ ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

— ياق، — دېدى چىرايى سارغىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنى بەردەم تۇتۇشقا ئۇرۇنغان يارىدار. — قىرىققا چىدىغان قىرىق بىرگىمۇ چىدايدۇ. شۇنچە ئاقىۋەتتىن كېيىن....

— بارىكاللا، ئەزىمەت يىگىت ئىكەنسىز، سىزنى ئازابلىماي چىقىرىپ ئالغايمەن. مېنى تونۇيدىغانسىز ـ ھە؟

— ھە، سىز ئەمىرنى داۋالىغان ئاتاقلىق ھەكىمسىز، سىزگە ئىشىنىمەن.

— بەك ياخشى، — دېدى ئىبنى سىنا ئۇنىڭ يۈزىگە قاتتىق تىكىلىپ تۇرۇپ. — ئوقنى خېمىردىن قىل سۇغارغاندەك سۇغۇرۇپ ئالغايمەن، سەزمەيمۇ قالارسىز.

شۇنى دەپ ياش ھەكىم ئۇنىڭ يانپاش گۆشىنى ئىككى پارچىغا ئاجرىتىپ ئوقنى ئالدى، كېيىن مەلھەم قويۇپ، يېپىشتۇردى، تىكىپ، باغلاپ قويدى. ئوپېراتسىيە ۋاقتىدا چىشىنى چىشىغا قويۇپ ياتقان يىگىتتىن سادا چىقمىدى.

— بارىكاللا، ئەزىمەت ئىكەنسىز، كاشكى ئەمدى ھەممە ئادەم سىزدەك مەرد بولسا!

شۇنى دەپ ياش ھەكىم يىگىتكە كۈلۈپ قويدى ـ دە، قولىدىكى قاننى يۇيۇپ، دەم ئېلىشقا ئولتۇردى.

ئەمەلدار فايىقنىڭ خىيانىتى ئېغىر ئاقىۋەتلەر ئېلىپ كەلدى، مۇنتىزىم قوشۇندىن ئاجراپ، ئاجىزلىشىپ قالغان بۇخارا سان ـ ساناقسىز كۆچمەنلەر تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىندى. قارا بۇغراخان شەھەرنى ئىشغال قىلىپ①، سارايدىكى بايلىقلارنى قولغا كىرگۈزدى،

① 992 ـ يىل ماي ئېيىدا.

ئۆز ئەسكەرلىرىگە بازارنى تالاتتى. كۆپلىگەن بىنالارغا ئوت قويدى، ئاچچىق تۇتۇن شەھەرنى قاپلىدى. ئۆز مال-مۈلكىنى ساقلاپ قالماقچى بولغاندا قىلىچ يەپ يىقىلغان كىشىلەرنىڭ پەريادى، ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كېتىلىۋاتقان ئاياللارنىڭ داد-پەريادى، قۇترىغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ چۇقانى قۇلاقلارنى گاراڭ قىلىۋەتتى. ئۈچ ئاي ئەھۋال شۇ ھالەتتە داۋام قىلدى.

ئىبنى سىنا بولسا ئەلىمنى كىتابتىن ئالاتتى، يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ مۇتالىئە قىلاتتى، يازاتتى. بىركۈنى كېچىسى ياتقۇسى كېلىپ كۆزىگە قۇم تىقىلىشقا باشلىغاندا ئۇيقۇ قاچۇرىدىغان دورىسىنى ئىچىپ، ھويلىغا چىقتى. ئادىتى بويىچە ئاسمانغا قاراپ، ئۈكەر يۇلتۇزى قەيەرگە كەلگىنىنى بىلمەكچى بولدى، شۇ چاغدا رېگىستان تەرەپ قىزىرىپ، ئاسمانغا ئۇچقۇنلار چاچراپ تۇرغىنىنى كۆردى. تۇرۇپ-تۇرۇپ يالقۇنىنىڭ قىپقىزىل تىللىرى قاراڭغۇ ئاسماننى يالايتتى، يىراقتىن قىيا-چىيا ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. ياش ھەكىمنىڭ يۈرىكى بىر پالاكەتنى سەزگەندەك دۈپۈلدەپ ئۇرۇشقا باشلىدى، دەرھال ئايغىنى، چاپىنىنى كىيىپ، ئانىسىنى ئويغاتتى.

— جېنىم ئانا، رېگىستان مەيدانى يېنىدا بىر ئۆيگە ئوت كەتكەنگە ئوخشايدۇ. بېرىپ بىلىپ كېلەي، ئوت ئۆچۈرۈشكە قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم بېرەي.

— ھى، قويساڭچۇ، ئوغلۇم، سەن بولمىساڭمۇ ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر تېپىلىپ قالار.

— ياق، جېنىم ئانا. بارمىسام بولمايدۇ. ئۇيقۇم قېچىپ كەتتى. — ياش يىگىت كۆڭلىگە كەلگەن شۈبھىنى ئانىسىغا ئېيتىشتىنمۇ قورقاتتى. "باردىيۇ، ئەگەر...يوق، يوق. بۇ مۇمكىن ئەمەس.

نەچچە يۈز يىللاپ توپلانغان ئىلىم-پەن خەزىنىسىنىڭ كۆلى كۆككە سۇرۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس.“

ستارەبانۇ ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىجازەت بەرمەسلىكنىڭ ئىلاجى يوقلۇقىنى بىلدى.

— مەيلى، بارساڭ بېرىۋەر، ئەمما كەچ قالما...

ئىبنى سىنا يۈگۈرۈپ رىگىستان مەيدانىغا كەلگەندە كۆڭلىنى بىئارام قىلغان شۈبھىنىڭ پاكىت بولۇپ چىققىنىنى چۈشەندى. يۈزلىگەن كىشىلەر قولمۇقول چېلەك سۇنۇپ مەيدان ئوتتۇرىسىدىكى كۆلدىن ئېلىنغان سۇ بىلەن كۇتۇپخانىغا كەتكەن ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇناتتى، مەدرىس تالىبەلىرىنىڭ، ئەتراپتىكى مەھەللە ئەھلىنىڭ جان پىدالىقىغا قارىماي، يانغىن بارغانسېرى كۈچىيەتتى، قىممەتلىك كىتابلارنى ئەجدىھادەك يۇتۇۋاتقان ئوت قۇتراپ، ئۆي ئىشىكىدىن تۈتۈن ئارىلاش چىقىپ تۇراتتى. چېلەكلەپ چېچىلغان سۇ ئۇنىڭغا كار قىلمايتتى، ئەكسىچە، مايدەك تەسىر قىلىۋاتقاندەك ئىدى. بەزىلەر ئەمگەكنى بىكارغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قول قېقىپ كېتىشتى. ئادەملەر ئارىسىدا ئەسىرلەردىن بۇيان يىغىلغان بايلىقنىڭ تۈتۈنگە ئايلىنىپ، ئاسمانغا ئۇچۇشىدىن زوقلىنىپ كۈلۈۋاتقان كىشىلەرنىمۇ كۆرۈش مۇمكىن ئىدى.

ئىبنى سىنا ئاۋۋال چېلەكلەپ سۇ توشۇپ، ئوت ئۆچۈرۈۋاتقانلارغا ياردەملەشتى، كېيىن كۆپچىلىكنىڭ تىت-تىت بولغانلىقىنى كۆرۈپ، غەزەپكە چىدىيالماي ئوت چىقىپ تۇرغان بىر ئۆيگە ئۆزىنى ئاتتى. بۇ ئۆيدە تىبابەتچىلىككە دائىر كىتابلار ساقلىناتتى. ئادەملەر ئۇنى تۇتۇۋالالمىدى. بىرنەچچە دەقىقىدىن كېيىن، ئۇ كىيىمىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىغا قارىماي، بىرنەچچە كىتابنى قۇچاقلاپ ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

چىقتى. ئادەملەر يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى چاپان بىلەن چۈمكىۋالدى، بولمىسا، ئۈستىدىكى كىيىمى بىلەنلا ئۆزىمۇ كۆيۈپ كېتىشى تۇرۇغان گەپ ئىدى. ئىبنى سىنا يەنە ئۆزىنى ئوتقا ئاتماقچى ئىدى، بىرنەچچە قول ئۇنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. شۇ ئارىدا كىمدۇ: "ھەي، يىگىت، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ئارتۇقچە ئۇرۇنۇشىڭىز ھاجەتسىز يوق!" دېدى. ياش ھەكىم تەمتىرەپ، ئاۋاز چىقمىغان ياقىغا قارىدى. سول يېنىدا غەم-ھەسرەتتىن كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قېرى كىتاب باشقۇرغۇچى تۇراتتى.

— بۇ قانداق پالاكەت، قانداق مۇدھىش پالاكەت! — دېدى ئىبنى سىنا يىغلاي-يىغلاي دەپ.

بوۋاي خورسىنىپ قويدى:

— ھە، بەختسىزلىك، ئەمما بىلىپ قويۇڭكى، ئىلمى قال دۈشمەنلىرى مەرىپەت چىرىغىنى ئۆچۈرەلمەيدۇ. ئۇلار ئاتا-بوۋىلاردىن قالغان نادىر كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتسىمۇ، ئەقىل نۇرىنى ئۆچۈرەلمەيدۇ...

شۇنچە ھەرىكەت قىلىپ، ئوتنى ئۆچۈرەلمىگەن ئادەملەر بىر-بىرلەپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئوتنىڭ ئوزۇقى كېمەيگەنسېرى تەپتى پەسلىدى. توپ-توپ كۈللەر ئۈستىنى قاپلىغان تۇتۇن، كۆيۈپ شەكلى قالغان قەغەز پارچىلىرى شامالدا ئاستا تەۋرىنەتتى. قۇرۇم ئارىلاش ئىس ھەر تەرەپكە تارقىلاتتى.

ئىبنى سىنا خۇددى يېقىن بىر ئادىمىنى كۆمۈپ، قەبرىستاندىن قايتقان كىشىدەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، يېرىم-يارتا كۆيگەن بىرنەچچە كىتابنى قولتۇقلىغان ھالدا ئۆيىگە قايتتى.

ئارىدىن ئىككى ئايدەك ۋاقىت ئۆتتى. شۇ چاغقىچە ئۆزىنى

قويۇشقا جاي تاپالماي يۈرگەن ئىبنى سىنا بىركۈنى ئۆيىگە خۇشال كەلدى.

— سۆيۈنچى بىرىڭ، ئانا، قارا بۇغراخان قوشۇنى بۇخارانى تاشلاپ چىقىپ كەتمەكتە. قولىغا قورال ئالغان بۇخارا خەلقى تۈركمەنلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى ھەيدەپ چىقارماقتا، بۇلاپ ئالغان ماللىرىنى تارتىۋالماقتا.

كەمەنە تەرەپكە چېكىنىۋاتقان ئىستىلاچىلارنىڭ كەينىدە قالغان قىسمى بىلەن بۇخارالىقلار ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان جەڭنىڭ سۈرەنى يىراقتىن ئازراق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ستارەبانۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ:

— ئاخىرى خەيرلىك بولسۇن! — دەپ قويدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ”تەييارغا ھەييار“ بولۇپ، ئەمۇلدىن (چارجويدىن) نۇھ بىننى مەنسۇر بۇخاراغا كىرىپ كەلدى. ھايات يەنە بۇرۇنقى ئىزىغا چۈشكەندەك ئىدى. يەنە سودىگەرلەر دۇكانلىرىنى ئېچىپ، كاسىپلار دەستىگاھلىرىنى ئىشقا سالدى. بىراق ۋەزىرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ، ئايرىم ۋىلايەت ھاكىملىرىنىڭ ئىسيانى، كۆچمەنلەرنىڭ ھۇجۇمى سامانىلار سۇلالىسى قۇرغان ئىمارەتنى كۈندىن-كۈنگە لىگشىتماقتا ئىدى. قېرى نۇھ ۋەزىرلىرىنى ئۆزئارا ئەپلەشتۈرەلمەي، مەملىكەتتە تىنچلىق بەرپا قىلالماي، ھەسرەتتە ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى ئەبۇلھارىس مەنسۇرمۇ باشباشتاق ۋەزىرلەر، ئىسيانچى ھاكىملارنى تىزگىنلىيەلمىدى، قارا بۇغراخاننىڭ ئوغلى ناسىرغا قارشى ئەۋەتىلگەن سەركەردە يانالتەكىن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. سامانىلار دۆلىتى خۇددى ئىچى قۇرتىلىغان ئالمىدەك ئۈزۈلۈپ، يەنە ئىستىلاچىلارنىڭ قولىغا

چۇشتى①.

بۇخارا كۆچمەنلەر قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ چۈشتى. ئىبنى سىنا قارا قۇزغۇنلارنىڭ ئۇۋۇسىغا ئايلانغان شەھەرنى تەرك ئېتىپ، ئۆزبېگە مەرىپەتپەرۋەر تاجدار، بىر ھامىي ئىزدەشكە جەزم قىلدى. ئۇ يول ھازىرلىقىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلاۋاتقان ئانىسىغا قاردى ۋە ئۆزىنى تېتىك تۇتۇپ:

— جېنىم ئانا، قويۇڭ، يىغلىماڭ، ئوغلۇمنىڭ بېشى ئامان بولسۇن دېسىڭىز، ماڭا ئاق يول تىلەڭ، — دېدى. — ھاياتىم خەتەر ئىچىدە قالدى، سەللىلىك ئېشەكلەر بىر كۈن ئەمەس، بىر كۈن مېنى كاپىرغا چىقىرىپ، بېشىمنى يەيدۇ.

— جېنىم بالام، مۆمىن بولۇپ، ئاشۇ موللىلارنىڭ ئېيتقىنىنى قىلساڭ نېمە بولىدۇ؟

ئىبنى سىنا جاۋاب ئورنىغا كېچىسى يېزىپ قويغان رۇبائىسىنى ئوقۇپ بەردى:

ئۆزىنى دانا دەپ بىلگەن ئىككى-ئۈچ
نادانغا بىر كىشى كېلىپ قىلىپ دۇچ:
"مەن ئېشەكمەس" دېسە، ئاشۇ ئەقلى پۇچ
ئېشەكلەر، بۇ كاپىر بولدى، دېگەيلەر.

ئەمما مەن ھېچقاچان ئۆزەمنى ئېشەك دەپ ھېسابلىمايمەن،

---

① قارا بۇغراخاننىڭ ئوغلى 999-يىل 23-ئۆكتەبىر دۈشەنبە كۈنى بۇخاراغا كىرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تاجىك سۇلالىسى — سامانىلار دۆلىتىگە خاتىمە بېرىلدى (ئاپتور).

شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەلۋەتتە كاپىرغا چىقىرىدۇ. ئانا، مېنى خاتىر-جەملىككە چىللىماڭ. خاتىرجەملىك ئادەمنى غەپلەتتە قالدۇرىدۇ، ئېھتىياتكارلىق بولسا كىشىنى پالاكەتتىن خالاس قىلىدۇ. ئوۋچى بىر قۇشنىڭ ئۇۋىسىنىڭ نەدىلىكىنى بىلسە، ئۇنى شۇ يەردىن تۇتۇپ ئېلىپ كېتىدۇ، ئوۋچىلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇ دائىم ئۈچۈپ يۈرۈشى لازىم.

ئوغلىنىڭ دەلىللىرى ئالدىدا ئانا ئۈچۈن تەسلىم بولۇشتىن باشقا ئىلاج يوق ئىدى، ئۇ ئۆز پەرزەنتىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئەقىل بىلەن بىلىپ تۇرسىمۇ، كۆز ياشلىرىنى توختىتالمايتتى.

— بوپتۇ، ئەمىسە، ساق بېرىپ، ئامان كەل، — دېدى يىغلاپ، — مەندىن ئەنسىرىمە، ئۇكاڭ چوڭ بولۇپ قالدى.

ئىبنى سىنا ئانىسى بىلەن خوشلىشىۋېتىپ ئويۇقتىن بىر كىتابنى ئېلىپ سۆيدى-دە، ئۇنى پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ، كېيىن ئانىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بۇ فارابىنىڭ «فەسۇسى ئەل-ھىكەم» دېگەن كىتابى ئىدى.

— جېنىم ئانا، بۇ كىتابنى بىرەر ئىجتىھاتلىق تالىبول ئىلىمگە سوۋغا قىلارسىز.

— بولىدۇ. سېنىڭ باش-كۆزۈڭدىن سەدىقە بولسۇن بۇ كىتاب. ساق-سالامەتلىكىڭنى خەۋەر قىلىپ تۇرغىن.

ئىبنى سىنا ئارقىسىغا قاراشتىن قورقۇپ، دەرۋازىدىن چىقتى-دە، گۈرگەنچ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

## خارەزم بوسۇغىسىدا

ئەبۇ ئەلى گۇرگەنچ تەرەپكە ماڭغان كارۋان بىلەن بىللە، كۆپ-كۆك ئېتىزلار، قويلار ئوتلاپ يۈرگەن چۆللەر، قېتىپ قالغان دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئوخشىغان قۇم بارخانلىرىنى بېسىپ، پايتەخت خارەزمگە يېتىپ كەلدى، كارۋان سارايغا چۈشۈپ، نىم قاراڭغۇ ئۆيدە دەم ئالدى. ئەتىسى يۇيۇنۇپ-تارىنىپ، ئۈستىگە ئالا يېپەك تونىنى كىيىۋالدى-دە، خۇددى فۇقاھا يەنى قانۇنشۇناسلاردەك سەللىسىنىڭ پېشىنى ئېڭكىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئوڭ مۈرىسىگە تاشلىدى.

خارەزمشاھنىڭ ۋەزىرى، قانۇنشۇناس ئالىم ئەبۇلھۇسەيىن ئەس سۇخەيلى مۇقاۋىلانغان قېلىن ۋە ئۇزۇن دەپتەرلىرىنى كۆرۈپ چىقىۋاتقاندا مۇلازىمى تازىم بىلەن كىرىپ بۇخارالىق مەشھۇر تېۋىپ ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرمەكچى ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. سۇخەيلى دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ:

— شۇنداق ئۇلۇغ ئالىم ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرمىسۇن، ئېپتىڭ، كىرىۋەرسۇن! — دېدى سەللىسىنىڭ پېشىنى ئوڭ مۈرىسىگە تاشلاپ.

يۈزى چۆل شامىلىدىن بىرئاز قارايغان، قاتىراڭغۇ، ساغلام گەۋدىلىك، ئېگىز بۇرۇن ئەبۇ ئەلى ئىشىكتىن كىرىپ سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، پازىل ۋە ئالىم كىشىلەر توپلانغان پايتەختىمىزگە قەدەم قويۇشىڭىزنى تەبرىكلەيمىز، — دېدى ۋەزىر ئەرەب تىلىدا. — بەيتۇل ھېكمەت ساندۇقىدىكى جەۋاھىرلارغا

قىممەت باھا دۇرۇگۈھەرنىڭ كېلىپ قوشۇلغىنىدىن چەكسىز مەمنۇنمەن...

ياش ئالىم ئۇنىڭ يۇقىرى مۇقاملىق نۇتقىغا سەۋر بىلەن قۇلاق سېلىپ:

— سىزدەك ئۇلۇغ ئادەم مەندەك پېقىر ۋە ھەقىر مۇساپىرنى مەمنۇنلۇق بىلەن كۈتۈپ ئالغىنى ئۈچۈن بېشىم ئاسمانغا يەتتى. — دېدى ساپ ئەرەب تىلىدا. — رىيازەت بويىچە تېگى يوق ئالىم ئەبۇناسىر ئىراق، ئىلمى ھەيئەتتە قەدىمكى يۇنان ئالىملىرى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئەبۇرەيھان بىرونىي، مەشھۇر تېۋىپ ئەبۇلخەير ھەممار، پەيلاسوپ ئەبۇسەھل مەسىھي ۋە باشقىلار قاتارىغا كېلىپ قوشۇلغىنىم ئۈچۈن ئۆزەمنى بەختىيار ھېسابلايمەن...

— بەك ياخشى. مەن پەرمان قىلىمەن، شەھەر ھاكىمى سىز ئۈچۈن ياخشى بىر ئۆينى تەييارلاپ بەرگەي، — دېدى ۋەزىر سۆھبەت ئاخىرىدا، — بۈگۈن دەم ئېلىڭ، ئەتە جۈمە كۈنى ئالىملار مەجلىسىدە ئۇچرىشىمىز.

* * *

ئەبۇ ئەلى ھەممىدىن ئاۋۋال خىرىستىئان دىنىدىكى كەمتەر، خۇش مۇئامىلە مەسىھي بىلەن دوست بولۇۋالدى. ئىككىسى ئارىستوتېلنىڭ «مابادات تەبىئە» دېگەن ئەسىرىنى ياد بىلەتتى. يۇنان پەيلاسوپى توغرىسىدىكى پىكىرلىرى بىر-بىرىگە ماس كېلەتتى. ئىلمى ھەيئەتتە بەتلىمۇس دەرىجىسىگە ئېرىشكەن تەبىئەتشۇناس بىرونىي ئۆز قەدرىنى بىلىدىغان، توغرا سۆزلۈك، غۇرۇرلۇق ئادەم ئىدى. ئىبنى سىنا ئۆزىدىن يەتتە ياش چوڭ بۇ ئالىمنى ھۆرمەت قىلاتتى. بەزىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قىلىۋاتقان تەجرىبىلىرىنى دىققەت بىلەن

www.uyghurkitap.com

كۆزىتەتتى.

بىركۈنى قىزىق مۇنازىرىگە دۇچ كەلدى. ئەمدى 30 غا كىرگەن بولسىمۇ، ساقال قويۇۋالغان، كېلىشكەن، كەڭ پېشانىلىك بىرونىي قولىدىكى شېشىنى ئاپتاپقا تۇتۇپ كۆزىتىۋاتقانىدى. ئىشىكتىن سالام بېرىپ كىرگەن ئەبۇ ئەلىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى ـ دە:

— كەل، كەل، مانا بۇنى تاماشا قىل، — دېدى ئۇ قارشى ئېلىشىنىمۇ ئۇنتۇپ. — ئىچىگە سۇ تولدۇرۇلغان يۇمىلاق شېشىنى قۇياشقا توغرىلاپ بۇنداق ئايلاندۇرساق نۇرنى بىر نۇقتىغا يىغىدۇ، ئەگەر سۇ تۆكۈۋېتىلسە، ئىچىگە كىرىۋالغان ھاۋا نۇرنى بىر يەرگە يىغىشقا قادىر ئەمەس.

ئىبنى سىنا ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ مۇنداق دېدى:

— سىز تەبىئەت سىرلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن تىنىماي تەجرىبە قىلىسىز، ھەتتا دەم ئېلىش ۋاقتىدىمۇ شۇنداق. بۈگۈن قولىڭىزدىكى شېشىنى كۆرۈپ بىر نەرسە ئېسىمگە كەلدى. بىر ئەسىرىڭىزدە سىز ئۇستازىڭىز ئارىستوتېلىنىڭ: يەر يۈزىدە بوشلۇق يوق، دېگەن دەۋاسىنى رەت قىلغانسىز. شۇ پىكرىڭىزنى تەجرىبە بىلەن ئىسپاتلىسىڭىز...

— بىز ھەممىمىز ئۇ بۈيۈك زاتنىڭ شاگىرتلىرىمىز، ئەمما دۇنيادا خاتالىقتىن خالىي بولغان زات يوق. مانا، قارا!

بىرونىي سۇنى تۆكۈپ تاشلاپ، شېشە ئىچىدىكى ھاۋانى شوراپ ئالدى ـ دە، دەرھال باشمالتىقى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئەتتى ۋە سۇغا كۆمتۈرۈپ باشمالتىقىنى تارتىۋالدى، سۇ ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ شېشىنى تولدۇرۇشقا باشلىدى.

— كۆردۈڭمۇ؟ شېشە ئىچىدە بوشلۇق پەيدا بولغىنى ئۈچۈنلا سۇ

كۆتۈرۈلۈپ كىردى. بۇنىڭدىن چىقتى، يەر يۈزىدىمۇ، كائىناتتىمۇ بوشلۇقنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىكەن...

— سىز شىشە ئىچىدىكى ھاۋانى شورىۋاتقىنىڭىزدا ئىچىدىكى ھاۋا ھەرىكەتكە كېلىپ، شىشىنى ئىسسىتقان، قولىڭىزنىڭ ئىسسىقىمۇ ئۇنىڭغا ئۆتكەن. ھارارەتتىن شىشە كېڭەيگىنى ئۈچۈنلا ئىچىگە سۇ كىرگەن بولۇشى مۇمكىن.

— بۇ سۆزۈڭنى تەجرىبە بىلەن رەت قىلىمەن، — دېدى بىرونىي قىزىرىپ ۋە شىشىدىكى سۇنى داسقا تۆكۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن پۈۋلەشكە باشلىدى، كېيىن دۈم قىلىپ سۇغا تىقتى. — كۆردۈڭمۇ؟ مەن پۈۋلىگىنىمدە شىشە ئىچىدىكى ھاۋا ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇنى ئىسسىتقان ۋە كېڭەيتكەن بولۇشى كېرەك، ئەمما ئىچىگە سۇ كىرمىدىغۇ؟ بەش ئەسىر، بەلكى مىڭ يىلدىن كېيىن، ئېھتىمال، ئالىملار بوشلۇقتا تەجرىبە قىلىپ يېڭى نەرسىلەر ئىختىرا قىلىشار...

— ئۇنداق بولسا ساماۋاتنىڭ خەرىتىسىنى سىزغان بەتلىمۇسنىمۇ خاتالىقلار تاپقاندۇرسىز، — دېدى بىرونىينىڭ توغرا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ياش ئالىم كىنايە ئارىلاش.

— خاتاغا يول قويمىغان ئالىمنىڭ بولۇش ئىمكانىيىتى يوق. مەسىلەن، سەن ئۆزەڭ ئىلمى تىب ساھەسىدە بىنەزىرسەن، ئېيتىشقا بولىدۇكى، جالىنوس دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدۈڭ، ئەمما ماڭا يازغان خەتلىرىڭدىن مەلۇم بولدىكى، جورجان شەھىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكىنى بەلگىلەشتە خاتالاشقانسەن. — ئۇ قولىغا قەلەم ۋە قەغەز ئېلىپ ئۆزىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

سامانىلار سارىيىدا چوڭ ئابروي قازانغان، ئىززەت-نەپسى كۈچلۈك ئەبۇ ئەلى تېبى تەبىئەت ۋە ئاسمان ساھەسىدە ئېرىشەلمە-

گەن تەرەپلىرى بارلىقىنى بىلىپ، قىزىرىپ كەتتى، "بۇ ساھەدە ئەبۇ رەيھان بىرونىيدەك ئەللامالارغا يېتىشىپ چىقىش ئۈچۈن كۆپ ئەمگەك قىلىش كېرەك ئىكەن" دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆزىدىن رەنجىپ.

* * *

ئۇ بەيتۇل ھېكمەتتىكى يىغىلىشلارغا بېرىپ، مۇنازىرىلەرگە ئارىلىشىپ تۇراتتى.

خارەزمشاھ ئالىملار مەجلىسلىرىگە قاتنىشىپ تۇراتتى؛ ئۇ تۆرگە سېلىنغان گىلەم ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئەللامالارنىڭ بىر ـ بىرلىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىشلىرىنى زوق بىلەن تاماشا قىلاتتى. ياۋاش، ئىرادىسىز، ئۆز تىزگىنىنى ۋەزىرى قولىغا بېرىپ قويغان بۇ ھۆكۈمدار بەزىدە بەيتۇل ھېكمەتكە مەي ئىچىپ كېلەتتى، مۇنازىرە قىزىپ كەتكەندە خۇددى قوچقار سوقۇشتۇرۇۋاتقان كىشىلەردەك ھاياجانلىناتتى.

بىركۈنى ئالىملار، بىز كۆرۈپ تۇرغان يۇلتۇزلاردىن باشقا ئالەم ۋە قۇياش بارمۇ، تۆت ئۇنسۇر: توپا، سۇ، ھاۋا ۋە ئاتەش ھەممە جايدا بىر خىلمۇ، دېگەن ماۋزۇدا مۇنازىرە باشلىغان چاغدا ئوردا ۋەزىرى كېلىپ، شاھقا تازىم قىلدى ـ دە، ئۇنىڭغا تۆۋەن ئاۋاز بىلەن بىرنېمە دېدى، كېيىن كاناي قىلىپ تۇرالغان قەغەزنى ئۇنىڭغا سۇندى. ئالىملار سۆزدىن توختاپ ئارام ئېلىشتى. ئەبۇ ئاباس مەئمۇن نامەنى ئېچىپ ئوقۇدى ـ دە، چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. ئۇ غەلىتە ئاۋاز بىلەن:

ــ سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئەلچىلىرى ئەبۇل فازىل ھەسەن بىننى مىكائىل ھازىر گۇرگەنچ بوسۇغىسىغا يېتىپ كېلىپتۇ، ــ دېدى، كېيىن بۇ شۇم خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن ۋەزىرگە

قارىدى. — ئەلچى جانابلىرى ھېرىپ - چارچاپ كەلگەندۇ، بۈگۈن دەم ئالسۇن، ئەتە قوبۇل قىلىمىز. قوي سويۇپ، ئۇ كىشىگە ياخشى زىياپەت بېرىڭلار، كۆڭلىنى ئېلىڭلار! — ۋەزىر تازىم قىلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئالىملارغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن سۆزنى سوزۇپ ئولتۇرماي، خۇلاسىسىنى ئېيتىپلا قوياي، — دېدى خورسىنىپ. — سۇلتان ئۆز نامەسىدە: گۇرگەنچتە ئالىم ۋە پازىل ئادەملەر پالان ئىبنى پالانىلار توپلانغانىكەن، ئۇلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزغا يېتىپ كەلسۇن. بىزمۇ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرىمەن بولايلۇق، دەپ يېزىپتۇ. ئۆزەڭلەرگە مەلۇم، خۇراسان ۋە ھىندىستاننى بېسىۋالغان مەھمۇد غەزنىۋىينىڭ ئىشلىرى جىددىي، زامانە پادىشاھلىرى ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئىش قىلىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەن ئۇنىڭ سۆزىنى يەردە قالدۇرالمايمەن!

يانمۇيان ئولتۇرغان ئەبۇ ئەلى بىلەن مەسىھي بىر - بىرىگە قاراپ، باشلىرىنى ئاستا ئىرغاڭلىتىشتى.

— ھە، زاتى ئالىي! — دەپ سۆز باشلىدى تىترىگەن ئاۋاز بىلەن قېرى مەسىھي. — مەن سىلىنىڭ دەرگاھلىرىغا كېلىپ پاناھ تاپتىم. نازۇنېمەتلىرىنى يەپ، ئىززەت - ھۆرمەت كۆردۇم، ئۇلۇغ ئالىملار بىلەن سۆھبەتداش بولۇپ راھەتلەندىم. ئەمدى ماڭا رۇخسەت قىلسىلىرى، سۇلتان مەھمۇد ھۇزۇرىغا بارماي، بېشىم قايغان ياققا كەتسەم. ئۆزلىرىگە مەلۇم، مەن مۇسۇلمان ئەمەس، خرىستىئانمەن. كاپىرنىڭ قېنى ھالال دەپ بىلگەن ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىغا بېرىش مەن ئۈچۈن خەتەرلىكتۇر.

ئەبۇل ئابباس ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغاندەك باش ئېگىپ

قويدى.

— ئەي، ھېكمەت ئەھلىنىڭ پۇشتىپاناھى! — سۆز باشلىدى ئىبنى سىنا تەزىم قىلىپ. — كەمىنىنىمۇ غەزنە شەھىرىگە بېرىشتىن ئازاد قىلسىڭىز ئىكەن. مەن ئىلمى ھېكمەت دۇشمەنلىرى بولغان بۇخارا موللىلىرى دەستىدىن قېچىپ خارەزمگە كەلگەنىدىم. ئەمدى مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالارنىڭ ھامىيسى بولغان سۇلتان مەھمۇد ھۇزۇرىغا بېرىشنى خالىمايمەن...

— ئەھۋاللىرىڭلار ماڭا مەلۇم، سۆزلىرىڭىز ئورۇنلۇق، — دېدى ئەبۇل ئابباس تاقەت قىلىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاخىرىغىچە تىڭشىلاپ. — مەسلىھەتىم شۇكى، مەن سۇلتانىنىڭ ئەلچىسىنى قوبۇل قىلماستىن بۇرۇن ئىككىڭلارمۇ يوشۇرۇنسىڭىزلار ۋە قاراڭغۇ كېچىدە سەپەر ئېتىنى قامچىلىسىڭىزلار...

— ئىلتىپاتىڭىز ئۈچۈن مىڭ مەرتەم رەھمەت. ئەمدى بىزگە ئىجازەت بەرسىڭىز، يول ھازىرلىقىنى قىلساق، ئىنساپسىز ئۇۋچىنىڭ تورىغا چۈشمەستىن ئاۋۋال قانات قاقساق، — دېدى ئىبنى سىنا يەنە تەزىم قىلىپ.

— بېرىڭلار، ئاسارەت ھالقىسى بوينىڭىزلارغا چۈشمەستىن بۇرۇن پەرۋاز قىلىڭىزلار، نەگە بارسىڭىزلارمۇ بېشىڭىزلار ئامان، سائادەت ئىشىكلىرى سىزلەرگە ئوچۇق بولغاي! — دېدى ئەبۇل ئابباس ئۇلارغا ئاق يول تىلەپ.

## خەتەرلىك يول

ئۇلار سەپەر تەييارلىقلىرىنى قىلىپ، تۈن قاراڭغۇسىدا شەھەر

سىرتىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ يېتىشتى، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن سۇخەيلى ئەۋەتكەن بىر يولباشلىغۇچى بىلەن يولغا چىقتى. ئېتىزلار جىمجىتلىق قوينىدا، تۈن شامىلى كۆممىقوناقلارنىڭ باشلىرىنى ئاستا ئېگىپ، يولۇچىلارغا سالام دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇلار ئاتلىرىنى ھەيدەپ، كۈن چىققانغا قەدەر 15 پەرسەڭ يول بېسىپ، بىر قۇدۇق بېشىغا كېلىشتى. بۇ يەردە ئەتىگەنلىك چاي ئىچىپ، دەم ئېلىشقاندىن كېيىن، سۇدانلىرىغا سۇ قاچىلاپ، يەنە يولغا چىقىشتى.

مەھمۇد غەزنىيۋىدەك زالىمنىڭ قىلتىقىغا چۈشمەي پەرۋاز قىلغان ئىككى ئالىم ئاسماندا ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان قۇشلاردەك ئۆزلىرىنى ئەركىن سېزەتتى، بېشىغا چوڭ قالپاق، ئۈستىگە قېلىن چەكمەن كىيگەن كېلىشكەن يولباشلىغۇچى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئېتىنى تېز-تېز ھەيدەپ باراتتى. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن كۈن كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە تەرەپنى قىزىتىشقا باشلىدى. بەزىدە ئالدامچى سەرراپ خۇددى سېھىرلەردەك يىراقتىن سۈزۈك كۆل، كۆپكۆك دەرەخلەرنى نامايان قىلىپ، يولۇچىلارنى گاڭگىرىتاتتى.

ئات ئۈستىدە ئۈگدەپ كېلىۋاتقان مەسىھى قۇرۇغان لەۋلىرىنى يالاپ:

— بۇنداق ئىسسىقتا يول مېڭىشقا ماجالىم يوق، بىرەر جايدا كەچكىچە دەم ئالايلى، — دېدى.

— خوپ، ئاۋۇ دۆڭنىڭ ئارقا تەرىپىدە تاتلىق قۇدۇق بار، — دېدى يولباشلىغۇچى قامچىسى بىلەن يىراقنى كۆرسىتىپ.

بىر سائەتتىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، ئۇ ئېيتقان جايغا يېتىپ

بارغاندىن كېيىن يولۇچىلار ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتلىرىنى تاقىشۇرۇشتى. سەكساۋۇل ۋە ئوت - چۆپ بىلەن يېپىلىپ ئۈستىگە قۇم تاشلاپ قويۇلغان قۇدۇقنى ئېچىپ، ياغاچ چېلەكتە سۇ ئالدى. سەكساۋۇل-لاردىن ۋاقىتلىق چەللە ياساپ تۆپىسىگە چاپانلىرىنى تاشلىدى-دە، ئەتىگەنلىك چاي ئىچىپ ئۇخلاشقا يېتىشتى.

كۈن پاتقاندىن كېيىن ئويغاتتى ئاينى، يولتۇزلارنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ، ئىبنى سىنانىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى:

— ساماۋى جىسىملارنىڭ ئەھۋالى پات ئارىدا ھاۋا بۇزۇلۇپ، پالاكەت يۈز بېرىشىدىن دالالەت بېرىۋاتىدۇ! — دېدى ئۇ ھەمراھلىرىغا.

سەپەرنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەن قۇم سەھراسىنى جىمجىتلىق بېسىپ، ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن توغايلارمۇ، يەردە سۆرۈلۈپ يۈرگەن كەسلەنچۈكلەرمۇ غايىب بولدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، قاتتىق شامال چىقىپ، يەرۇئاسماننى چاڭ - توزان قاپلىدى، ئالەمنى قاراڭ-غۇلۇق باستى. يولۇچىلار شامالنى توسۇپ تۇرغان قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئاتلىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقان ھالدا ئۈستىگە چاپانلىرىنى يېپىشىپ دۈم چۈشۈپ ياتتى. ئارىدىن ئىككى سائەت ئۆتمەي قۇم بوران بىردىن توختاپ، ھەممە تەرەپنى ئېغىر جىمجىت-لىق باستى، يولۇچىلار باش كۆتۈرۈپ، ئۈستىدىكى چەكمەنلىرىنى قېقىشتى. قۇم بورىنى يولنى كۆمۈۋەتكەن، يولباشلىغۇچى ھەمراھ-لىرىدىن بەتتەررەك يول بىلمەيدىغان كىشىگە ئايلىنىپ قالغان — ئەمدى پۈتۈنلەي تېنەپ قالغانىدى. كۈن كۆتۈرۈلگەنسېرى ئۇلار-نىڭ گاللىرى قۇرۇپ ئىدى، ئۇلار ئاغزى كىچىك تۇلۇملارنى ئېغىز-لىرىغا تۇتۇپ، بىر يۇتۇمدىن سۇ ئىچىشەتتى، ئاران - ئاران قۇم

كېچىپ كېتىۋاتقان ئاتلارنى ئاستا قامچىلاپ قوياتتى. سۇلىرى تۈگىگەندىن كېيىن ئۇلار نېمە قىلىشلىرىنى بىلمەي گاڭگىراپ قېلىشتى، قۇدۇقلارنىڭ ئۈستىنى قۇم بېسىۋالغان ــ ئۇلارنى تاپقىلى بولمايتتى ــ هايات مەنبەسى قۇرۇغاندى.

ــ مېنى شۇ يەرگە...تاشلاپ كېتىڭلار، ــ دەپ ئىڭرىدى ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا ماجالى قالماي، ئېتىنىڭ بويىندىن قۇچاقلىۋالغان مەسھىي. ــ قازاغا رىزا بولۇشتىن ...باشقا چارە يوق. سىلەر... بىر ئامال قىلىپ...جېنىڭلارنى ساقلاپ قېلىڭلار.

يۈزى ئورۇقلاپ قارىداپ كەتكەن، كۆزلىرى پارقىراپ قالغان ئەبۇ ئەلى ئاتتىن ئاران چۈشتى، يولباشلىغۇچىنىڭ ياردىمى بىلەن بوۋاينى ئاتتىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ، قۇمغا ياتقۇزدى...

*　　*　　*

خۇراسانغا كېتىۋاتقان كارۋان باشلىقى يولدىن خېلى يىراقتا، قۇم بارخانى ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتقان ئۈچ كىشىنى كۆرۈپ توختىدى ــ دە، ئادەملىرىگە بىرنېمە دېدى. ئۇلار يۈگۈرۈپ بېرىپ، بىهوش ئادەملەرنىڭ ئىككىسى چالا ئۆلۈك، ئۈچىنچىسى جانسىز ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

ــ يۈزلىرى ۋە كۆكرەكلىرىگە سۇ چېچىڭلار، ئېغىزلىرىغا سۇ تېمىتىڭلار، ــ دېدى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەن كارۋانبېشى.

ئاۋۋال ئەبۇ ئەلى، ئاندىن كېيىن يولباشلىغۇچى كۆزىنى ئېچىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇشتى.

ــ ماۋۇ ھەمراھىڭىز قازا قىپتۇ، ــ دېدى قاپقارا يۈزلۈك، چوقۇر تۆگىچى بىر چەتتە قىمىرلىماي ياتقان مەسھىينى كۆرسىتىپ.

ــ ھە؟ كۆكسىگە، يۈزىگە سۇ پۈركۈپ، سىلكىپ كۆرمىدىڭلارمۇ؟

— ھەممىسىنى قىلدۇق، جان ئۇزۇپتۇ.

ئىبنى سىنا سۇرۇلۇپ بېرىپ، ھەمراھىنىڭ تومۇرىنى تۇتتى-دە، تۆگىچىنىڭ گېپىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلدى.

ئۇلار مەسھىينى كىيىم-كېچەكلىرى بىلەن قۇمغا كۆمدى-دە، قەبرە تۆپىسىدە بىردەم قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشتى.

ئىبنى سىنانىڭ خارەزمدە تاپقان ئەڭ يېقىن دوستلىرىدىن بىرى بۇ مەرھۇم ئىدى. ئىككىسى باھار چاغلىرىدا چۆلگە چىقىپ، دورا گىياھلارنى تېرەتتى، قەدىمكى يۇنان ھەكىملىرى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىپ، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەي قالاتتى.

ئۇلۇغ ئالىم ۋە تەجرىبىلىك تېۋىپ بولغان مەسھىي مۇسۇلمان بولمىغىنى ئۈچۈن ئۆمرىنى سەرگەردانلىقتا ئۆتكۈزۈپ، گۇرگەنچتىلا باشپاناھ تاپقانىدى. تەقدىر ئۇنىمۇ ئارتۇق كۆرۈپ، تىنچ ئۆي-جايىدىن دەشتى باياۋانغا ھەيدىدى، بىر يۇتۇم سۇغا زار قىلىپ، تەشنالىقتا ئۆلتۈردى. شۇلارنى ئويلىغان ئىبنى سىنانىڭ يۈرىكى زەردابقا تولدى-دە، خورسىنىپ، كۆزىنىڭ بىر چېتىدىن يۇملاپ چىققان يېشىنى بارمىقى بىلەن سۈرتتى.

— قانداق ئۇلۇغ ۋە ئېتىقادى مۇستەھكەم ئادەم ئىدى مەرھۇم! — دېدى ئۇ يەنە خورسىنىپ. — يۇمشاق كۆڭۈل، كەمتەر ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلۇغ ئالىم ئىدى.

— كېلىڭ، مەرھۇمنىڭ ئەرۋاھىغا قۇرئان ئوقۇپ قويايلى، — دېدى قاۋۇل كەلگەن كارۋانبېشى قۇمغا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ.

ئىبنى سىنا ئۇنىڭغا رازىلىق بىلدۈردى ۋە تۆگىچىلەر قاتارىدا ئولتۇرۇپ تىلاۋەتكە جىمجىت قۇلاق سالدى. دۇئايى پاتىھەدىن كېيىن ھەممىسى ئورنىدىن قوپۇپ، يول ھازىرلىقىنى قىلىشقا باشلىدى.

ئابىۋارد شەھىرىگە يېتىپ كەلگەنلىرىدىن كېيىن گۇرگەنچتىن بىللە كەلگەن يولباشلىغۇچى قايتىپ كەتتى، ئىبنى سىنا بولسا كارۋان سارايىدا بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ، ھاردۇقى چىققاندىن كېيىن تۇس شەھىرى تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى.

## دەرد ۋە دەرمان

### 1

سارايۋەن تاتىراڭغۇ، قارا ساقال، كۆزلىرى چوڭ ـ چوڭ بىر يىگىتنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى تار بىر ھۇجرىغا جايلاشتۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئىسمىنى، كەسپىنى سورىدى.

— ئاشۇ كۈنى نىشاپۇردىن كەلدىم، ئىسمىم ھۈسەيىن، ئۆزەم تېۋىپمەن، — دەپ قىسقىچە جاۋاب بەردى مېھمان مۇرىسىدىن خۇرجۇننى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاپتاپ ۋە شامالدا قارىدىغان يۈزى سەرگەردان ھايات كەچۈرگىنىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى.

— ياخشى كەسپىڭىز بار ئىكەن، — دېدى سارايۋەن كۈلۈپ. — ئەمما بىزنىڭ شەھەردە تېۋىپ كۆپ، كېسەل ئاز. چۈنكى جورجان شەھىرىدەك ھاۋاسى مۇساپپا، سۈيى پاكىز پايىتەخت تاپالمايسىز ئالەمدە. شەھەرنى كېسىپ ئۆتكەن جورجان دەرياسىنىڭ سۈيى ۋە ئەتراپتىكى مېۋىلىكلەرنىڭ ھاۋاسى شىپا بەخش. بۇ يەرگە كەلگەن كېسەل ساقىيىپ كېتىدۇ.

— سۆزىڭىز راست بولسا كېرەك، — دەپ تەستىقلىدى مۇسا- پىر. — تاغلارنىڭ چوققىسىدىكى قارلار پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇ- رىدۇ، ئەتراپتىكى باغلاردا بولسا ئەنجۈر، خورما، زەيتۇن، ئۈزۈم

پىشىپ ياتماقتا. ئاجايىپكى، بۇ يەردە سوغۇق يەرلەرنىڭ مېۋىسى بولغان ئالما، مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ ياخشى ھوسۇل بېرىدىكەن. جورجاندەك ئاجايىپ شەھەر كۆرمىدىم ئالەمدە.

ئۆز يۇرتىنى سۆيىدىغان سارايىۋەن ئۇنىڭ سۆزىدىن خۇشال بولۇپ:

— ئەقەللى، زاكاۋەتلىك ئادەمگە ئوخشايسىز، بۇ يەردە خار بولمايسىز، بىزنىڭ شەھىرى ئەزىمگە چوڭ بىر تېبىپ كۆچۈپ كەلدى، دەپ ئادەملەرگە خەۋەر بېرىمەن، — دېدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن قاشلىرى ئاقىرىپ كەتكەن، كۆزلىرى كىرتەيگەن بىر نۇرانىي مويسىپىت ياش تېۋىپنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن:

— بىزنىڭ ھويلىغا قەدەم تەشرىپ قىلسىڭىز، ئوغلۇم ئاغرىق ئىدى، — دېدى.

— ئوغلىڭىز؟ كېسلى نېمە؟

— ئەقلىدىن ئازغان، ئىككى ھەپتە بولدى، گەپ-سۆزىنىڭ تايىنى يوق. "مەن ئۆكۈز، بوغۇزلاڭ!" دەيدۇ. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. داخانلارغا ئوقۇتۇپمۇ كۆردۈم، بولمىدى، ئۈمىدلىرىم بىكار بولدى.

— نائۈمىد بولماڭ، ئاتا. دەرد بار يەردە داۋامۇ بار.

— ئىلايا ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن. قېنى قەدىمىڭىز قۇتلۇق بولۇپ ساقىيىپ كەتسە.

— ئەمىسە مۇنداق قىلساق: ھازىر ھويلىڭىزنى كۆرسىتىپ قويىسىڭىز، مەن بىر سائەتتىن كېيىن بارسام، ئەمما مېنى قانداق قىياپەتتە كۆرسىڭىزمۇ تەئەججۇپلەنمەڭ ۋە ئىشىمغا توسقۇن بولماڭ!

— بولىدۇ، نېمە قىلسىڭىزمۇ، ئوغلۇمنىڭ ئەس - ھوشىنى جايىغا كەلتۈرۈپ قويسىڭىز بەس.

ئارىدىن بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن بوۋاي دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ھەيران قالدى. ئالدىدا تۇرقىدىن ئادەم قورقىدىغان بىر قاسساپ تۇراتتى. قاسساپنىڭ ئالدىدا خۇرۇمدىن تىكىلگەن پەشتاما، يېنىدا بىلەي ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان پولات ئەسۋاب، قولىدا ئۆتكۈر پىچاق. بوۋاي ئۇنى ئاران تونۇدى، بايىقى تېۋىپ ئالدىدا تۇراتتى.

— قېنى سويىدىغان ئۆكۈز؟ يېتىلەپ ئېلىپ كېلىڭ! — دەپ توۋلىدى "قاسساپ" ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن.

بوۋاي يۈزىنى قاپقارا ساقال باسقان، كۆزلىرى ئىزتىراپلىق، قاتىراڭغۇ كەلگەن بىر يىگىتنى باشلاپ كەلدى. "قاسساپ" پىچىقىنى تاشلاپ، ئەپچىللىك بىلەن يىگىتنى يەرگە يىقىتتى - دە، ئۇنى يانپاشلىتىپ، قول - پۇتىنى ئارغامچا بىلەن باغلىدى ۋە پىچاقنى بىلەشكە باشلىدى. كېيىن سول تىزى بىلەن يەردە مىدىرلىماي ياتقان يىگىتنىڭ مۈرىسىنى بېسىپ تۇرۇپ، سىمىزمىكەن، دېگەندەك، ئوڭ قولى بىلەن ئۇنىڭ يانپىشىنى، بېلىنى سىلاپ كۆردى. بوۋاي بىچارە نېمە بولۇۋاتقىنىنى چۈشەنەلمەي، تۇرغان جايىدا قېتىپ قالغان، ئىككى كۆزى خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ئوغلىدا ئىدى.

— ۋاي - ۋاي، ئۆكۈزىڭىز بەك ئورۇق ئىكەنغۇ! — دېدى "قاسساپ" ئورنىدىن تۇرۇپ. — مېنى ھۆسەيىن قاسساپ دېيىشىدۇ، ئۆمرۈمدە بۇنداق ئورۇق مالنى سويغان ئەمەسمەن. ئالدى بىلەن ئۆكۈزىڭىزنى ئىككى - ئۈچ ھەپتە بېقىڭ، موزاي ۋاقتىدا ئانا سۈتىگە تويمىغاندەك قىلىدۇ، سۈت ئىچۈرۈڭ، سەمرىتىڭ، كېيىن كېلىپ بوغۇزلايمەن. ھازىر بۇنداق ئورۇق مالنى سويۇشتىن ھەزەر قىلى-

مەن، — دەپ ئۇ "ئۆكۈز"نىڭ قول-پۇتىنى يەشتى-دە، پۇتى بىلەن نوقۇپ، ئۇنى تۇرغۇزۇۋەتتى. "قاساپ"نىڭ قىلىقلىرىدىن قورقۇپ، يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرغان بىچارە ئاتا يېنىك نەپەس ئېلىپ، ئوغلىنى يېتىلىگىنىچە ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

— ئوغلىڭىزنى ئىنەك سۈتى بىلەن، چۆجىخوراز شورپىسى بىلەن بېقىڭ. تامىقىغا مانا بۇ دورىنى قوشۇپ بېرىپ تۇرۇڭ، — دېدى تېۋىپ، قايتىپ چىققان بوۋاي بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، قەغەزگە ئوراقلىق دورىنى قولىغا بېرىپ، — ئۆكۈزمەن دېسە، گەپ قىلماڭ، ئوردىغا ئېتىراز بىلدۈرگىلى بولمايدۇ، "بولىدۇ"، دەپ قويۇپ ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ.

ئارىدىن ئىككى-ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئاۋۋالقىغا قارىغاندا خېلى ئېتىكلىشىپ قالغان بوۋاي ياش تېۋىپنىڭ ھۇجرىسىغا سالام بېرىپ كېلىپ، ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلدى.

— مىڭ قەتلە شۈكۈركى، ئوغلۇم ساقىيىپ قالدى. يېڭى سىغىلغان سۈت ۋە سىزنىڭ دورىلىرىڭىز شاراپىتى بىلەن ئەقلى جايىغا كەلدى. ئىشتىھاسى جايىدا. ئېرىنىڭ ساقىيىپ قالغىنىنى بىلىپ كېلىننىمۇ قايتىپ كەلدى. ئەتە بىزنىڭكىگە بېرىڭ، — دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ.

— ئەلۋەتتە بارىمەن. ئىلايا، ساقىيىپ كەتكىنى راست بولسۇن. پەمىمچە، بۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئۆكۈزمەن دېمەيدۇ، قېرىغاندا ئېيتمىسا، — دەپ مۇتايىبە قىلدى تېۋىپ.

— قېرىغاندا ساپمۇساق ئادەملەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۆكۈز ئىكەنلىكلىرىنى بايقاپ قالىدۇ، — دەپ چاقچاقچاقا چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى بوۋاي.

www.uyghurkitap.com

## 2

جورجان ۋىلايىتىنىڭ ھۆكۈمدارى قابۇسنىڭ جىيەنى — ياشلا بىر يىگىت نامەلۇم بىر كېسەلگە دۇچار بولۇپ قالغان، ئۇ كېچىلىرى كىرپىك قاقمايتتى، تاماق يېمەيتتى. ھېچبىر تېۋىپ ئۇنىڭ نېمە كېسەل بىلەن ئاغرىغانلىقىنى ئېنىقلىيالمىدى.

بىركۈنى ھۆكۈمدار سارايى ۋەزىرىنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

— ئاڭلىشىمچە، ئابىۋاردىنمۇ، نىشاپۇردىنمۇ نەدىندۇ نامەلۇم بىر تېۋىپ شەھىرىمىزگە كېلىپ دەردكە چارە تاپالمىغان ئاغرىقلارنى داۋالاۋاتقانمىش. يېقىندىلا ھېچبىر تېۋىپ ساقايتالمىغان بىر ساراڭنى داۋالاپتۇ. ئاشۇ تېۋىپنى تاپتۇرۇپ كېلىپ جىيەنىمىز ئابدۇلۋاھىتنى كۆرسىتىڭ، ئېھتىمال مۈشكۈلى ئاسان بولسا...

— بېشىم بىلەن، — دېدى كۆلاھىغا ئاق سەللە ئورىغان كىمخاب چاپانلىق ۋەزىر تەزىم قىلىپ، كەينى بىلەن مېڭىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ.

ئاشۇ كۈنىلا كىملىكىنى يوشۇرۇپ يۈرگەن مەشھۇر تېۋىپنى سارايىنىڭ بىر بۆلۈكىدىكى ئۆيدە ياتقان يىگىتنىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ... ئەلەيكۇم، — دەپ پىچىرلىدى ئاغرىق يىگىت، ئىنچىكە جىيەكلىك بەنارەس① تون كىيگەن، قاتىراڭغۇ يۈزلۈك تېۋىپنى كۆرۈپ بېشىنى ئاران كۆتۈرۈپ.

---

① قولدا توقۇلغان شايىنىڭ بىر خىلى.

— ۋەئەلەيكۇم ...مىدىرلىماي ئولتۇرىۋېرىڭلار، — دېدى تېۋىپ ئۇنىڭ يېنىغا تىز چۆكۈپ، ئاندىن تومۇرىنى تۇتتى. يىگىتنىڭ ھېچبىر ئەزاسىدا كېسەل يوق ئىدى.

"تۇرقىدىن بەك زېرەك، تېرىسى نېپىز، كۆڭۈلچەك يىگىتكە ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ قارا پىشماق كەلگەن قارا كۆز، چىرايلىق يىگىتكە تىكىلىپ. — ئۇنىڭ ئەزايى بەدىنى ئاجىز بولسىمۇ ساغلام، ئېھتىمال ئىشقى-مۇھەببەتنىڭ يىپەك تالاسى ئۇنىڭ نازۇك قول-پۇتىنى كىشەنلىگەن بولسا كېرەك..."

ئۇ مۇھەببەت ھەيكەلتاراشى ئۆزىنىڭ پىچىقى بىلەن يىگىتنىڭ قەلبىگە قايسى جانانىنىڭ نامىنى ئويۇپ يازغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى. ئاغرىقنىڭ مۇلازىمىنى چاقىرىپ، جورجان شەھىرىنىڭ ھەممە گۈزەللىرى ۋە مەھەللىلەرنىڭ نامىنى بىلىدىغان بىر كىشىنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. دىۋانىخانىدا شەھەر باج-خاراجىغا پىششىق بولغان بىر ئەمەلدارنى تېپىپ كېلىشتى. تېۋىپ ئۇنىڭ بىلەن باش مىدىرلىتىپ سالاملاشتى-دە، ئاغرىقنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— شەھىرىڭىزدىكى ھەممە مەھەللە ۋە گۈزەللەرنىڭ نامىنى بىر-بىرلەپ ساناپ چىقىڭ، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

ئۆز ھۆرمىتىنى ياخشى بىلىدىغان قوڭۇر ساقال، كۆك شايى چاپانلىق ئەمەلدار ئالدىرىماي بىر-بىرلەپ گۈزەللەر ۋە مەھەللىلەرنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشقا باشلىدى. سۆزەنگەران مەھەللىسى بايان قىلىنىشى بىلەن ئاغرىقنىڭ تومۇرى قاتتىق سوقۇپ، نەپەس ئېلىشى تېزلەشتى. تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىدىن قولىنى ئېلىپ، ئورنىدىن تۇردى، بىرەر سائەتلەردىن كېيىن قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قوڭۇر ساقال ئەمەلدار بىلەن ھويلىغا چىقتى.

— سۆزەنگەران مەھەللىسىدىكى ھەممە ئائىلە باشلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ نامىنى بىلىدىغان بىر ئادەم تېپىپ بېرەلمەمسىز؟

— سۆزەنگەران ئاقساقىلى شەمشىدىن ئۆز مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ يەتتە ياشتىن تارتىپ 70 ياشقىچە بولغانلىرىنى ئېنىق بىلىدۇ. مەن ئېيتىمەن، بىرەر سائەت ئىچىدە ھۇزۇرىڭىزدا بولغاي، — دېدى ئەمەلدار.

ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي چاچ - ساقىلىغا ئاق ئارىلىغان بولسىمۇ، كۆك پوتا باغلىغان، كىچىككىنە ئاق سەللىلىك، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان كېلىشكەن بىر ئادەمنى باشلاپ كەلدى. تېۋىپ ئاغرىقنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مەھەللىڭىزدىكى ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ نامىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىڭ، — دېدى.

"ئالايىددىن" دېگەن زاتنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىشى بىلەن يىگىتنىڭ تومۇرى تېز - تېز ئۇرۇشقا باشلىدى.

— ئەمدى ئالايىددىن ئاكىنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنى ئۆز ئىسمى بىلەن ساناپ بېرىڭ، — دېدى تېۋىپ، ئاقساقالنى ساناشتىن توختىتىپ.

بوۋاي، موماي ۋە بالىلىرىنىڭ ئىسمىلىرىدىن كېيىن "راھىلە" دېگەن قىزنىڭ ئېتى ئېيتىلغاندا ئاغرىق يىگىتنىڭ تومۇرى ساناپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئۇرۇپ، ئۆزى ھوشىدىن كېتىپ قالدى. ئاغرىقنىڭ يۈزىگە سۇ چېچىپ، ھوشىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن نامەلۇم تېۋىپ ھويلىغا چىقتى. ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ساراي خىزمەتچىسى:

www.uyghurkitap.com

— زاتى ئالىيلىرى سىزنى كۈتۈۋاتىدۇ، — دېدى ۋە ئۇنى باشلاپ سالامخانا دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. نەقىشلەنگەن دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى قوراللىق ساقچى شامدەك قېتىپ تۇراتتى. بىرئاز تۇرۇپ ئىچكىرىدىن ساراي ۋەزىرى چىقتى-دە، تېۋىپنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

كاسپى دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى كىچىك بىر ۋىلايەتنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان قابۇس ۋۇشمەگىر ئۆزىنى ئۇلۇغ بىر مەملىكەتنىڭ پادىشاھىدەك تۇتاتتى، ئۇڭ قولىنىڭ مۇشتىنى ئىزىغا تىرەپ، سەككىز قىرلىق ئالتۇن تەخت ئۈستىدە گىدىيىپ ئولتۇراتتى.

نامەلۇم تېۋىپ ئىچكىرى كىردى-دە، ئۇن قەدەمچە يېرىدە يېردىم تازىم قىلىپ توختىدى. پېتىۋاتقان قۇياش نۇرىدا شاھنىڭ تاجىسىدىكى گۆھەر ۋە جەۋاھىرلار پارقىراپ تېۋىپنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ قويدى.

قابۇس سالامنى ئىلىك ئېلىپ، تەبەسسۇم بىلەن ھال-ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن جىيەنىنىڭ نېمە كېسەل بىلەن ئاغرىغىنىنى سورىدى.

— ئابدۇلۋاھىتنىڭ ئەزايى بەدىنىدە كېسەللىك ئالامەتلىرىنى تاپالمىدىم، ئىچكى ئەزالىرى ساغلام ...

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ دەردى نېمە؟

— مۇھەببەت! ئۇنىڭ قول-پۇتى سۆيگىنىنىڭ ئالتۇن زەنجىرى بىلەن باغلانغان، بۇ كىشەننى يىگىتنىڭ خىيالىنى ئوغرىلاپ قاچقان قىزلا يېشەلەيدۇ.

— كاشكى ئۇ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى كىملىكىنى، ئېتىنى بىلسەك! بۇ مۇمكىن ئەمەس.

— مەن تومۇرىنىڭ سوقۇشىدىن قىزنىڭ كىملىكىنى، ئېتىنى بىلىۋالدىم.

ھەيران قېلىش پادىشاھلارغا ياراشمىسىمۇ، قابۇسنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— جىيەنىڭىزنى سۆزەنگەران مەھەللىسىدىكى كاسىپ ئالايدىننىڭ قىزى راھىلەگە ئۆيلەندۈرۈپ قويسىڭىز ساقىيىپ كېتىدۇ.

— نەۋزەنبىللا. بۇ كارامەتقۇ! — دېدى ھۆكۈمدار سۆزلەپ تۇرۇپ، — قايسى ئۇسۇل بىلەن بىلدىڭىز بىچارە يىگىتنىڭ كۆڭلىدىكى مەخپىي سىرنى؟

نامەلۇم تېۋىپ قانداق قىلىپ يىگىتنىڭ كۆڭلىگە يول تاپقىنىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— ئاپىرىن، ئاپىرىن! تومۇرنىڭ سوقۇشىدىن ئىچكى كېسەللەرنىلا ئەمەس، بەلكى يۈرەك سىرلىرىنىمۇ بىلگىلى بولىدىكەن. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن سېھىرگەر تېۋىپ ئۇلۇغ ئالىم بولۇشى، تەبىئەت سىرلىرىدىكى سىرلاردىن ۋاقىپ بولۇشى كېرەك. مەن سىزنىڭ شەرەپىڭىز ئۈستىدە ئويلاپ كۆرۈشۈم لازىم. ئېيتىڭچۇ، بىر كاسىپنىڭ قىزى ئېسىلزادە يىگىتكە مۇناسىپمىكەن؟ سىز تىببىي ماھىرسىز، ئىشىق ـ مۇھەببەت زەنجىرلىرىنى ئېرىتىۋېتىدىغان بىر دورا تېپىپ بېرەلمەمسىز؟

— ياق، — دېدى تېۋىپ، — ئەگەر ئاشۇ قىزغا ئۆيلەپ قويمىسىڭىز، جىيەنىڭىزدىن ئايرىلىپ قالىسىز، كېسەلى جىگىرىگە ئۆتسە، داۋالاش يولى تۈگەيدۇ.

قابۇس باش بارمىقىنى چىشلەپ، چوڭقۇر ئويغا پاتتى: "ئابدۇلۋاھىتنى كېيىن ئېسىلزادىلاردىن بىرىنىڭ قىزىغا ئۆيلەندۈرۈپ

قويارمىز...“

— ئەمسە، ئاشۇ كاسىپنىڭ تەكتىنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلى. هالالزادىلاردىن بولسا، قىزىمغا ئەلچى ئەۋەتىمىز، — دېدى ئۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن سارايغا كەلگەن تېۋىپ يىگىتنىڭ چوڭ ئاپىسى قىزنىڭكىگە ئەلچى بولۇپ بېرىپ، كاسىپ ئائىلىدىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ كەلگىنىنى، يىگىتنىڭ ساقىيىپ، ئورنىدىن قوپقىنىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى.

جورجان هۆكۈمدارى نامەلۇم تېۋىپقا ھەپتىدە بىر - ئىككى كۈن سارايغا كېلىپ، ئۆز سۆھبىتىدىن ئۇنى بەھرىمەن قىلىپ تۇرۇشنى سورىدى. تېۋىپ تەزىم قىلىپ، پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتىدىن خۇش بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

ۋاقىت خۇددى جورجان دەرياسى تۆپىسىدىكى كۆپۈكتەك ئالدىرىماي ئېقىپ ئۆتۈۋەردى، نامەلۇم تېۋىپ بۇ شەھەردە ئەركىن ھايات كەچۈرۈپ، كېسەل مەن ئادەملەرنىڭ دەردىنى داۋالاپ يۈرۈۋەردى. بىركۈنى ئادەت بويىچە سارايغا كېلىپ، ھۆكۈمدارنىڭ قولىدا مەكتۇپ، يۈزىدە تەشۋىش بارلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران قالدى.

— مەن ئۆزۈڭدىن بېرى كىملىكىڭىزنى بايقىغان بولساممۇ سىر بەرمەي يۈرەتتىم، — دېدى قابۇس خىيالەن كۈلۈمسىرەپ. — سىز بۇخارالىق ئۇلۇغ ھەكىمى ماھىر، ئالىم ۋە پازىل ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىناسىز. ئەمدى بۇنى ھېچكىمدىن يوشۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۈگۈن غەزنە شەھرىدىن بىر خەت بىلەن سۈرىتىڭىز كەلدى. مەھمۇد غەزنىۋىي مۇشۇ سۈرەتتىكى ئادەم يەنى ئىبنى سىنا نەدە بولسا، دەرھال بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزغا ئەۋەتىلسۇن، دېگەن مەزمۇندا بىر



www.uyghurkitap.com

مەكتۇپ ئەۋەتىپتۇ. ئەمما سىز قورقماڭ، سىزدەك ئۇلۇغ ھەكىمنى غەزنە شەھىرىگە ئەۋەتىدىغان بوزەك يوق. جورجان شەھىرىدە تىبابەت ۋە ئىلمى ھېكمەت بابىدىكى ئىشلىرىڭىزنى داۋاملاشتۇرىۋېرىڭ.

— ئىلتىپاتىڭىز ئۈچۈن تەشەككۇر. مەن، ئەلۋەتتە، بىگۇناھ ئادەملەرنى ئەندىشىگە سېلىشنى ئۆزىگە ھۈنەر دەپ بىلىدىغان پادىشاھ ئالدىغا بېرىشنى خالىمايمەن، ھازىرچە مۇشۇ يەردە قېلىش نىيىتىدىمەن.

## 3

جورجان شەھىرىدە ئىبنى سىنانىڭ مۇخلىسلىرى كۆپ ئىدى. ئۇلار ھەر جۈمە كۈنى ئەللامىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرىمەن بولاتتى. خۇسۇسەن ئەبۇ ئۇبەيد دېگەن بىر يىگىت ئەبۇ ئەلىگە ھەددىدىن تاشقىرى ئىخلاسمەن بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى، مەنتىق ۋە ئىلمى ھېكمەتتىن دەرس ئالاتتى. ئىلىمپەن شەيداسى بولغان، يىراقتىن — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى جۈزجان ۋىلايىتىدىن كەلگەن بۇ يىگىت ئەللامىنىڭ ئەڭ ئىستېداتلىق شاگىرتى ۋە ئىشەنچلىك مۇھىبلىرىدىن بىرى ئىدى. شۇنداق ساداقەتلىك ئىلىم مۇخلىسلىرى ئارىسىدا ياشىغىنى ئۈچۈن ئىبنى سىنا بۇ شەھەردە ئۆزىنى مۇساپىر سەزمىدى. بىراق بۇ تىنچ ھايات ئۇزاق داۋاملاشمىدى، شادلىق قۇياشىنى غەم-تەشۋىش بۇلۇتلىرى قاپلاشقا باشلىدى.

ئۇ بۇخاراغا كېتىۋاتقان سودىگەرلەردىن ئانىسىغا مەكتۇپلار يوللاپ ساق-سالامەتلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. كېيىنكى مەكتۇپ

ئۇنىڭ قەلبىگە تىكەندەك قادىلىپ، يۈرەك - باغرىنى ئۆرتىۋەتتى. ئىنىسى مەھمۇد ۋالىدەيى مېھرىبانىنىڭ ۋاپات قىلغىنىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ تەزىيەسىنى تولۇق ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، بۇخارادىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلغانىدى. بۇمۇ يەتمىگەندەك تەقدىر ئۇنىڭ يۈرىكىگە يەنە نەيزىسىنى سانجىۋالدى. بىر كۈنى تاڭ قاراڭغۇسىدا بىرى كوچا ئىشىكىنى قاتتىق تاقىلدىتىپ، ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. يېرىم كېچىگىچە ئىشلەپ ھارغان ئىبنى سىنا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى-دە، چاپىنىنى مۈرىسىگە تاشلاپ، ھويلىغا چىقتى، ئىچىدىن زەنجىرلەپ قويۇلغان دەرۋازىسىنى ئاچتى. ئۇدۇلدا كۆزلىرى تەلمۈرگەن شاگىرتى ئەبۇ ئۇبەيد تۇراتتى.

ئۇ سالام بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ھاسىراپ:

— پالاكەت يۈز بەردى...ئىچكىرى كىرەيلى...كېيىن ئېيتىپ بەرگەيمەن، — دېدى. ئۇ كەشىنى ئالدىراش كىيگەن، ئۈستىدە كونا چاپىنى يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇلار مېھمانخانىغا كىرىپ، تۆردىكى كۆرپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن نەپسىنى رۇسلىۋالغان ئەبۇ ئۇبەيد شۇ كېچە ئەمەلدارنىڭ ئۆز ئادەملىرى بىلەن سارايغا باستۇرۇپ كىرىپ، قابۇس ۋۇشماگىرنى تۇتقۇن قىلغانلىقى، ئۇنى زىندانغا تاشلاپ، ئوغلى مەنۇ چېھرىنى تەختكە ئولتۇرغۇزغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— يامان ئىش بوپتۇ، — دېدى ئۇيقۇسى قېچىپ، چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەن ئەللاما. — ئۇلار شاھزادە بىلەن تىل بىرلەشتۈرگەن بولۇشلىرى مۇمكىن. مەنۇ چېھىر ئاتىسىدەك مۇستەقىل، ئۆز ئېيتقىنىدا تۇرىدىغان ئادەم ئەمەس، ئۇ ئەلۋەتتە سۇلتان مەھمۇدنىڭ سەنىمگە دەسسىگۈسى.

— بەس، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بۇ يەردىن تېزرەك كېتىش كېرەك. لېكىن ھازىر ئەمەس... كېيىنرەك. دەرھال شەھەردىن چىقىپ كەتسىڭىز، ئەمەلدارنىڭ كۆڭلىدە شۇبھە پەيدا قىلىسىز. ھازىرچە مېنىڭ ئۆيۈمگە كۆچۈپ كېتىڭ، كېيىن بىرگەپ بولار.

— راست ئېيتىسىز، بىر چوڭنىڭ سۆزىگە كىر، بىر كىچىكنىڭ، — دېدى ئۇستاز ئۆزىدىن بەش ـ ئالتە ياش كىچىك سادىق شاگىرتىغا قاراپ، — مېڭىڭ، ئەمىسە نەرسىلىرىم، كىتابلىرىمنى خىزمەتچىم كەچتە ئېلىپ بارار... ئېھتىياتكار بولۇش قورقانلىق ئەمەس...

تاڭ يورۇماستىلا ئىبنى سىنا شاگىرتىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كېلىپ كۆڭلى بىرئاز تىنچىغاندىن كېيىن سادىر بولغان ھادىسىلەر توغرىسىدا ئالدىرىماي پىكىر قىلىشقا باشلىدى.

— مانا، چېكىدىن ئاشقان قاتتىق قوللۇقنىڭ ئاقىۋىتى، — دېدى ئۇ ئەبۇ ئۇبەيدغا قاراپ. — قابۇس ئالىم ۋە شائىرلارغا ھامىي بولسىمۇ، سىپاھ ۋە ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن شەپقەتسىز ئىدى، كىچىك بىر گۇناھلار ئۈچۈن ئۇلارغا قاتتىق جازا بېرەتتى، ئەپۇنى ئۆزىگە ئەيىب دەپ بىلەتتى. بەزەن ئاقىل ئادەملەرمۇ ئادالەتسىز بولىدىكەن، قىزىق...

— توغرا، ئەينى زاماندا قابۇس شەمسىلمە ئالىي توغرا سۆزلۈك، دېگىنىنى قىلىدىغان جاسارەتلىك شاھ ئىدى. مەھمۇد غەزنەۋىيدەك زوراۋان ھۆكۈمدارنىمۇ كۆزگە ئىلمايتتى. ئۇ زالىم: ئىبنى سىنانى مېنىڭ ئالدىمغا ئەۋەت، دېگەندە تەكلىپىنى رەت قىلىپ، سىزنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالدىغۇ!

— ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇمايمەن. گۇرگەنچتە ئالىملار دائىرىسىدە ئۆزەمنى بەختىيار سېزەتتىم. جورجاندا بولسا —

سالامەتلىكىم مۇستەھكەملەندى. ئىلمى ھېكمەت ۋە تىبابەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىمكانىيەت تاپتىم.

— بۇخارادىچۇ؟

— خارەزمگە قاراپ پەرۋاز قىلمىغان بولسام، بۇخارادا مۇتەئەسسىپ موللىلار قاناتلىرىمنى كېسەتتى...

ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئۇندىن-بۇندىن سۆزلىشىپ ئولتۇردى.

قارا ساقاللىق، ئېگىز بۇرۇن، خۇش خۇي چىراي، ئەمدى 32 ياشقا قەدەم قويغان سادىق شاگىرتى ئۇستازىنىڭ سۆزلىرىگە زوق بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى.

— ئازادلىق، ئەركىن پىكىر قىلىش بۈيۈك بەخت، پادىشاھلار، ئەمەلدار ۋە ئاكابىرلار سىزىپ بەرگەن يولدىن چەتكە چىقماسلىق چوڭ بەختسىزلىك. مەن "كە!" دېسە قولغا قونىدىغان قۇش ئەمەسمەن. ئاجىز ئادەملەرلا ئۆز قىسمەتلىرىگە رازى بولۇپ كېتىدۇ. ياۋۇزلۇققا ئادالەت تونىنى كىيگۈزگەن مەھمۇد غەزنىۋىينىڭ ئۇۋچىلىرى يېتىپ كەلمەستىن بۇرۇن بۇ يەردىن مېڭىپ كېتىش كېرەك.

— ئۇنداق بولسا، مەن كەچتە كارۋان سارايىغا باراي. كارۋان باشلىقلىرى بۈگۈن-ئەتە تۆگىلىرىنىڭ باشلىرىنى قايسى ياققا بۇرىماقچى، بىلىپ كېلەي.

— بەك ياخشى. بۇ ئىسسىق ئۇۋدا يېتىشىم خەتەرلىك، — دېدى ئىبنى سىنا تاقەتسىزلىك بىلەن ساقىلىنى قاشلاپ. — ئۇۋچىلار قۇشلارنى ئۇۋىلىرىدىن تۇتۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئەپسۇسكى، جورجاندەك گۈزەل مەنزىرىلىك، ھاۋاسى ساپ، ئىقلىمى مۆتىدىل يەرنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇرمەن.

كەچتە مەيۈس هالـدا كارۋان سارايـدىن يېنىـپ كەلگەن ئەبۇ ئۇبەيد:

— ئەتە سودىگەر ئابدۇلـلا بىننى جەنپارنىڭ كارۋىنى مازاندەرانغا ماڭماقچى. مەن كارۋانبېشى بىلەن كېلىشـىپ قويدۇم. سىزنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىشكە رازى بولدى، — دېدى. — ئەمما مازاندەراننىڭ هاۋاسى ئېغىر، نەم، سىزگە ياراشماسمىكىن.

— ياراشمىسا يەنە قايتىپ كەلگەيمەن. بەلكى ئۇ ۋاقىتقىچە زامان تۈزىلىپ، هايات يەنە ئاۋۋالقى ئىزىغا چۈشۈپ كېتەر.

— ئامىن! — دېدى شاگىرت جان ـ دىلى بىلەن.

* * *

ۋاقىت هارۋىسى تاراقـلاپ، ئامىتى كەلمـىگەن ئەمگەك ئەھلىنى ماجاقلاپ كېتىۋەردى، قىش ئۆتتۈپ، تىكەنلىك گۈللىرىنى چېكىسىگە تاقىغان باهارمۇ يېتىپ كەلدى.

ئەبۇ ئۇبەيد خەت ـ خەۋەر كۈتۈپ تىـت ـ تىت بولاتتى، كاسپى دېڭىزى بويىدىكى يامغـۇرى تولا، ئورمانلىـرى ۋەھشى هايۋانلار بىلەن تولـغان ئۆلكىدە ئۇسـتازىمىنىڭ ئەھۋالى قانـداق بولدىكىن، دەپ تەشۋىشلىنەر ئىدى.

يازمۇ ئـۆتـتى، بىركـۈنى ئەل ياتار چاغـدا ئەبۇ ئۇبەيـدىنىڭ دەرۋازىسىدىكى مىس هالقىنى كـىمدۇ قاتـتىـق تاقىلداتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ، يۈگۈرگەنچە دەرۋازىسىنى ئاچتى.

مەست ئايالدەك قاپقىنى سـۈزۈپ تۇرغان، توقاچ يۈزلۈك، ئاي نۇرىدا رەڭگى تاتىراڭغۇ كۆرۈنگەن ئۇستازىنى كۆرۈپ، شاگىرتـىنىڭ تىلى كالۋالىشىپ قالدى.

— ساق سالامەت تۇردىڭىزمۇ؟ تىنچلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىبنى

سىنا ئاجىز بىر ئاۋاز بىلەن.

ــ ھە...خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، تىنچلىق، ــ دېدى شاگىرت ئۇنىڭ قولىنى ئېلىپ.

يامغۇر كۆپ ياغىدىغان، نەم مازاندەران ئىبنى سىنانىڭ سىجە-زىسگە تەسىر يەتكۈزگەن، ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈن جورجاندا شاگىرتىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ دەم ئالدى، ئۆزىنى داۋالىدى. سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن كوچىغا چىقماي «ئەۋسەتى جورجانىي»① دېگەن ئەسىرىنى يازدى. ئىلىمنىڭ مەھبۇسى بولغان بۇ ئادەم ئەمگەك بىلەن قايغۇسىنى ئۇنتۇيتتى.

ئەگەر جورجان ئۆلكىسىدە بىر قالالاشمىغان ھادىسە يۈز بەرمىسە، ئالىم بۇ پېدائىي مەھبۇسلۇقتىن پات ئارىدا قۇتۇلالمايتتى. بىركۈنى ئەبۇ ئۇبەيد قابۇسنىڭ ئوغلى مەنۇ چېھىر سۇلتان مەھمۇد نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ، رەسمىي ئۇنىڭ ھاكىملىرى قاتارىغا ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر ئېلىپ كەلدى.

ــ ئەمدى مەنۇ چېھىر ئۇنىڭغا ياراش ئۈچۈن مېنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىدۇ، ــ دېدى ئىبنى سىنا قول يازمىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ــ رەھىمسىز ئوۋچى بىر يەردە تۇخۇم بېسىپ ياتقان قۇشنى تۇتۇپ ئېلىپ كېتىدۇ، ئوۋچىلار يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن پەرۋاز قىلىش كېرەك.

ــ نەگە؟ ــ دەپ سورىدى شاگىرتى بىئارام بولۇپ.

---

① ئىبنى سىنانىڭ بۇ ئەسىرى تېپىلمىغان.

— رەي① شەھرىگە — سۇلتان مەھمۇدقا ئىتائەت قىلمىغان تەد-بىرلىك مەلىكە سەيىدەنىڭ پايتەختىگە. مەنۇ چىھىردەك يۈز ئەردىن سەيىدەدەك بىر ئاقىل ئايال مىڭ ھەسسە ياخشى. ئۇنىڭ قانىتى ئاستىدىلا جېنىمنى ساقلىيالايمەن.

— مەن سىزگە ھەمراھ بولۇپ بارغايمەن. مۇشۇ ياشقا كېلىپمۇ رەي شەھرىنى كۆرمىگەنىدىم...

ئۇستازىنىڭ گەپ قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، "سۈكۈت ئالامىتى رىزا" دەپ ئويلىدى ئۇ خۇشال بولۇپ.

## سەۋدائى شاھزادە

رەي — ئۇستىدە دائىم ئىس چىقىپ تۇرىدىغان رىماۋەند تېغى ئېتىكىگە جايلاشقان قەدىمكى شەھەر. ئادەملەرنىڭ ئېتىقادىچە، بۇ تاغ ئەپسانىۋى شاھ زەھھاكنىڭ قەبرىسىمىش. ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئاھى ئاسمانغا چىقىپ تۇرغان تاغ باغرىدىكى بۇ ئاجايىپ شەھەرگە كېلىپ، ئەركىن نەپەس ئالدى، ئوتتۇرىسىدىن شارقىراپ ساي ئېقىپ تۇرغان رود بازىرىدا تاماق يەۋېلىپ، تاغ باغرىدىكى تەبارەك قەلئەسىگە چىقىپ، تۆۋەندە ياسىنىپ تۇرغان ئۇچ بۇرجەك شەكىلدىكى شەھەرنى تاماشا قىلدى. كەچتە كارۋان سارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ئۆيىدە دەم ئېلىپ ئولتۇرغاندا ئەبۇ ئۇبەيد:

— مەلىكە سەيىدەنىڭ ھوزۇرى ئالىيەلىرىغا قاچان بارىسىز؟ —

---

① رەي — شۇ ۋاقىتتا كىچىككىنە يېزا بولغان تېھرانىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى شەھەر، بۇ شەھەرنى موغۇللار ۋەيران قىلغان. (ئاپتور)

دەپ سوراپ قالدى.

— ھېچقاچان، — دېدى ئىبنى سىنا بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — كېرەك بولۇپ قالسام، ئۆزى مېنى چاقىرتار، ھېچ ۋاقىت ھۆكۈمدارلار ھۇزۇرىغا باش ئېگىپ بارغان بەندە ئەمەسمەن. نۇھ بىننى مەنسۇر سامانىمۇ، قابۇس شەمماھالىيمۇ كېرەك بولغىنىدا مۇلازىملىرىدىن بىرىنى ئەۋەتىپ، مېنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتقانىدى...

ئەبۇ ئۇبەيد جورجانى ھۆكۈمدارلار ئالدىغا يېلىنىپ بېرىشنى ئۆزىگە نومۇس دەپ بىلگەن ئۇستازىغا زوق بىلەن قاراپ، "ئالىم دېگەن شۇنداق مەغرۇر ۋە ئىلىمنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان بولۇشى كېرەك، لېكىن ئۇ كەمبەغەلدەك بىر بىتاپ ئادەم ئالدىغا كەلسە، باش ئېگىپ، ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتىدۇ، پۇلمۇ ئالمايدۇ، قىزىق!" دەپ ئويلايتتى.

ئارىدىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي: بۇخارايى شەرىپتىن بىر تېۋىپ ماھىر كەپتۇ، رود بازىرىدىكى كارۋان سارايىدا ئىستىقامەت قىلىدىكەن، دېگەن گەپ-سۆز شەھەرگە تارقالدى. ئاغرىقلار بىر-بىرلەپ كېلىپ شىپا تېپىشقا باشلىدى. بىر كۈنى پېشانىسى قورۇلغان، ئورۇق، ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى كېلىپ ئىبنى سىناغا تازىم قىلدى-دە:

— بىزنىڭ كۈلبەئى ۋەيرانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلسىڭىز... ئىنىم ئاغرىق ئىدى، — دېدى.

— نېمىشقا باشلاپلا كەلمىدىڭىز؟ ئۆزى ماڭالامدۇ؟

— مېڭىش نەدىكىنى؟ قورسىقىنى تۇتۇپ ئۇ ياقتىن، بۇ ياققا يۈگۈرۈپ: "ئىچىمگە يىلان كىرىپ كەتكەن، يۈرەك-باغرىمنى

يېمەكتە» دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇنى تالاغا ئېلىپ چىققىلى بولامدۇ؟
ئېبنى سىنا ئويلاپ قالدى ـ دە:
ـــ بوپتۇ، بارسام بارايلا، قېنى مېڭىڭ، ـــ دېدى.
قىڭغىر ـ سىڭغىر ئەگرى ـ دالانلار بىلەن ئورالغان سۇپۇرۇكسىز ھويلىدا چاچ ـ ساقىلى ئۆسۈپ كەتكەن، كۆزلىرى پارقىرىغان بىر يىگىت قورسىقىنى تۇتۇپ يۇرەتتى. ئۇ ئىشىكتىن دادىل قەدەم تاشلاپ كىرگەن ئالىچىپار تونلۇق، كۆزلىرى ئۆتكۈر تېبىبىي ماھىرنى كۆرۈپ توختاپ قالدى. ئېبنى سىنا ئاغرىقنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ:
ـــ ئۆيگە كىرىپ، ئورنىڭىزدا يېتىڭ، ـــ دەپ بۇيرۇق بەردى.
ئاغرىق ئىتائەتكارلىق بىلەن ئىشىكى چوڭ ئىچكىرى قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىپ، يىغىشتۇرۇلمىغان ئورۇن تۆپىسىگە ياتتى.
ـــ راست، ئىچىڭىزدە يىلان بار ئىكەن، ـــ دېدى تېبىبىي ماھىر ئۇنىڭ قورسىقىنى تۇتۇپ كۆرۈپ. ـــ جىگىرىڭىزنىڭ بىر چېتىنى يەپتۇ. ئەتە كېلىپ يىلاننى تىرىك پېتى چۇشۇرىمەن. بۈگۈن بىر چىنە سۈت ئىچىپ يېتىڭ!
كوچىغا چىققاندا ئېبنى سىنا ئۆي ئىگىسىگە قاراپ:
ـــ ئەمدى تىرىك بىر يىلان تېپىڭ، ئەتىگەنگە سۈت ھازىرلاڭ، ئاندىن مېنى چاقىرتىڭ، ـــ دېدى.
ئەتىسى چاي ۋاقتىدا ئاغرىقنىڭ ئاكىسى كېلىپ ئېبنى سىنانى ئۆيىگە باشلاپ ئېلىپ كەتتى.
سۈت تولدۇرۇلغان تەڭنىنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، ئاغرىقنى ئۇنىڭ ئالدىغا تىز چۆكتۈردى. ئېبنى سىنا ئۇنىڭ كۆزىنى ياغلىق بىلەن باغلاپ، بېشىنى ئېگىپ تۇردى ـ دە:

www.uyghurkitap.com

— بارمىقىڭىزنى تامىقىڭىزغا تىقىپ تەڭنىگە قۇسۇڭ، — دەپ بۇيرۇدى.

يىگىت تېۋىپنىڭ ئېيتقىنىنى قىلىپ، قاتتىق ياندۇرغانىدى، ئۇنىڭ ئاكىسى خالتىدىكى يىلاننى تەڭنىدىكى سۈتكە قويۇۋەتتى-دە، ”چۈشتى، چۈشتى!“ دەپ ۋارقىرىدى.

شۇ چاغدا ئىبنى سىنا ئاغرىقنىڭ كۆزىگە باغلانغان ياغلىقنى يېشىۋەتتى.

— ئەنە، قاراڭ، ئىچىڭىزنى كېمىرىۋاتقان يىلان!

ئاغرىق سۈت ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەن يىلاننى كۆرۈپ، قورقۇش ئارىلاش خۇشاللىق بىلەن:

— دەرھال ئۆلتۈرۈڭ ئۇنى، بولمىسا، يەنە ئىچىمگە كىرىپ كېتىدۇ، — دېدى ئەنسىرەپ.

يىلاننى دەرھال قىسقۇچ بىلەن ئېلىپ، ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈردى.

— قانداق ھىيلە ئىشلىتىپ ئىنىڭىزنى داۋالىغانلىقىمىزنى ئېيتماڭ، — دېدى ئىبنى سىنا كوچىغىچە ئۇزىتىپ چىققان ئۆي ئىگىسىگە. — بولمىسا، ئىچىدە يەنە يىلان پەيدا بولۇپ جىگىرىنى كېمىرىشكە باشلايدۇ.

— بولىدۇ، مەن ئۆيدىكىلەرگە تاپىلاپ قويىمەن، بۇ سۆز ھېچقاچان ئىنىمنىڭ قۇلىقىغا يەتمەيدۇ.

ئارىدىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي، بۇخارالىق تېۋىپ پالانچىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن يىلاننى تىرىك پېتى چۈشۈرۈپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقالدى. بۇ سۆز مەلىكە سەيىدەنىڭ قۇلىقىغىمۇ بېرىپ يەتتى.

* * *

رەي، ھەمەدان، ئىسپاھان ۋە كوھىستانىنىڭ ھۆكۈمدارى پەخرۇد داۋلە 21 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن تەختى ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن ئوغلى مەجدۇد داۋلەگە قالدى. دۆلەت ئىشلىرىنى ئۇنىڭ ئانىسى سەيىدە باشقۇرۇشقا باشلىدى. پۇقراغۇ ئۇنىڭدىن رازى، ئەمەلدار، ئاكابىرلارمۇ خۇشال ئىدى. نۇرغۇن مەملىكەتلەرنى بېسىۋالغان سۇلتان مەھمۇد كۆڭلەردىن بىركۈنى سەيىدەنىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچىسىنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ، خىراج تۆلەپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى. سەيىدە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە مۇنداق دېدى: "ئېرىم ھايات ۋاقتىدا مەھمۇد غەزنەۋىي كېلىپ يۇرتىمىزنى بېسىۋالمىسا ئىدى، دەپ قورقاتتىم، ئەمدى قورقمايمەن، يا ئۇ يېڭىدۇ، يا مەن، مەن غالىب كەلسەم، پۈتۈن دۇنيا: بۇرۇن يۈز پادىشاھنى يەڭگەن مەھمۇد خوتۇن كىشىدىن يېڭىلىپتۇ، دەيدۇ. ئەگەر ئۇ غالىب كەلسە، شۇنداق ئۇلۇغ پادىشاھ خوتۇن كىشىنى يېڭىپ، تەسلىمنامە يازدۇرۇپتۇ، دەپ تەنە قىلغاي، بۇ سۇلتان ئۈچۈن شان-شەرەپ ئەمەس، شۇ سەۋەبتىن ھۆكۈمدارىڭىز مەن بىلەن ئۇرۇشمايدۇ!"

بۇ جاۋاب مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ غۇرۇرىغا تەگدى ۋە سەيىدە ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئېلىگە ھۇجۇم قىلمىدى. سەيىدە مەملىكەتنى خاتىرجەم ئىدارە قىلىۋەردى. بىراق باشقا بىر تەشۋىش ئۇنى كىمىرىشكە باشلىغانىدى: ئوغلى مەجدۇد داۋلە بالاغەت يېشىغا يەتكەندىن كېيىنمۇ ئەقلى-ھوشىنى يىغۋالالمىدى. بويى ئۆسۈپ قالغان بولسىمۇ ئۇنىڭ بالىلىقى قالمىدى.

شاھزادە تاماقىنى تاللاپ يەيتتى، دائىم كېنىزەكلەر بىلەن

قوغلىشىپ ئوينايتتى، دۆلەت ئىشلىرىغا قىزىقمايتتى. ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن كېيىن ئويۇن ـ كۈلكە، تەييارتاپ ھايات، شاھانە مەئىشەت كۆڭلىگە تېگىشكە باشلىدى. سازەندە ـ پازەندىلەرنىڭ ئىشلىرى ئاڭا ياقمايتتى، خۇش روي رەققاسلار ئويۇنىغا چۈشۈپ ئۇنى بەزلىيەلمەيتتى. مەجدۇد داۋلە يالغۇز ئۆزى ساراي بېغىنى ئايلىنىدىغان، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالدى ئانىسى: "بالام، نېمىشقا مۇنداق قىلىسەن، ئولتۇرۇپ دەم ئالساڭچۇ" دېسە، ئۇ: "ئولتۇرغاندىن ياتقان ياخشى، ياتقاندىن ئۆلگەن ياخشى، راستىنى ئېيتقاندا ھاياتتىن ئۆلۈم ياخشى" دەيتتى. چاقىرىلغان تېۋىپلار، شاھزادە مالىخۇلىيا كېسىلىگە دۇچار بوپتۇ، دەپ ئۇنى تۈرلۈك ـ تۈمەن دورىلار بىلەن داۋالاشقا باشلىدى. بىراق ھېچقانداق دورا ـ دەرمەك ئۇنىڭغا كار قىلمىدى.

سەيىدە ئىبنى سىنانىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇ ئىستىقامەت قىلىۋاتقان جايغا ئالاھىدە ئادەم ئەۋەتتى. شاھزادىنىڭ كېسىلىدىن خەۋەردار بولغان ئۇلۇغ ھەكىم سارايدىن تەكلىپنامە كېلىشىنى كۈتەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئىككىلەنمەي چىرايلىق ياسانغان ياش مۇلازىمىنى قىزغىن قارشى ئالدى؛ ئۈستىگە بۇخاراچە توننى، بېشىغا كۆك سەللىسىنى ئوراپ، ئاتقا مىندى ۋە ئالدىغا چۈشۈپ تېز ـ تېز مېڭىپ كېتىۋاتقان چاقىرىپ كەلگەن كىشى كەينىدىن ئېتىنى ھەيدەپ كېلىۋەردى. تاغ ئېتىكىدىكى سارايىنىڭ نەقىشلەنگەن چوڭ دەرۋازىسىدىن كىمخاب ۋە ئېسىل رەختتىن تون كىيگەن مۇلازىم، ئەمەلدار ۋە ئاكابىرلار گىدىيىپ كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى. ئۇلۇغ ھەكىم دەرۋازا ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتىنى پاسىبانغا بەردى. شۇ چاغدا ئېسىل كىيىملىك بىر ئەمەلدار تەزىم قىلىپ،

ئۇنى ئىچكىرىگە باشلىدى.

سالامخانىدا پەل سۆگىكىدىن ئىشلەنگەن ھەيۋەتلىك تەختتە قىممەت باھا لىباسقا دۇرۇگۆھەر قادىغان مەلىكە سالاپەت بىلەن كۈتەتتى. ئۇ يەتتە قەدەم بېرىدە توختاپ، تەزىم قىلغان ئىبنى سىناغا كۈلۈمسىرەپ:

— خۇش كېلىپسىز، سالامەت كېلىپسىز، سىزدەك ئۇلۇغ ھەكىمنىڭ پايىتەختىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىدىن چەكسىز خۇشالمەن! — دېدى. ھەر خىل سۆزلەردىن كېيىن ئۇ ئۆز دەردىنى ئىزھار قىلىشقا باشلىدى. — بىزنى بۇ غەمدىن قۇتۇلدۇرۇڭ، ئۆزىڭىزمۇ مەرھەمىتىمىزدىن بەھرىمەن بولغايسىز.

60 قا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، ھۆسنىنى ئانچە يوقاتمىغان، قۇلاقلىرى ۋە بويىنىنى كەشمىر ياغلىقى بىلەن ئورىۋالغان يوغان گەۋدىلىك مەلىكىگە قاراپ:

— ئېھ، سائادەتلىك مەلىكەيى زامان! — دېدى قولىنى كۆكسىگە قويغان ئىبنى سىنا، — ئۇمىدسىزلەنمەڭ. دەرد بار يەردە داۋامۇ بار. تەييارلىق قىلىمىز، ئىنشائاللا، شاھزادە شىپا تېپىپ چىرىغىڭىز ئاۋۋالقىدىنمۇ روشەنراق يېنىشقا باشلار...

قوبۇل مۇراسىمى تۈگىگەندىن كېيىن تېۋىپ ئاغرىقنى كۆرۈش تەلىپىنى بىلدۈردى. مەجىدۇد داۋلە بۇرۇت قويغان، ئۇزۇن دارا، ئورۇق، پېشانىسى تۈرۈلگەن، جىمغۇر يىگىت ئىدى. ئۇ شىپاگەر بىلەن خالار-خالىماس ھال سورىشىپ، سوئاللارغا غۇدراپ جاۋاب بەردى. ئىبنى سىنامۇ تەكەللۇپىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇنى ئورۇنغا ياتقۇزدى-دە، تومۇرىنى تۇتتى، كۆزلىرىگە ئاستا تىكىلىپ، تىلىنى چىقىرىشىنى ئېيتتى، قورسىقىغا ئالقىنىنى قويۇپ، ئورۇپ

كۆردى، كېيىن ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، قولىغا دورا بەردى، ئەتىگەن يېڭى سېغىلغان سۈت ئىچىپ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى.

بىراق، شاھزادە سۈت ئىچىشنىمۇ، دورا ئىستېمال قىلىشنىمۇ خالىمايتتى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىبنى سىنا مەلىكىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، شاھزادىنى دورا-دەرمەكلەر بىلەن ساقايتقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— سىزدەك ھەكىمى ماھىردىن بۇ سۆزنى كۈتمىگەنىدىم، ناھاتىكى بىرەر چارە تاپالمىسىڭىز؟ — دېدى مەلىكە قاپىقىنى تۈرۈپ، — بارغانسېرى نېرۋىسى قوزغىلىپ، سەۋدايى ئادەمگە ئوخشاپ كېتىۋاتىدۇ ئۇ. ئۆزىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋالارمىكىن، دەپ قورقىمەن.

— مالىخولىيا كېسىلىگە دۇچار بولغان كىشىنى داۋالاشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى بار، ئۇنىڭغا ئۆلۈمنىڭ دەھشەتلىك بەشىرىسىنى يىراق-تىن كۆرسىتىپ قويۇش كېرەك، شۇ چاغدىلا ئۇ ھايات گۈلشەنىنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ...

— ئەگەر مۇشۇ سۆزنى سىزدىن باشقا ئادەمدىن ئاڭلىسام، ساق قويمايتتىم! — دېدى سەيىدە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، — چاپسان ئېيتىڭ، قانداق ئۇسۇل قوللانماقچىسىز؟!

ئىبنى سىنا كېچىسى ئويلاپ تاپقان ئۇسۇلنى سۆزلەپ بەرگەندى، مەلىكىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ياق! — دەۋەتتى ئۇ. — ئەگەر قورقۇپ يۈرىكى قىنىدىن چىقىپ كەتسىچۇ؟ ئاقىۋىتىنى ئويلىدىڭىزمۇ؟!

— شاھزادە قورقۇنچاق يىگىت ئەمەس. ئاڭلىشىمچە، چېلىشقا چۈشۈپ، مۇشتلىشىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئەندىشە قىلماڭ، ئۇ

جانابىنىڭ بىر تۈكىگە دەخلى يەتسە، مەن جاۋابكار!

— ئەگەر باشقا ئامال تاپالمىغان بولسىڭىز قانداق قىلاي، — مەلىكە كۈلۈمسىرەپ قويىدى. — ئاخىر، بۇ بىر قىزىقچىلىقتۇ! سىز ھېچبىر تېۋىپنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان كۈلكىلىك ئۇسۇللارنى ئويلاپ تاپىدىكەنسىز. نېمە قىلسىڭىز ئىختىيارىڭىز، سىزگە ئىجازەت.

* * *

بىركۈنى كەچقۇرۇن مەجدۇد داۋلە ئادىتى بويىچە تاغ باغرىدىكى ساراي بېغىدا ئۆزى يالغۇز سەيلە قىلىپ، ھاياتنىڭ يىرگىنچلىك ئىكەنلىكى، بىباقىلىقى، ئۆلۈمنىڭ ئەبەدىيلىكى توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇ ئېگىزگە چىقىپ، يوپيۇرمىقى چوڭ - چوڭ، شاخلىرى يوغان ئەمەن دەرىخى ئالدىدا توختىدى، قايسىبىر شاخقا ئارغامچا باغلاپ، ئۆزەمنى ئاسسام ئىكەن، دەپ ئويلاۋاتقان چاغدا نەدىندۇ بىر ئادەم كەينىدىن كېلىپ قولىنى قايرىدى، ئۇنىڭ شېرىكى — ئاغزى باغلاقلىق پاكار يىگىت ئالدىدىن كېلىپ، شاھزادىنىڭ بوينىغا سىرتماق سالدى - دە، ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى تارتىشقا باشلىدى.

— چاپسان بول، ئۆلتۈرۈپ قولىدىكى گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈكىنى ئالغايمىز، بېلىدىكى ئالتۇن كەمەرنىمۇ... — دېدى غۇدۇراپ شېرىكى.

"دات" دەپ ياردەم چاقىرىشقا شاھزادىنىڭ ئىززەت - نەپسى يول قويمايتتى. ئۇ بىر كۈچىنىپ قولىنى چىقىرىۋالدى - دە، ئالدىغا تاشلىنىپ، ئارغامچا ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرغان يىگىتنى بىر تېپىپ يىقىتتى. بويىنىدىن سىرتماقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ شېرىكىگە تاشلاندى.

بىردەملىك ئېلىشىشتىن كېيىن بىرىنىڭ بۇرنى قانىغان، ئىككىنچىسىنىڭ قاپىقى ئىششىغان "قاراقچىلار" ئاران قېچىپ قۇتۇلدى.

مەجدۇد داۋلە ھاسىراپ، يىرتىلغان ئالا يىپەك تونىنى تۈزەش-تۈردى-دە، توپىسىنى قېقىپ، ئارغامچىغا قارىدى. قورقۇش ئارىلاش غەزەپتىن ئۇ دىر-دىر تىترەيتتى، ساقچىسىز، قورالسىز سىرتقا چىققىنىغا ئۆكۈنەتتى. ئورنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ، يۇيۇنۇۋالدى-دە، ئۆز خانىسىغا كىرىپ چاۋاك چالدى. ئىككى ئىگىلىپ تەزىم بىلەن كىرگەن مۇلازىمغا باشقىچە ئاۋاز بىلەن:

— شارابچىغا ئېيت. بىر پىيالە مەي كەلتۈرسۇن! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

ئىككى يۇتۇم شارابتىن كېيىن ھايات شاھزادىنىڭ كۆزىگە ھەسەن-ھۆسەن چەمبىرىكىدەك رەڭمۇرەڭ ۋە گۈزەل كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ئوغلىنىڭ سەرگۈزەشتىدىن خەۋەر تاپقان سەيىدە ئۇنىڭ كۆز-لىرىدە ھايات قۇياشى پارقىراپ، يۈزى يورۇغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن چەكسىز خۇشال بولدى. لېكىن ھېچ نەرسە بولمىغاندەك سىپايىلىكىنى قولدىن بەرمەي، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قاپىقى سېلىنغان ھالدا يۈرسۈۋەردى.

سەيىدەنىڭ ئوغلىنى داۋالاپ ئابروي قازانغان ئىبنى سىناغا ئىلمۇيەن ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت ئىشكلىرى كەڭ ئېچىلدى. دەردىگە شىپا تاپقان ئادەملەر ھەر قەدەمدە ئۇنىڭغا مىننەتدارچىلىق بىلدۈرەتتى، بۇ بولسا ئۇنىڭ كۆكسىگە كۈچ قوشاتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ كەمتەرلىكنى قولدىن بەرمەيتتى.

بىركۈنى ئەبۇ ئۇبەيد ئۇستازىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ئۇ ھەر كۈنكىدەك جوزا يېنىدا ئولتۇرۇپ بىرنېمىلەرنى يېزىۋاتقانىدى.

— ھە، جورجانى، ياخشى كەلدىڭىزمۇ! — دېدى ئىبنى سىنا سالامنى ئىلىك ئېلىپ، ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ. — ھازىر مەن سىزنى ئويلاپ تۇرغانىدىم. ئىنىم مەھمۇدقا مەكتۇپ يېزىۋاتىمەن. ئۆزىڭىزگە مەلۇم، دۇنياۋى ئىلىمۇپەن بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىملار، جۇملىدىن بىزنىڭ قېرىنداش-تۇغقانلار، تونۇش-بىلىشلەر بۇخارادىن كېتىپ قالغان. ئىنىم ئانا شەھىرىدە مۇساپىرغا ئوخشاپ قالغان بولسا كېرەك. نېمە قىلدۇ ئۇ يەردە بويىنىنى قىسىپ يۈرۈپ! بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزغا كەلسۇن، راھەت كۆرسۇن!

— راست ئېيتىسىز، سىزدەك ئاكىسى تۇرغان شەھەرگە ئېلىپ راھەت كۆرسۇن. خەتنى يېزىپ بولۇپ ماڭا بېرىڭ، ئەتە بۇخاراغا ماڭىدىغان تونۇش بىر سودىگەردىن ئەۋەتىۋېتىمەن.

— خۇددى كۆڭۈلدىكى گەپنى قىلدىڭىز، نىيىتىمىز بىر يەردىن چىقتى. مەن ھازىر...تاماملاپ، تۇمار قىلىپ ئورايمەن-دە، قولىڭىزغا تۇتقۇزىمەن.

جورجانى ئۇستازىنىڭ بىر يولى ئىككى ئىشنى قىلغىنىغا — سۆزلىشىپ تۇرۇپ خەت يېزىۋاتقىنىغا تەئەججۇپ بىلەن قاراپ قالدى. كېيىن مەكتۇپنى ئېلىپ، خۇشال ھالدا كوچىغا چىقىپ كەتتى.

* * *

— بۇخارادىن چىقىپ كەتكەنلىكىم ئۇچۇن مىڭ قەتلە شۈكۈر، — دېدى مەھمۇد ئاكىسىغا كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ. — ئانا يۇرتىمىز بىدئەت تورىغا ئىلىنىپ قالدى. ھەر قەدەمدە موللىلار مېنىڭ ئىسمائىلىيە مەزھىبىدە ئىكەنلىكىمنى يۈزۈمگە سىلىپ: "ئاكاڭ كاپىر، سەن شىئە، ھارام ئادەمسەن!" دەپ ھەيۋە قىلاتتى. روھىمدا ئاداۋەت ئۇرۇقلىرى يىلتىز تارتىپ كېلىۋاتقاندا غەزىپىمنى

يۈتۈپ بۇخارادىن چىقىپ كەتتىم. بۇ يەرگە كېلىپ ئەركىنلىكنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلغۇاتىمەن.

داستىخانغا پاتىھە ئوقۇلۇپ، مېھمانلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاكا ـ ئۇكا ھەسرەتلىنىپ ئولتۇرۇشتى.

— نەدە بولساڭمۇ تىلىڭنى تارتىپ يۈر، ھەممە ئادەم بىلەن ئەپ ياشىغىلى بولمايدۇ، — دېدى ئىبنى سىنا ئۇكىسىغا تىكىلىپ، — بۇ يەردىمۇ شەھەر ئاھالىسى، ئەمەلدارلار سۈننىي ـ شافىي مەزھىبىدە، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى شىئە مەزھىبىدە بولغانلارغا نەپرەت بىلەن قارايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بار ـ يوقىنى تارتىپ ئېلىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.

— مەندىن ئەنسىرىمەڭ، ئاكا، ئاچچىق ـ چۈچۈكنى تېتىپ، كۆزۈم ئېچىلىپ قالدى. شافىيلەرنىڭ بىرەھىم ئىكەنلىكى ماڭا ئېنىق. تەقدىرگە تەن بېرىپ، ھايات سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىشكە ئۆگىنىپ قالغانمەن.

مەھمۇد سۆزمەن بولسىمۇ، ئىلىم ـ پەننىڭ ھېچبىر ساھەسىدە چوڭقۇر مەلۇماتى يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئىبنى سىنا ئىنىسىنى ياخشى كۆرەتتى، ھازىر ئۇنىڭ يىللىق نەپەسى يۈرىكىگە توپلانغان غەم ـ قايغۇلارنى ئۇچۇرۇۋەتكەندەك بولماقتا ئىدى.

## ھەمەدان سەپىرى

### 1

رەي شەھىرى تاغ يانباغرىغا جايلاشقان، ئىقلىمى مۆتىدىل.

گـۈزەل شەھەر، لېكــن بەزەن شامال شــمال تەرەپــتىن چــىققاندا رىماۋەند چوققىســىدىن چىقىــپ تۇرغان ئىــس شەھەرگە تارقىلىــپ، ھاۋانى بۇزۇپ، ھەممىنى بىئارام قىلاتتى. خـۇددى شۇنىڭدەك مەھـ مۇد غەزنىۋىي ھۆكۈم سۈرگەن سەلـتەنەت سەھراسـىدىن باشلانغان سوغۇق شامال چوڭ ـ كىچىكنى دەككە ـ دۈككىگە سېلىپ قويىدى.

بىركۈنى ئەبۇ ئەلى ئۆز ئۆيىدە جوزا يېنىدا ئىشلەپ ئولتۇرغان چاغدا ساراي خىزمەتچىسى كېلىپ تەزىم قىلدى ـ دە:

ــ مەلىـكەيــى ئالىشان ســىزنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرىۋاتىدۇ، ــ دېدى.

"نېــمە ھادىســە يۈز بەرىدىكــىن؟ نېمىشــقا كۈتمىگەنــدە ئۇنىڭغا كېرەك بولۇپ قالدىم؟" دەپ ئويلىدى ئالــىم ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ. دەرھال قىممەت باھالىق يول ـ يول يىــپەك چاپىنىنى كىيىپ، بېشىغا كۆك سەللىســىنى ئورــىدى ـ دە، كوچــىغا چىقــتى. ئىشىــك ئالدىدا مەلىكىنىڭ ئەۋەتــكەن ئادىمــى ئەرەبــى ئاتــنى توغــرىســىغا قىلــىپ تۇراتتى.

ــ خىزمەتـلىرىگە تەيــيارمەن، ئەي مەلىكەيــى زامان! ــ دېدى ئەبۇ ئەلى سالامخانىغا كىرىپ، تەزىــم ـ تەۋەززۇ قائىدىلىرىنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن.

سەيىدە ســۆزنى سوزۇپ ئولتۇرماي دەرھــال مەقسەتكە كۆچتى. سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋىي ۋەكىــل ئەۋەتــىپ، ئۇنىڭدىن ئۆز نامىغا خۇتبــە ئوقۇتۇشــنى، باج ـ خىراج تــۆلەپ تۇرۇشــنى يەنە تەلەپ قىلىۋاتقىنىنى بايان قىلىپ:

ــ زالىمــنىڭ قولــىغا چۈشمەسلىــك ئۈچۈن چاپــسان بىر يەرگە بېرىپ باشپاناھ تاپقىنىڭىز ياخشى، ــ دېــدى. ــ جانابىڭىزدىن كۆپ

ياخشىلىقلار كۆردۈم. شۇ سەۋەبتىن سىزنى ئىزدىتىپ يۈرگەن سۇلتان قولىغا چۈشۈشىڭىزنى خالىمايمەن. دەرھال راسلىنىپ، ھەمەدانغا قاراپ يولغا چىقىڭ، مەن ئۇ دىيارنىڭ ھۆكۈمدارى ـ قېيىن ئىنىم شەمسۇد داۋلەگە خەت يېزىپ بېرەي. ئەمىنمەنكى، سىزنى ئۇ جان ـ دىل بىلەن قوبۇل قىلىپ ئالغاي.

## 2

تاڭ سەھەردە ئەبۇ ئەلى، ئۇنىڭ ئىنىسى ۋە شاگىرتى يۈك-لىرىنى ئات ـ ئېشەكلەرگە ئارتىپ يولغا چىقتى. رەي بىلەن ھەمەدان ئارىلىقى تاغلىق، داۋانلار ئانچە ئېگىز ئەمەس، قىش ۋە باش باھار چاغلىرىدىلا يوللار خەتەرلىك بولۇپ، قار كۆچكەندە يولۇچىلارنى بېسىپ ئالىدۇ. لېكىن ياز ۋاقتىدا ئات ۋە ئېشەكلەر ئۈستىدىكى يۈكلەر بىلەن بۇ داۋانلاردىن قىينالماي ئۆتتۈۋېرىدۇ.

يولۇچىلار ئۈچ كۈندىن كېيىن قوشكەك داۋىنى ئاستىغا بېرىپ يەتتى، ئات ـ ئېشەكلەر ئۈستىدىن يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ، ئۇلاغلارنى ئوتلاققا قويۇۋېتىشتى ـ دە، شارقىراپ ئېقىۋاتقان ساي بويىغا، سالقىن ئەمەن دەرىخى ئاستىغا ئورۇن راسلاشتى. بىردەم ئولتۇرۇپ، دەم ئالغاندىن كېيىن ئەبۇ ئۇبەيد قازان ئېسىش ئۈچۈن ئورمانغا ئوتۇن تەرگىلى كەتتى. ئارىدىن ئون ـ ئونبەش دەقىقە ئۆتمەي، بىر قۇچاق شاخ ـ شۇمبا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقىنىدا ئۆمرىدە ئۇچرىمىغان بىرنەرسىنى كۆرگەن كىشىدەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، تۇرغان يېرىدە قېتىپ قالدى. 35 ياشقا قەدەم قويغان، ئىلىم ـ مەرىپەت چوققىسىنى ئىگەللىگەن ئابرويلۇق ئۇستازى خۇددى ياش بالىدەك

www.uyghurkitap.com

ئۆز سايىسى بىلەن ئېلىشۋاتقانىدى. ئۇ كەينىنى ئاپتاپقا ئۆرۈپ، بويى ئۆزى بىلەن تەڭ سايىسىغا تاشلىناتتى، ئوڭ قولى بىلەن ئۇنىڭ بويىندىن بوغۇۋېلىشقا ئۇرۇناتتى. لېكىن قولى سايىسىنىڭ بويىنغا ئەمەس، بېلىگە بېرىپ چۈشەتتى. كېيىن قامىتىنى رۇسلاپ، سول قولى بىلەن شۇ ھەرىكەتنى تەكرارلايتتى، بەش-ئالتە قېتىم ئۇرۇنۇپ، نەپەسنى باستى-دە، سۇ بويىدىكى تېرەكنى گاھ ئوڭ پۇتى بىلەن، گاھ سول پۇتى بىلەن تەپكىلى تۇردى. كېيىن لاتىغا ئورالغان ئىككى جۇۋالدۇرۇزنى يەردىن ئېلىپ، ئىككىسىنى تېرەككە سانجىدى ۋە چاققانلىق بىلەن ئوڭ تەرىپىدىكىنى سول قولى بىلەن، سول تەرىپىدىكىنى ئوڭ قولى بىلەن سۇغۇرۇپ ئالدى. شۇ تەقلىدتە جۇۋالدۇرۇزنىڭ جايىنى تېز-تېز ئالماشتۇرۇپ تۇردى، بۇ مەشق-لەردىن كېيىن چوڭقۇر-چوڭقۇر نەپەس ئالدى-دە، ئىككى ئايىغىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ ئالغا بىر قەدەم، ئارقىغا بىر قەدەم تاشلاپ سەكرەشكە باشلىدى.

”ئېھ، تەنتەربىيە! تېز-تېز مېڭىش، نەيزە ئېتىش، چېلىشىش، مۇشت ئېتىشتەك مەشقلەر توغرىسىدا ماڭا سۆزلىگەنىدى، — دەپ ئويلىدى ئەبۇ ئۇبەيد، — لېكىن سايە بىلەن ئېلىشىش، جۇۋال-دۇرۇز سانجىش توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىغانىدىغۇ! بۇ يېڭى مەشق تۈرلىرىنى كېيىن ئويلاپ تاپقان بولسا كېرەك. مۇبادا مۇتەئەسسىپ موللىلاردىن بىرى تېرەكنى تېپىپ، ئۇنىڭغا جۇۋالدۇرۇز سانجىۋات-قانلىقىنى كۆرسە، بۇ شەيتاننىڭ ئىشى، تىبىبىي ماھىرنىڭ ئۆزى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئويلىشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن، ئۇستازىم تەنتەربىيە بىلەن يوشۇرۇنچە شۇغۇللىنىدىغان بولۇشى مۇمكىن.“

ئەبۇ ئەلى بولسا نەپىسنى بىسىپ ئەمەن دەرىخى ئاستىدىن شارقىراپ ئېقىۋاتقان سايدا يۇيۇنۇشقا باشلىدى، ئەبۇ ئۇبەيد قۇچىقىدىكى ئوتۇننى يەرگە قويۇپ، تاشلاردىن ئوچاق ياسىدى ـ دە، ئۈستىگە قازان ئورناتتى.

مەھمۇد بولسا شەمشاد، قېيىن، چىنار دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان، ئوتتۇرىسىدىن ساي ئېقىپ ئۆتكەن ۋادىنىڭ گۈزەللىكىگە مەھلىيا بولۇپ، ئوتۇن تېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. ھاۋا مۆئەتتەر، ئاپتاپ نۇرىدا تاۋلىنىۋاتقان رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئۈستىدە كېپىنەكلەر ئايلىنىپ يۈرەتتى، تاغ ھەسەل ھەرىلىرى ئۈلارنىڭ ھەسلىنى شورار ئىدى، دەرەخلەر بولسا بىر ـ بىرلىرى بىلەن پىچىرلىشىۋاتقاندەك ئاستا باش لىڭشىتىپ قويۇشاتتى.

يىراقتا تىزغا كېلىدىغان ئوت ئىچىدە تۇرغان كېيىك ئەتراپىنى تاماشا قىلىۋاتقان ئادەمگە گۇمان بىلەن بىر قاراپ، چاتقاللار ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى. ”قولۇمدا ئوقيا بولغاندىمۇ ئاتمايتتىم بۇ گۈزەل جانىۋارنى، ـــ دەپ ئويلىدى مەھمۇد، كېيىك غالىب بولغان تەرەپتىن كۆز ئۈزمەي. ـــ ئۆزىنىڭ قىسقا ئۆمرىنى شۇ خۇش مەنزىرە ۋادىدا تىنچ ئۆتكۈزسۇن، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولمىسۇن.“

ئۇ ئازراق ئوتۇن تېرىپ ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا كەلگەندە قازاندا شورپا پورۇقلاپ قاينىماقتا ئىدى.

## 3

ھەمەدان رەيدىن كىچىكرەك شەھەر بولسىمۇ، كارۋان سارايلىرى تولا، سودا ـ سېتىق ۋە ھۈنەرۋەنلىك تەرەققىي قىلغان شەھەر. ئۇ

ئېگىز سېپىل بىلەن قورشالغان بولۇپ، ئىچىگە تۆت تۆمۈر دەرۋازىدىن كىرگىلى بولاتتى.

ئىبنى سىنا ھەمراھلىرى بىلەن شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان مۇراد بېكجاي قىرغىقىدىكى چوڭ كارۋان سارايغا چۈشتى، ئۇلاغلىرىنى ئات باققۇچىلارغا تاپشۇرۇپ، يۈكلىرىنى ئۆيلىرىگە جايلاشتۇرغاندىن كېيىن سايغا چۈشۈپ، يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇشتى.

— ھاۋالىق، سالقىن شەھەر ئىكەن. ساراتان مەزگىلىدىمۇ ئادەم تەرلىمەيدۇ! — دېدى ئەبۇ ئۇبەيد پوتىسى بىلەن قارا، يۇمىلاق يۈزىنى ئېرتىۋېتىپ.

— ھە، — دېدى ئۇستاز پوتىسىنى باغلاپ تۇرۇپ. — رەيىگە قارىغاندا بۇ شەھەر خېلى ئېگىزگە جايلاشقان، تۆت ئەتراپى تاغ، ئىقلىمى مۆتىدىل.

— شەمسۇد داۋلە دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىلىملەردىن خەۋەردار، ئۆزىنى مەرىپەت ھامىيسى دەپ بىلگەن ھۆكۈمدار ئىكەن. ئىلاھىم، بۇ يەردە ئامىتىمىز ئوڭدىن كەلسۇن.

— بەخت-سائادەتنىڭمۇ ۋاقتى-سائىتى بار. غەيرەت قىلغان كىشى بىر كۈن بولمىسا بىر كۈن مەقسىتىگە يەتكەي.

— ئامىن! — دېيىشتى ئەبۇ ئۇبەيد بىلەن مەھمۇد.

شەمسۇد داۋلە ياش ۋاقتىدا خۇسۇسىي مۇئەللىملەردىن ئەرەب تىلىنى ياخشى ئۆگىنىۋالغان، ئالمى ھېكمەتتىن خەۋەردار، غەيرەتلىك ھۆكۈمدار ئىدى. لېكىن ئىززەت-نەپسى ھەددىدىن تاشقىرى كۆچلۈك بولغىنى ئۈچۈن ئازراق قاتتىق سۆزنى كۆتۈرەلمەيدىغان، نېرۋىلىقى نەتىجىسىدە مەيدە كېسىلىگە يولۇقۇپ، ئاخىرى ھەزىم قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. تېۋىپلار ئۇنى ساقايتالماي بېشى

www.uyghurkitap.com

قېتىپ قالغان چاغدا ئىبنى سىنادەك تىببىي ماھىرنىڭ ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىشىنى ياخشىلىق ئالامىتى دەپ قاراشتى.

ساراي ۋەزىرى ئەبۇ ئەلىنى سالامخانىغا باشلاپ ئېلىپ كىرىشتىن ئاۋۋال قوبۇل تەرتىپى بىلەن تونۇشتۇرۇپ:

— پۇقرا زاتى ئالىيلىرى ھۇزۇرىغا كىرگەندە يەتتە قەدەم بىرىندە توختاپ، يەر سۆيىدۇ، ئەمما ئالىي مەرتىۋىلىك ئەمەلدارلار، ئالىملار يەرگە باش قويۇشتىن ئازاد قىلىنغان، — دېدى.

"ئىراننىڭ بىر پارچە يېرىدە ھۆكۈمران بولغان زات ئۆزىنى سامانىلاردەك ئۇلۇغ تۇتىدىكەن" دەپ ئويلىدى ئىبنى سىنا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ۋە سالامخانىغا تېز كىرىپ تەزىم قىلدى. قىممەت باھا جەۋاھىرلار بىلەن بېزەلگەن تەخت ئۈستىدە قاتىراڭغۇ كەلگەن، چىرايى بىرئاز تارتىلغان زەر چاپانلىق ھۆكۈمدار سالماق ئولتۇراتتى، ئۆيىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كىمخاب، شايى، ئەتلەس تونلار كىيىپ، بەللىرىگە ئالتۇن، كۈمۈش كەمەر باغلىغان ئەمەلدارلار قول باغلىشىپ تۇراتتى.

شەمسۇد داۋلە بۇخارا ئالا رەختىدىن تون كىيگەن، ئېگىز بۇرۇن ئەبۇ ئەلىگە بىر تىكىلىپ، ئۇنىڭ سالامىنى ئىلىك ئالدى-دە، ئۇنى ئۆز پايتەختىدە كۆرگەنلىكىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بەش-ئالتە دەقىقىلىك تەنتەنىلىك قوبۇل مۇراسىمى تۈگىگەندىن كېيىن تېۋىپنى ئۆز خاس ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى.

ئەبۇ ئەلى تەكەللۇپسىزلا ھۆكۈمدارنى ئاددىي ئاغرىقتەك ئورۇنغا ياتقۇزۇپ، تومۇرىنى تۇتۇپ، باش چايقىدى، كېيىن قورسىقىغا قولىنى قويۇپ ئۈستىدىن ئۇرۇپ كۆردى-دە، ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

— ئەڭ ئاۋۋال ئەزايى بەدىنىڭىز چىقىندىلىرىنى تەھلىل قىلىپ، كېسىلىڭىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كېيىن ئېيتىمەن، — دېدى.

ئەتىسى ئۇ شەمسۇد داۋلەنىڭ قولونج دېگەن كېسەلگە مۇپتىلا بولغىنىنى ئېيتىپ، شاراب ئىچىش ۋە لازا بىلەن قورۇلغان گۆش يېيىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇردى ۋە تۈرلۈك گىياھلارنىڭ ئۇرۇقىدىن تەييارلانغان بىر شېشە دورا ئېلىپ كەلگىنىنى مەلۇم قىلدى.

# 4

كۈندىن - كۈنگە ساقىيىپ، تېتىكلىشىپ كېتىۋاتقان ھۆكۈمدار بوش ۋاقىتلىرىدا ئەللاما بىلەن تۈرلۈك ماۋزۇلاردا سۆھبەتلىشىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە، چوڭقۇر مەلۇمات ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيران قالاتتى.

بىركۈنى ئۇ سۆزنى ئايلاندۇرۇپ، دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى توغرىسىدا سوئال بەردى.

— ھەرقانداق ئادەم ۋەزىر ياكى ھاكىم بولۇۋەرمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئىبنى سىنا. — ھۆكۈمەت ئەربابلىرى ساغلام، راستچىل، سۆزمەن، ئىرادىلىك بولۇشى كېرەك، يالغانچى، ئالدامچى، دۇنيا يىغىش غېمىدا يۈرگەن پارىخور ئەمەلدارلارنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىپ، بايلىق توپلاشقا نەپرەت بىلەن قارىغۇچى ئادەملەرنى تېپىپ قويۇش كېرەك.

كېيىن ئۇ يېزا ئاھالىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش، شەھەرلەردە ھۈنەرۋەنلىك، سودا - سېتىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسى-

دىكى پىكىرلىرىنى بايان قىلدى.
شەمسۇد داۋلە مالىيە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، مۇستەۋى
ھېسابچىلارنىڭ ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇش پارىخورئەمەلدار-
لارنى ئىشتىن بوشىتىپ، ئورۇنلىرىغا ھالال ئادەملەرنى قويۇش
توغرىسىدا ئويلايتتى. ئۇزۇن مۇلاھىزىلەردىن كېيىن ئۇ ئىبنى سىنا-
دەك ئىلمى ھېسابىنى ياخشى بىلىدىغان، ھالال، بايلىق توپلاش
نىيىتىدە بولمىغان شەخسنى خوجايىن بۈزرۈك — ۋەزىر قىلىۋېلىشقا
ئەھد قىلدى.
ئەبۇ ئەلىمۇ مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى غايىلىرىنى
ئەمەلدە تەتبىق قىلماقچى ئىدى، شۇ سەۋەبتىن شەمسۇد داۋلەنىڭ
تەلىپىنى دەرھال قوبۇل قىلدى.

* * *

سىپاھسالار تاجۇلمۇلك شەھەر سىرتىدىكى بېغىغا ئەڭ يېقىن
دوستلىرى، مۇئاۋىنلىرىنى، شەيخۇلئىسلام ۋەھاكازالارنى تەكلىپ
قىلغانىدى. قويۇق - سۇيۇق تاماقتىن كېيىن داستىخانىغا پاتىھە ئوقۇل-
غاندىن كېيىن يۈزىنى ساقال باسقان، ئات يۈزلۈك ساھىبخان سول
كۆزىنى قىسىپ مېھمانلارغا مۇنداق دېدى:
— قاچانغىچە چىداپ تۇرىمىز يېڭى ۋەزىرنىڭ زۇلۇم ۋە تەئەد-
دىلىرىگە! ئالىي تەبىقە ئەمەلدارلارنى، بىزنىڭ يار - بۇرادەرلىرى-
مىزنى خىزمەتتىن ھەيدەپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا نەسلى پەس ئادەم-
لەر، ئۆمرى كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكەن ئالىملارنى قويماقتا،
ئۈچ ئايدىن بېرى ئەسكەرلەر مائاش ئالالمىدى، خەزىنىدىكى پۇل
ئۆستەڭ ۋە كارىز قېزىش، كۆۋرۈك سېلىشقا خەجلىنىۋاتىدۇ. سارايدا
بىزنىڭ سۆزىمىز ئاقماي قالدى. زاتى ئالىينى ئۇ بۇخارالىق جادۇ-

گەرنىڭ سېھرلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش كېرەك...

ئۇنىڭ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سۆزىگە تاقەتسىزلىك بىلەن قۇلاق سېلىۋاتقان شەيخۇلئىسلام ئاق ئارىلغان ساقىلىنى چىمداپ:

ــ ئەبۇ ئەلىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى شەرئەتكىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس، ــ دېدى. ــ ئۇ شىئە مەزھىپىدىكى يېزا ئەھلىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، يەر ئىگىلىرىنىڭ دارامەت مەنبەلىرىنى قۇرۇتماقتا... ئاڭلىشىمىزچە، ئەبۇ ئەلىنىڭ ئاتىسى شىئە ۋە قارماتىلارغا يېقىن بولغان ئىسمائىللار مەزھىپىدىن ئىكەن.

ــ مانا، كۆردىڭىزمۇ؟! ــ دەپ كۆزلىرىنى ئويناتتى مۇپتى، ــ بەس، شۇنداق بولىدىكەن، ئۇنى خىزمەتتىن ھەيدەشنى زاتى ئالىيدىن تەلەپ قىلىش كېرەك...

شۇ مەجلىستە ئولتۇرغان ياشراق بىر زاھىت ــ شەھەرنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن بىرى ــ ئەبۇ سەيىدنىڭ جىيەنى ئەبۇ ئەلىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنى پالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. بىرنەچچە ئاي ئاۋۋال بۇ زاھىتنىڭ ئاتىسى كېسەل بولۇپ قالغاندا تىببىي ماھىر ئۇنى داۋالاپ، جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدى.

## 5

ئەتىگەنكى چاي ۋاقتىدا شەمسۇد داۋلە مۇلازىملىرىغا قاراپ:

ــ ئەبۇ ئەلى ھەر كۈنى بىز بىلەن ناشتا قىلاتتى. بېمىشقىدۇ شۇ ۋاقىتچە خەۋىرى يوق، ــ دېدى ـ دە، بىر مۇلازىمغا قاراپ ئەمىر قىلدى:

www.uyghurkitap.com

— خەۋەرچى ئەۋەت، تېۋىپىمىزنى دەرھال چاقىرىپ كەلسۇن.

ئالچىپار شايى تون كىيگەن كۆك سەللىلىك مۇلازىم باش ئېگىپ كوچىغا چىقىپ كەتتىيۇ بىردەمدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ:

— شەھەرنى سانىسىزلىغان ئەسكەرلەر قورشىۋاپتۇ. ھېچكىمنى كىرگۈزمەيۋاتىدۇ، — دېدى.

— يالغان، — دېدى چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ھۆكۈمدار مۇلازىمىغا قاراپ.

— راست! — دېدى گۈس-گۈس قەدەم تاشلاپ كىرگەن سىپاھسالار، — مۇلازىملىرى مىر ئاتاۋۇللا يالغان ئېيتمىدى. پۈتۈن لەشكەر ۋە سىپاھلار ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرۈپ، ھۇزۇرلىرىغا كەلدى. جانابلىرىنى ساختا يولغا باشلىغان ۋەزىر ئەبۇ ئەلىنى خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىپ، جازاسىنى بېرىشنى تەلەپ قىلىمىز.

تۆردە زەرباب كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرغان شەمسۇد داۋلە تاتىرىپ:

— ھەي، مۇناپىق! — دەپ تولۇلدى، — سەن بىزنىڭ مەرھەمەتىمىزگە ئىگە بولدۇڭ، نېمەتلىرىمىزنى يېدىڭ، ئىلتىپاتىمىز سايىسىدە ھېسابسىز دۇنيا ۋە مال-مۈلۈك توپلىدىڭ. ئەمدى ئىتائەت يىپىنى ئۈزۈپ، يۈزىمىزگە دەسسىمەكچىمۇسەن؟

— ئەي، زاتى ئالىي! — دېدى تاجۇلمۇلك قول باغلاپ تۇرۇپ، — مەن جانابلىرىنىڭ سادىق قۇلىمەن، ساداقەت يىپىنى ئۈزگىنىم يوق. بىز ھاجەيى بۇزرۇك لاۋازىمىنى ئىگەللىگەن ھىيلىگەر ئەبۇ ئەلىگە قارشى قورال كۆتۈردۇق. ئۇنىڭ تەئەددىسى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، بىز جېنىمىزدىن تويۇپ، ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇق. ئۇ سېپەھىرگەرنى بىزنىڭ قولىمىزغا تاپشۇرسىلا،

جازاسنى بېرەيلى...

چايدا ئولتۇرغانلار خۇددى تىل بىرلەشتۈرگەندەك سىپاھسالارنىڭ سۆزلىرىنى ماقۇللاپ، ئىبنى سىنانى دەرھال خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى، ھەممە ئاكابىر ۋە ئەمەلدارلار، ئەسكەر باشلىقلىرىنىڭ بىر ياقىدىن باش چىقارغانلىقىنى كۆرۈپ ھۆكۈمدار شوتىدىن چۈشتى. ئۇ چوڭقۇر مۇلاھىزىگە پاتقان كىشىدەك سول قولى بىلەن تۇرۇلگەن پېشانىسىنى تۇتۇپ ئويغا پاتتى. ئەتراپىنى ئوراپ ئالغان ئىسيانچىلار ئۇنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىدەك يۈزىگە قاراپ، قانداق ھۆكۈم چىقىرىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

"ھازىرچە ئىسيان تۈغىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن بۇ باشباشتاقلارنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولۇشتىن باشقا چارە يوق. كېيىن ئارىلىرىغا نىزا سېلىپ، يەنە ئۇلارنى نوختىلاپ ئالارمەن" دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە يېنىدىكى كاتىپىغا يۈزلىنىپ:

— ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانى ھاجەيى بۈزرۈكلۈك مەنسۇپىدىن بوشىتىپ، ئورنىغا ئەبۇ جاپپار مۇھەممەدنى بەلگىلىگىنىمىز توغرىسىدا پەرمانى ئالىي ھازىرلاڭ! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

ئەمەلدارلار يېنىك نەپەس ئېلىپ، بىر-بىرىگە كۆز قىسىرى بىلەن كۆز يۇمۇشلاشتى.

* * *

ئەبۇ ئۇبەيد ئۇستازىنىڭ قول يازمىلىرىنى ياغلىققا تۈگۈپ تۇرغان چاغدا ساۋۇت كىيگەن ئەسكەر كىرىپ:

— ھەي ئەبۇ ئەلى، ياخشىلىقچە تەسلىم بول! — دەپ گۈركىرىدى.

— ئۆيدە يوق، ئەتىگەن چىقىپ كەتكەن پېتى قايتىپ كەلگىنى

يوق، — دەپ جاۋاب بەردى چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئەبۇ ئۇبەيد.

— يالغان! بىر يەردە مۆكۈپ ياتقاندۇ ئۇستازىڭ.

شۇ چاغدا نېرىقى ئۆيدىن بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ شاۋقۇنى، ئاندىن: "مانا، بۇ يەردە ئىكەن، تۇتۇڭلار!" دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۆي — مۈلۈكى ئەللامانى ئىزدەپ يۈرگەن ئەسكەرلەر ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان مەھمۇدنى ئەبۇ ئەلى دەپ ئويلاپ، قولىغا كويزا سالماقچى بولدى. مەھمۇد ئۇلارنى ئىتتىرىۋەتتى. ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرگەن ئەسكەر بىلەن ئەبۇ ئۇبەيد كۆزلىرى قىنىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان، مۇشتىنى تەڭلىگەن مەھمۇدنى كۆردى.

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، غەزەپ قوزغالغاندا ئۇنى تىزگىنلەپ تۇتۇۋالمىغان كىشىنىڭ بېشىغا پالاكەت ياغىدۇ، — دېدى ئەبۇ ئۇبەيد ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ. ئاخىر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۇ ياق، بۇ ياقلارنى ئاختۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەرگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىلەر خاتالاشتىڭلار، بۇ كىشى شەيخۇررەئىس ئەمەس، ئۇنىڭ ئىنىسى.

— راست، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى ئەسكەر، — بۇ ئادەم ئەبۇ ئەلىنىڭ ئىنىسى مەھمۇد، مەن تونۇيمەن، ئەمما تەقتۇرقى ئاكىسىغا ئوخشايدۇ. شۇ سەۋەبتىن خاتالاشقان بولساڭلار كېرەك. — ئۇ ئەبۇ ئۇبەيدكە يۈزلىنىپ ھومايدى، — شەيخ قەيەردە. ئېيت!

— بىلمەيمەن!

— ئېيتمىساڭلار، ئۆيۈڭلارنى تالان - تاراج قىلىمەن!

ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن ئەسكەرلەر ئەللامانىڭ ئۆيىدىكى قىممەت باھا گىلەملەر، تىللا، كۈمۈش ئەسۋابلار، ئىدىش قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىشقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

تاڭ سەھەردە ھەمەدانىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر ئۆلىمالىرىدىن ئەبۇ سەيىد ناھىنىڭ بىر خىزمەتچىسى ئىبنى سىنانىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنى ۋەقەدىن خەۋەردار قىلغان ۋە خوجىسىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەلگەنىدى. يېشى 70 تىن ئاشقان ئەبۇ سەيىد ئەللامانى كونا قەدىردان دوستىدەك قوبۇل قىلىپ ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز ئۆيىدىن ئالاھىدە خانا ئاجرىتىپ بەردى. ئۇ ھۆكۈمدارلار تەقىپى ئاستىدىكى بۇ بىگۇناھ ئۇلۇغ ئادەمنى ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئالغىنىدىن چەكسىز خۇشال ئىدى، بوش ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇراتتى.

ئىبنى سىنا «كىتابى ئاش - شىپا» دېگەن بۈيۈك ئەسىرىنى شۇ يەردە تاماملاشنى ئويلايتتى. بىر ھېسابتا شۇ مۆتىۋەر ئادەمنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقىنىدىن، ئىشلەش ئۈچۈن ئىمكانىيەت تاپقىنىدىن خۇشال ئىدى. ئۆي ئىگىسى مېھماننىڭ ئىشلەپ ھارمايدىغانلىقىغا ھەيران بولاتتى.

زوق - شوق بىلەن ئىشلىگەن ھەكىمى ماھىر ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكىنىنى بىلمەيتتى، كېسلى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتقان شەمسۇد داۋلەگە ئاردىن ئۆتكەن بىر يىل بىر ئەسىردەك تۇيۇلاتتى. ئۇ پەقەت ئۇلۇغ تىبىبى ماھىرگە ئىشىنەتتى. شۇ سەۋەبتىن باشقا تېۋىپلارنىڭ بەرگەن دورا - دەرمەكلىرى ئۇنىڭغا كار قىلمايتتى.

— ئەبۇ ئەلىنى تېپىڭ، بولمىسا بۇ دەردى بىداۋادىن ئۆلمەن! — دېدى ئۇ قورسىقىنى چاڭگاللاپ.

ساراي ئەمەلدارلىرى ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئىبنى سىنانى ئىزدەشكە باشلىدى. ئەبۇ ئۇبەيد شەھەردىن چىقىپ كەتكەنىدى.

بىركۈنى ئەبۇ سەيىد مېھماننى ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىپ:

www.uyghurkitap.com

— سىزنى ئۆيمۇئۆي ئىزدەۋاتىدۇ، مېنىڭ ئۆيۈمدىن تېپىۋالسا ھالىمغا ۋاي، — دەپ قالدى.

— جانابلىرىدىن شۇنچە ياخشىلىق كۆردۈم، ئەمدى يامانلىق قىلماي، ئۆز ئايىغىم بىلەن ئاشۇ دەرگاھقا باراي، — دېدى ئەللاما ئورنىدىن تۇرۇپ.

## 6

ئىبنى سىنا يېپەك تونىنى كىيىپ، بېشىغا كۆك سەللىسىنى ئورىدى-دە، دادىل قەدەم تاشلىغىنىچە كوچىغا چىقىپ، سارايغا قاراپ ماڭدى. دەرۋازىۋەنمۇ، ئىچكىرىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان كەمخاب، شايى تونلۇق مۇلازىملارمۇ ئۇنى كۆرگەندە سالام بېرىشنى ئۇنتۇپ، تۇرغان جايلىرىدا قېتىپ قالدى. ئىبنى سىنا ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ، ھال-ئەھۋال سوراشتى.

— ئاغرىقنىڭ ساقايغۇسى كەلسە، تېۋىپ ئۆزى كېلەر، — دېدى ھۆجرىيى خاستە زەرباب كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرغان ھۆكۈمدار، ساراي ۋەزىرى بىلەن بىللە كىرىپ تەزىم قىلغان ئىبنى سىناغا. — قېنى، ئولتۇرۇڭ، ئاۋۋال شۇنى ئېيتاي، سىزگە نىسبەتەن ئادالەتسىزلىك قىلدۇق. مانا ئەمدى يول قويغان خاتالارنىڭ جاپاسىنى بېشىمىزدىن كەچۈرمەكتىمىز. شۇ سەۋەبتىن سىزدىن ئۆزرە سورايمەن. سىز تەقدىرنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ كەلگەن مەرد ئادەمسىز. لېكىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇڭ، مەرھەمىتىمىزدىن پايدىلىنىپ يېڭى-يېڭى كىتابلار يېزىڭ. مەرىپەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىڭ.

ئەبۇ ئەلى تەزىم قىلىپ ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغىنىنى بىلـ-
دۈردى-دە، يېقىنراق بېرىپ، تومۇرىنى تۇتۇپ كۆردى.
"ئۇ ئەمدى 40 ياشقا قەدەم قويغان بولسىمۇ، بېشى ئاقـىرىپ،
كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىنى قورۇق بېسىپتۇ، — دەپ ئويلىدى شەمسۇد
داۋلە. — يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدە جېنىنى ئويلىماي ئىشلەۋاتقان
بولسا كېرەك، لېكىن روھى سۇنمىغان، كۆزلىرىدە غەيرەت، ئەقىل،
جاسارەت نۇرى چاقناپ تۇرۇپتۇ."
تېببىي ماھىر چىرايى سارغىيىپ كەتكەن ئاغرىققا تىكىلىپ: "ئەر-
زىمىگەن نەرسىگە جىلە بولۇش، ئىچىملىككە بېرىلىش نەتىجىسى بۇ"
دەپ ئويلىدى ۋە ئۆز پىكىرلىرىنى تولۇق بايان قىلدى.
— راست، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى شەمسۇد
داۋلە. — ئۆزىڭىزگە مەلۇم، بېشىمغا ئېغىر كۈنلەر چۈشتى،
دۇنيانىڭ تەشۋىشلىرىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن مەي شىشىسىگە يېپىشۋال-
دىم. سىز يېنىمدا بولسىڭىز، ئىنشائاللا، ماڭا شىپا ئىشىكلىرىنى
ئېچىپ بېرەرسىز.
ئۇ يېنىدا قامىتىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرغان كەڭ پېشانىلىك
ھەكىمنىڭ ۋاجاھىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ قولىدىن داۋا تېپىشقا ئىشەنچ
ھاسىل قىلدى.
ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتمەي، ساراي ئەھلى ھۆكۈمدارنىڭ چىرايى
تۈزىلىپ، تېتىكلىشىپ قالغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن، ياقىلىرىنى
تۇتۇپ: "بۇ تېۋىپتا بىر گەپ بار، بۇ جادۇگەر" دېيىشتى.
بىر كۈنى ئەبۇ ئەلى ھۆكۈمدارنى كۆرگىلى بارغاندا:
— يەنە مەملىكەت تىزگىنىنى قولىغا ئېلىڭ، يەنە خاجەيى
بۇزرۇك بولۇڭ، — دېدى ئۇ.

— ئادەم بىر ئىشنى ئىككى قېتىم قىلماسلىقى كېرەك، — دېدى ئىبنى سىنا چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان ھۆكۈمدارغا تىك قاراپ.

— قورقماڭ. مەن ناباب ئەمەلدارلارنى ئىشتىن بوشىتىپ، ئورۇنلىرىغا باشقا بىرلىرىنى قويدۇم. ساراي ۋەزىرىمۇ، باش مۇستەۋپىمۇ — خەزىنىچىمۇ سىزگە خەيرىخاھ ئادەملەر، تاجۇلمۇلكنى قولغا ئۆگىتىۋالدىم، تەجۇلئىسلام يېزىسىنى ئېلىپ بەرگىنىمدىن كېيىن، نەپسىگە خىرىس بولغان ئېيىقتەك قولۇمنى يالايدىغان بولۇپ قالدى. سىز ئۇنىڭدىن قورقماڭ، مەۋقەيىمنى مۇستەھكەملەپ ئالغانمەن، مەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئېھتىياتكارلىق بىلەن ئىش ئېلىپ بارسىڭىز پالاكەتكە يولۇقمايسىز!

"خىيانەت قىلمايدىغانلىقىمنى، خىزمەت ئۈچۈن يەر-مۈلۈك تەلەپ قىلمايدىغانلىقىمنى ئۇ ياخشى بىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ماڭا قاتتىق يېپىشۋالغان" دەپ ئويلىدى ئىبنى سىنا.

— جانابلىرىنىڭ تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن باشقا چارە يوق، — دېدى ئۇ ۋەزىرلىك لاۋازىمىنى قوبۇل قىلىشقا رازىلىق بىلدۈرۈپ.

## 7

ئەللاما قورال كۈچى بىلەن ئەمەس، سودا-سېتىق، ھۈنەرۋەنلىك ۋە دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەن مەملىكەتنى بېيىتىش كېرەك، دېگەن ئەقىدىسىگە رىئايە قىلاتتى. قوشنىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئولجا ئېلىش نىيىتىدە يۈرگەن ئەسكەر باشلىقلىرىغا

ئۇنىڭ بۇ سىياستى ماقۇل كەلمەيتتى.

"بۇ ھالدا ئەسكەرلەرنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ ئەگەر قىلىچ ـ قالقان ئىشقا يارىمىسا، جەڭچىلەر ئۇلارنى ئۆيىگە ئېسىپ قويۇپ قوللىرىغا تاق ـ تاق ۋە ناغرا ئېلىشلىرى كېرەك ئىكەن ـ دە! قاملاشمىغان گەپ! ئەگەر بېيىپ كەتكەن قوشۇن ئەمىرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلىجا ئېلىپ تۇرمىسا، ئەسكەرلەرمۇ، ئەسكەر باشلىقلىرىمۇ جەڭ قائىدىسىنى ئۇنتۇپ قالىدۇغۇ" دەپ غۇدۇرىشاتتى ئەسكەر باشلىقلىرى. ئۇلار تۇرلۇك ۋاستىلەر بىلەن ھۆكۈمدارنى ئۆز يولىغا سېلىشقا ئۇرۇنۇشقا باشلىدى.

بىر كۈنى شەمسۇد داۋلە ئىبنى سىناغا:

ــ ماڭا ھازىر 50 مىڭ دىنار پۇل كېرەك بولۇپ قالدى، ــ دېدى ئېتىرازغا يول قويمايدىغان ئەلپازدا.

ــ سىزنىڭ ھەربىر پەرمانىڭىزنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمەن، ــ دېدى ھۆكۈمدارغا ئېتىراز قىلىشقا ھەددى يوق ۋەزىر، ــ ئۇ ھالدا شىپاخانا ۋە مەدرىس قۇرۇلۇشىنى توختىتىپ قويۇش كېرەك.

ــ مەيلى! بىكار ئىشقا چاقىرتىلغان دېھقانلار ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇلسۇن، ئۇستىلار دەم ئالسۇن.

"شۇنچە مەبلەغ نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى" دېگەندەك، ئىبنى سىنا ئۇنىڭ قورۇق باسقان ئاپئاق يۈزىگە قاراپ قالدى.

شەمسۇد داۋلە ئەللامانىڭ كۆڭلىدىكى گېپىنى تېپىپ، قاپىقىنى تۈردى.

ــ خېلىدىن بېرى جەڭ بولمىغاچقا قىلىچلار داتلىشىپ، ئەسكەرلەر جەڭگىۋارلىق خىسلەتلىرىنى يوقاتماقتا. ئېلىنغان مەلۇماتلارغا

قارىغاندا، قوشنىمىز كىرمانشاھ ۋىلايىتىدىكى تارىم شەھىرى ئەمرد-
ىنىڭ خەزىنىسى تىللا ۋە كۈمۈش بىلەن تولۇپ كەتكەنمىش. بىر
ھۇجۇم بىلەن ھەم بايلىق توپلىغان، ھەم سىزنىڭ سۇلھپەرۋەرلىك
سىياسىتىڭىزگە قارشى بولغان سىپاھلارنى رازى قىلغان بولىمىز.
— پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ، — دېدى ئەللاما ئەھمىيەتتى
قالمىغان كونا ماقالنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولۇپ.

* * *

شەمسۇد داۋلە چىشىدىن تىرنىقىغىچە قوراللانغان قوشۇن ئالدىدا
ئويناقلاپ كېتىۋاتقان ئەرەبى ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ باراتتى،
كەينىدىن سەپ تارتىپ كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ كىشنىشىنى، ئولجا
ئالماقچى بولۇۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى
كۆتۈرۈلەتتى.
چۈشكە يېقىن ئېتىكىدىن بۇلاقلار قايناپ چىقىپ تۇرغان بۈككىدە
ئورمانلىق تاغنىڭ يان باغرىغا لەشكەرگاھ قۇرۇلدى، ئوتتۇرىغا
تىكىلگەن يېپەك چېدىر ئىچىدە دەم ئېلىپ ئولتۇرغان ھۆكۈمدار بىر
لېگەن سوغۇق گۆش ئېلىپ كەلگەن مۇلازىمغا ھېجىيىپ:
— ئەڭ ئاۋۋال يۈرەككە قۇۋۋەت، بەلگە مادار بېغىشلايدىغان
شاراب نابتىن ئېلىپ كەل! — دېدى.
ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە پاسىبان بولغان تېبىبى ماھىر پايتەختتە
قالغان، ئەمدى ئۇ كۆڭۈلنىڭ كوچىسىغا كەلگەن ھېرىسلاردىن
ئۆزىنى تارتالمايتتى، غەلىبە قازىنىشقا قاتتىق ئىشەنگەن لەشكەر
باشلىقلىرىمۇ ئۇنىڭغا تەئەسسىپ قىلىپ، خۇشاللىقتا بېرىلدى. ۋەھا-
لەنكى، تارىم ئەمرى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرى ئارقىلىق
دۈشمەنلەرنىڭ قوشۇن باشلاپ كېلىۋاتقىنىدىن خەۋەر تېپىپ،

تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى، تاغ باغرىدىكى ئەپلىك بىر جايغا لەشكەرگاھ قۇرۇپ، ياۋنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

ئەتىگەن ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان قۇياشقا كەينىنى قىلىپ، ياۋنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. كاناي-سۇنايلار ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، مەردلىك كۆرسىتىشكە دەۋەت قىلاتتى.

شاۋقۇن-سۈرەن بىلەن نەيزىلىرىنى ئاتلىرىنىڭ قۇلىقىغا قويۇپ، ئاياغلىرىنى ئۈزەڭگىلىرىگە تىرەپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان ھەمەدان ئاتلىقلىرىنىڭ ئالدىنقى سېپى ئالدىن قىزىپ، ئۇستىگە شاخ-شۇمبا تاشلانغان ئورىلارغا غۇلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. يىقىلغان ئاتلارنىڭ كىشنىشى، مىيىپ بولغان ئاتلىقلارنىڭ ئىڭرىشى ئاڭلاندى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قاتاردىكى ئاتلىقلار ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى يان تەرەپكە بۇرىدى. ئۇلارنىڭ سەپلىرى قالايمىقان بولۇپ كەتتى. ئاساسىي كۈچلەر توقۇنۇشماستىن بۇرۇن يۈز بەرگەن بۇ ھادىسە ھۇجۇمچىلار ئۈچۈن يامان ئالامەت ئىدى. ئىككى تەرەپنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى ئۇرۇشۇۋاتقان چاغدا تارىم ئاتلىقلىرى يان تەرەپتىن باستۇرۇپ كەلدى. ھەمەدان قوشۇنى قالايمىقان چېكىنىشكە باشلىدى.

مەغلۇبىيەت خەنجىرى كۆكسىگە سانجىلغان شەمسۇد داۋلەنىڭ ئېگەر ئۇستىدە ئولتۇرۇشقىمۇ مادارى قالمىغانىدى. ئۇ ئېتىنى مۇلازىمغا تاپشۇرۇپ، شەكلى تاۋۇتقا ئوخشايدىغان تەختىراۋانغا چىقىۋالدى. تۆت قاۋۇل يىگىت ئۇنى كۆتۈرۈپ، يارلار، جىلغىلار، دۆڭلۈكلەر ئارقىلىق پايتەخت تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. يېنىدىكى تېۋىپلار ئۇنى ئۆلۈم چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىپ بېقىشتى، بىراق ئۇلارنىڭ ئۇرۇنۇشى بىكار كەتتى. شەمسۇد

داۋله ھەمەدانغا يېتىپ بارالماي يولدا قازا قىلدى. ئۇنى دەپنە قىلىشتىن ئاۋۋال ئەمەلدار ۋە ئاكابىرلار توپلىنىپ، شاھزادە سەمائۇد داۋلەنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، بېشىغا تاج كىيگۈزدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## قاماقتا

### 1

تەختتە كېرىلىپ ئولتۇرغان، چەكسە يۈز-دىن قان تامدىغان سېمىز يۈزلۈك ياش ھۆكۈمدار ئىبنى سىنانىڭ قولىدىن ئەرزنامىسىنى ئېلىپ ئوقۇدى-دە، قاپىقىنى تۈرۈپ:

— ئىستېپايىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن، بېرىپ ۋەزىپىڭىزنى بېجىرىۋېرىڭ، — دېدى.

— يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ سورايمەن: مېنى بۇ ئېغىر ۋەزىپىدىن ئازاد قىلسىلا، «ئەلقانۇنى فىتتىب» دېگەن ئەسىرىمنى يېزىپ تۈگىتىش نىيىتىدىمەن.

— ياخشىلىقنى بىلمەيدىكەنسىز، — دېدى سەمائۇد داۋلە سۆزىنى ئاقتۇرالمىغاندىن كېيىن. — ھەمەدان شەھىرىدە ئىستېبداتلىق دۆلەت ئەربابلىرى تۈگەپ كەتكىنى يوق، بېرىڭ، چالا قالغان ئىشىڭىزنى تۈگىتىڭ!

ئەللاما چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تاجۇلمۇلكنى چاقىرتتى.

— ئەپسۇسكى، شۇنداق تەجرىبىلىك ئادەم سىزگە خىزمەت قىلىشتىن باش تارتىپتۇ، — دېدى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن سول كۆزى يۇمۇلۇپ قالغان سىپاھسالار ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ. — راست،

ئۆزى هالال، غەيرەتلىك ئادەم، شۇنچىلىك زېرەكتى، مۇستەۋى ھېسابچىلارنىڭ دەپتەرلىرىنى بىر كۆزدىن كەچۈرۈپلا خاتالىرىنى بايقايدۇ، لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىلمىدىن مەغرۇرلىنىپ، كىبرۇ-ھاۋا پەيدا قىلدى. ئۇلۇغلارنى ئىززەتلىمەي، پەسەنتسگە ئالماي قويىدى. ئەمما بىر دو چىقىش بىلەن ئۇنى قىلىش ئاسان ئەمەس. پادىشاھنىڭ ئەمرىنى ۋاجىپ، دەپ قارىمىغان ئادەمنىڭ قايسى ئەھۋالغا چۈشۈشىنى ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسۇن!

ئاردىن ئىككى ھەپتە ئۆتمەيلا تاجۇلمۇلك ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ تەزىم قىلدى-دە:

— مانا ئەبۇ ئەلىنىڭ خىيانىتىنى ئىسپاتلىغۇچى دەلىل، — دېدى نەيچە قىلىپ تۈرۈلگەن نامىنى سۇنۇپ.

زەردار چاپىنى پارقىراپ تۇرغان سەمائۇد داۋلە ئۇنى قولىغا ئېلىپ:

— مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىپلا قويۇڭ. ئېچىپ ئوقۇپ ئولتۇرۇشقا تاقىتىم يوق، — دېدى سەۋرسىزلىك بىلەن.

— ئەبۇ ئەلىنىڭ خىزمىتىدە ھەيىيار بىر قۇل بار، ئۇ بىزنىڭ قۇلىقىمىز، — دەپ ھېكايە قىلىشقا باشلىدى ئات يۈزلۈك سىپاھسالار مىيىقىدا كۈلۈپ. — خوجىسىنىڭ ئۆيىگە كىم كېلىپ، كىم كېتىپ تۇرغىنى، نېمىلەر ھەققىدە سۆزلەشكەنلىكلىرى توغرىسىدا بىزگە مەلۇمات بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇ بىركۈنى خوجىسىنىڭ نامەلۇم بىر ئادەمگە نامە تاپشۇرۇپ، كېچىسى ئۇنى ئىسپاھانغا ماڭدۇرغىنىدىن بىزنى خەۋەردار قىلدى. مەن دەرھال ئاتلىقلاردىن ئىككىسىنى كەينىدىن يۈگەرتتىم. ئۇلار يېرىم كېچىدە چاپارمەنىنىڭ كەينىدىن يېتىپ بېرىپ، بوينىدىن كاللىسىنى، قولىدىن شۇ نامىنى ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

جايىغا قايتىپتۇ

تاجۇلمۇلك نەپىسىنى رۇسلاپ ئالدى-دە، ئۇزىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قالغان ھۆكۇمدارغا تەزىم قىلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەلۇم بولدىكى، ئەبۇ ئەلى ھەمەداندا ئىشلەش ئۇچۇن ئىمكانىيەت يوقلۇقىدىن شىكايەت قىلىپ، ئىسپاھان ھۆكۇمدارى ئالائۇد داۋلەدىن باشپاناھ سوراپتۇ.

— جىنايەتنى جازاسىز قالدۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇزاق ۋاقىت ۋەزىر بولۇپ، ئىچكى ئەھۋالىمىزدىن خەۋەردار بولغان بىر شەخس دۇشمىنىمىز بىلەن ئالاقە باغلىماقچى بولسا، بىز قاراپ تۇرىمىزمۇ. ئەبۇ ئەلىنى كىشەنلەپ، شەھەر قەلئەسىگە ئەۋەتىڭ، بىر-ئىككى يىل زىنداندا ياتسا، ماي تولغان كۆزلىرى ماشتەك ئېچىلىدۇ...

— بېشىم بىلەن، — دېدى سىپاھسالار كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ.

## 2

ھەمەدان شەھىرى تاشقى قەلئەسىنىڭ باشلىقى ياقزان يېشى توختىغان، چاچلىرى ئاقارغان بولسىمۇ، قاۋۇل، تېتىك بوۋاي ئىدى. ئەللامانى قوللىرىغا كويزا سېلىپ ئېلىپ كەلگەندە كۆپنى كۆرگەن بۇ ئىرادىلىك ئادەم تەمتىرەپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. ئۇ مەرھۇم ھۆكۇمدارنىڭ ۋەزىرى، ئەتراپقا نامى پۇر كەتكەن ئۇلۇغ تېبىبىي ماھىرنى بۇ ھالەتتە كۆرۈشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئەللاماغا ئىختىيارسىز تەزىم قىلىپ، ئۇنى باشلاپ

كەلگەن قوراللىق چاكارنىڭ قولىدىن قەغەزنى ئالدى ـ دە، قاپىقىنى سىلىپ:

ــ ساڭا جاۋاب، ــ دېدى، كېيىن ئالىمۇقام مەھبۇسنىڭ بىلىك ـ دىكى كويىزنى ئېچىپ ئېلىپ، ئۇنىڭغا ھەيران ئارىلاش قارىدى. ــ سىزنى شۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ ھەيران قالدىم. پادىشاھلارغا يېقىن بولۇشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ماقال يەنە بىر قېتىم تەستىقلاندى، ئەتە بېشىمىزغا نېمە كېلىشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ھەممىمىز تەقدىرنىڭ قولىدا ئويۇنچۇقمىز. ھەي، مەيلى، بۈگۈندىن باشلاپ مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدىمەن. يۈرۈڭ مەن بىلەن. سىزگە بىر ئۆي كۆرسىتەي.

ئۇ ئېبىنى سىنانى باشلاپ، دېرىزىسى كۈنچىقىش تەرەپكە قارىغان چوڭ بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

ــ سىزگە يوتقان ـ كۆرپە ئېلىپ كېلىدۇ. كۈندۈزى قەلئە ھويلىسىدا خالىغانچە ئىستىراھەت قىلىشىڭىز مۇمكىن.

ــ ماڭا بىر جوزا ۋە تېرە كۆرپە كېرەك. مۇشۇ ئۆيدە ئەتىگەن ـ دىن كەچكىچە ئولتۇرۇپ ئىشلەيمەن. ئەمدى «ئەلقانۇنى فىتتىب»نى مۇشۇ يەردە تاماملىماقچىمەن. ئەتە شاگىرتىم ماڭا قەغەز، قەلەم، دۇۋەت ئېلىپ كېلىدۇ.

ــ مەرھەمەت، سىز شۇ قەدەر ئۇلۇغ بىر ئىشنى تۈگەتمەكچى بولسىڭىز، مەن ھېچ نەرسەمنى ئايىمايمەن.

كىشەنلىنىپ قەلئەگە ماڭدۇرۇلغاندا دۇنيا كۆزىگە قاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈنگەن ئەبۇ ئەلى قەلئە بېشىنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىرئاز تەسكىن تاپتى.

ئەتىسى چىراپى تاتىرىپ، چىرايىدا قان قالمىغان ئەبۇ ئۇبەيد

دەرۋازىخانىدا ئۇستازىنىڭ قولىغا بۇيۇملارنى بەردى ـ دە، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، يىغلاشقا باشلىدى.

— نېمىشقا خاپا بولۇۋاتىسىز، جۇزجانى؟ — دېدى ئەللاما كۈلۈم-سىرەپ، — نادان ھۆكۈمدارغا ۋەزىر بولغاندىن دانا بىر زىندانچىنىڭ قولىدا مەھبۇس بولغان مىڭ ھەسسە ئەلا. ئۇ يەردە ۋاقتىم ئىغۋا-چىلار ماكانى بولغان، غوۋغا بىلەن تولغان سارايدا ئۆتەتتى، بۇ يەردە بىخارامان، ئىشلىرىمنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىمكانىيەت بار.

— بىزنى بەزلەش ئۈچۈن شۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتىسىز، ئاكا، — دېدى مەھمۇد خورسىنىپ، — ئاخىر ئۇ خورلۇققۇ! بۇ مۇسىبەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ھېچ ئامالى يوقمۇ؟

— تەقدىر بىلەن ئېلىشقىلى بولمايدۇ، ئۇكا، — دېدى ئەبۇ ئەلى يۇمشاق ئاۋاز بىلەن. — مەردلىك ھەرقانداق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىش دېمەكتۇر. زامان دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ھەتتا ئىنسان خاراكتېرىمۇ ئۆزگىرىدۇ. سەن مەردلىك قىلماقچى بولۇپ، بېشىمىزغا بىرەر پالاكەت تېرىما. سەۋر قىل. تاسادىپ بورىنى بەخت كەلتۈ-رۈشى مۇمكىن.

مەھمۇد ئۇھ تارتىپ قويدى. بىردەم ئۇ ياق، بۇ ياقتىن سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، جۇزجانى بىلەن مەھمۇد خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ياقزان ئىبنى سىنانىڭ ئىشلەۋاتقىنىغا ھەيران بولۇپ: "نېمە ئۈچۈن شۇنچە جاپا تارتىش، كېچىلىرىمۇ شام يېقىپ ئەمگەك قىلىدۇ!" دەپ ئويلايتتى. ئەللاما ئەتىگەن جوزا يېنىدا كۈن تىك بولغۇچە ئىشلەيتتى. چۈشتىن كېيىن سىرتقا چىقىپ، ئورمانزار،



www.uyghurkitap.com

تاغلاردىن ئېقىپ كەلگەن ساپ ھاۋادىن تويۇپ ـ تويۇپ نەپەس ئېلىپ سەيلە قىلاتتى. بەزەندە قەلئە باشلىقى بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سۆھبەتلىشەتتى.

بىر كۈنى ئۇ:

ــ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغىنىڭىزنى كۆرمىدىم، دەم ئالماي يازىدىكەنسىز، نەدىن قايناپ چىقىدۇ بۇ سۆزلەر؟ ــ دەپ سوراپ قالدى.

ــ قەدىمكى يۇنان ھەكىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇۋېرىپ يادلىۋالغانمەن، ــ دېدى ئىبنى سىنا كۆزلىرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ــ دورا ـ دەرمەكلەر، گىياھلارنىڭ ناملىرى خاتىرەمگە مىخلىنىپ قالغان.

ــ كاشكى، سىزدىكى ھاپىزە قۇۋۋىتىنىڭ ئوندىن بىرى مەندە بولسا! ــ دەپ خىتاب قىلدى قەلئە باشلىقى. ــ مىڭ ـ مىڭلاپ بىلىم مەنبەلىرىدىن دۇردانىلار ئېلىپ چىققانسىز. سىز ئادەم بالىسى قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مۇقتەدىرسىز. خۇدا 500 يىلدا بىر قېتىم سىزدەك زېھىن ئىگىسىنى يارىتىشقا قادىر بولسا كېرەك!

ئىبنى سىنا ئۆز ئىستېبداتى ئالدىدا تىز پۈككەن ئادەملەرنى تولا ئۇچراتقان ئىدىيۇ، بۇنداق مۇتەئەسسىپ مۇخلىسقا دۇچ كەلمىگەنىدى. ئۇ ئىشلەپ ھارغان چاغلىرىدا ئۆزىنى بەزلەپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن بەدىئىي قىسسە ۋە ھېكايىلەر يازاتتى، پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادە قىلىشقا ئۇرۇناتتى. بىر كۈنى ياقۇزان ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىن كۈلۈمسىرەپ چىقىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، مۇنداق دېدى:

ــ ئاجايىپ بىر ئەسەر يېزىپ خۇشال بولغانغا ئوخشايسىز.

— تاپتىڭىز، سىزگە بېغىشلاپ بىر قىسسە يازدىم. نامىڭىز مېنى ئىلھاملاندۇردى. ئۆزىڭىز بىلىسىز، ياقزان دېگەن ئويغان دېگەن سۆز. كىشى ئويغانغان ۋاقتىدىلا ئۆزىنى تىرىك ھېسابلىشى مۇمكىن. ئويقۇ ئۆلۈم بىلەن باراۋەردۇر. قىسسىنىڭ نامى «ھەي بىننى ياقزان — ئويغاق ئوغلى تىرىك». ئاڭلاڭ.

ئۇ قىسسىنى ئوقۇغىنىدا، قەلئەچىنىڭ پېشانىسى پۈرۈلۈپ، ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگىنى سېزىلىپ تۇراتتى.

— راستىنى ئېيتسام، بۇنىڭ مېغىزىنى چاقالمىدىم، ئوڭ تەرەپتىكى يامان دوست كىم بولىدۇيۇ، سول تەرەپتىكىسى كىم؟ نېمىشقا ئۇلار ئادەمنى يېرىم يولدا پۇتلايدۇ؟ ساياھەت، قاراڭغۇلۇق، چەشمە نېمىنىڭ قىياسى؟ بۇلارنىڭ مەجازى مەنىسى بولسا كېرەك؟

— تاپتىڭىز، ئوڭ تەرەپتىكى قەبىھ دوست — قەھر-غەزەپ، سول تەرەپتىكىسى — شەھۋەت، ئالدى تەرەپتىكىسى — ئەزمىلىك، بىمەنە خىيالپەرەسلىك. ئۇلارغا يول قويۇلسا، كىشى ھالاك بولىدۇ. ئەقىل ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان بۇ ئىپلاس دوستلارنى نوختىلاپ تۇرۇشى، ئۇلارغا ئەركىنلىك بەرمەسلىكى كېرەك، ساياھەت — ئىلىم، قۇتۇپ تەرەپتىكى — قاراڭغۇلۇق، نادانلىق، چەشمە بولسا ئىلىمنىڭ مىسالى.

— ئەمدى چۈشەندىم. قىسسىنى ماڭا بېرىڭ، ئۆيدە دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىقىپ، مەنىسىنى چاقاي.

— ئۇنداق بولسا ماۋۇ قىسسىلەرنىمۇ ئوقۇپ چىقىڭ، كېيىن ئۆز مۇلاھىزىلىرىڭىزنى ئېيتارسىز، — دېدى ئەللاما، يېنىدا تۇرغان بىر دەستە قەغەزنى لىپاپىغا — خۇرۇمدىن ياسالغان سومكىغا جايلاشتۇرۇپ ئۇنىڭغا سۇنۇۋېتىپ.

www.uyghurkitap.com

قەلئە باشلىقى خۇشال بولۇپ، سومكىنى قولتۇقلىغىنىچە چىقىپ كەتتى.

* * *

كىچە - كۈندۈز ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان ئەللاما ۋاقىت-نىڭ قانداق تېز ئۆتۈۋاتقىنىنى سەزمەيتتى. قۇياشنىڭ نەچچە قېتىم قەلئە ئۈستىدىن ئۆتۈپ غەربكە پاتقىنىنى، ئاينىڭ نەچچە نۆۋەت يېڭى بولغىنىنى ھېسابلاپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتى يوق. پىكىر - خىيالى ئۇلۇغ ئەسىرىنى تېزرەك تاماملاش بىلەن بەند ئىدى.

بىر كۈنى ئىبنى سىنا چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن دەم ئالغىلى سىرتقا چىققىنىدا يىراقتىن ناغرا ئاۋازى ۋە ۋارقىراشلارنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. قەلئەدىكى ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئوق ئېتىش، بىر قىسمى نەيزە سانجىشنى مەشىق قىلىۋاتقانىدى.

— نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدى ئەبۇ ئەلى يېنىدىن ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئەسكەر يېشىدىن.

— خەۋەرلىرى يوقمۇ؟ ئىسپاھان لەشكەرلىرى بېسىپ كىردى. تاغ باغرىدا جەڭ بولۇۋاتىدۇ. خۇدا مەدەت بەرسە، ياش ھۆكۈمدا-رىمىز ئالائۇد داۋلەنى مەغلۇپ قىلغۇسى.

ئەبۇ ئەلى بۇ ۋەقەنىڭ نېمە بىلەن تۈگىشىنى پەملەپ، ئالدىرى-غىنىچە ھۇجرىسىغا قايتتى - دە، قول يازمىلارنى تەرتىپكە سېلىپ، تۈگۈن قىلىپ باغلىدى. ئەمدى ئولتۇرۇپ ئىشلەشكە قولى بارمايتتى، يۈرىكى ئازادلىقتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

* * *

قاراڭغۇ چۈشكەندە، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان سەمائۇد داۋلە بىر قىسىم ئەسكىرى بىلەن قەلئەگە كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى. ئۇنىڭ

چىرايى تاتارغان، چىرايىدا غەزەپ ئارىلاش ئۈمىدسىزلىك ئىپادىسى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. قولى ئالتۇن كەمىرىگە ئېسىقلىق قىلىچ-نىڭ سېپىدا، ئۆزى ھاسىراپ نەپەس ئالاتتى.

— ماڭسىلا، ئۆيۈمگە كىرىپ ئارام ئالسىلا، — دېدى قەلئە باشلىقى تەزىم قىلىپ. — نائۈمىد بولمىسىلا، ئامەت قۇشى يەنە قايتىپ كېلىپ، باشلىرىغا قونار...

— تاجۇلمۇلۇك نەدە قالدى؟ ئەسىرگە چۈشتىمىكىن ياكى رەقىبىنى بابىلدىمىكىن؟ — دېدى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، مەغلۇپ بولغان ھۆكۈمدار.

— بىلمىدىم، ئۇ تايىنى يوق ۋە ئەقىلسىز ئادەمدىن قانداق نەرسىنى كۈتۈش مۇمكىن. تارىم ئەمىرى بىلەن بولغان جەڭدە لاياقەتسىزلىكىنى بىر قېتىم كۆرسەتكەنىدى. بۈگۈن قانداق سەر... كەردە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى .

— مەن ياشلىق قىلىپ، چوڭ خاتالىققا يول قويدۇم، ئۇنىڭغا ئىشەندىم. ھەي، بوپتۇ، ئاتقان ئوقنى ياندۇرغىلى بولمايدۇ، ھېلىمۇ بولسا مۇشۇ مۇستەھكەم قەلئەدە دۈشمەنگە قارشىلىق كۆرسىتىپ، كېيىن ھۇجۇمغا ئۆتىمىز. ئېھتىمال ئامىتىمىز ئوڭدىن كەلسە...

ياقزان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ:

— بىزدە بىر ئايغا يېتەر-يەتمەس ئوزۇق بار، خالاس، — دېدى ۋە ياش ھۆكۈمدارنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: — ئون-ئون بەش كۈن جەڭ قىلىپ، كېيىن ئالائۇد داۋلە بىلەن مۇزاكىرە قىلىشساق. ئەگەر سىز جانابلىرىنى تەختىڭىزدە قالدۇرۇپ، مەلۇم ساندا باج-خىراج بىلەن قانائەتلەنسە...

سەمائۇد داۋلە قەلئە باشلىقىنىڭ ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈن سۆزىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ، ئاخىر ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى، كېيىن سۆزنى باشقا ياققا بۇراپ، تەشۋىشلىرىنى ئۇنتۇشقا ئۇرۇندى:

— شەيخور رەئىس ئىبنى سىناغا نىسبەتەن ئادالەتسىزلىك قىلدىم. شۇنداق ئۇلۇغ ئادەمنى كىشەنلەپ قامىدىم، — دېدى خورسىنىپ. — ئۇ كىشىنى ئەتىلا ئازاد قىلىۋېتىڭ، قىلغان ئىشىمدىن ئەپسۇسلىنىۋاتقانلىقىمنىمۇ ئېيتىڭ.

— بېشىم بىلەن، — دېدى قەلئە باشلىقى خۇشال بولۇپ.

## بەخت ۋە مۇسىبەت

ياقزان ئىبنى سىناغا بىر چاكارنى ھەمراھ قىلىپ قەلئەدىن چىقىرىۋەتتى.

ھەمەدان ئالائۇد داۋلە قولىغا ئۆتكەن، شەھەر جىمجىت، سەمائۇد داۋلە قالغان ـ قاتقان ئەسكەرلىرى بىلەن قەلئەدە يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى.

ئەللاما شەھەرگە كىرىپ، ساي بويىدىكى قۇپقۇرۇق بىر ئۆي ئالدىغا كېلىپ توختىدى. چاكارنىڭ مۇرىسىدىن خۇرجۇننى ئېلىپ، قولىغا بىر تەڭگە بەردى ـ دە، ئۇنى كەتكۈزۈۋەتتى. ئۇ يىراقلاپ، كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى تۇتۇپ تاقىلداتتى. سىرتتىكى گۈلزار ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئەبۇ سەيىد ناھى ئاستا مېڭىپ كېلىپ، دەرۋازىنىڭ ئوڭ يېقىدىكى كىچىك ئىشىكنى ئاچتىيۇ، ئاپئاق ساقال يۈزى يورۇپ كەتتى.

— ئېھ، كېلىڭ، كېلىڭ، قەدىمىڭىزگە مۇبارەك! — دېدى ئۇ سالامنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن يەنە: — مەن سىزدىن ئەنسىرەپ يۈرگەنىدىم. ھەر ھالدا، ساق-سالامەت ئىكەنسىز، — دېدى چىراي-تۇرقى ئاۋۋالقىدەك بولغان ساغلام مېھمانغا قاراپ.

— مىڭ قەتلە شۈكۈر. بەزىدە مۇسىبەتمۇ كىشىنى بەخت-ئامەت ئىشىكى ئالدىغا ئەكىلىپ قويىدىكەن. ئازاد ۋاقتىمدا توختاپ قالغان ئىشىم قاماقتا يۈرۈشۈپ كەتتى، — دېدى ئەللاما خۇرجۇنىدىكى قول يازمىلىرىغا ئىشارە قىلىپ.

— بۇنى قاراڭ، ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى ئايدىڭ، دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن، قېنى، ئىچكىرى!

ئەبۇ ئەلى بىرنەچچە كۈن بۇ مېھماندوست، خۇش خۇي ئادەمنىڭ ئۆيىدە يېتىپ، يەنە قولىغا قەلەم ئالدى، ئەسىرنىڭ چالا قالغان يەرلىرىنى تولدۇردى. بىركۈنى كەچقۇرۇن ئۆي ئىگىسى يېڭىلىق ئېيتىپ كەلدى.

— ئىنشائاللا، ئۇرۇشتىن قۇتۇلدۇق، — دېدى كۈلۈمسىرەپ. — ئىككى ھۆكۈمدار تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاپتۇ. باج-خىراج تۆلەپ تۇرۇش شەرتى بىلەن سەمائۇد داۋلە ئۆز ئورنىغا ئولتۇرۇپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەن ھەمەداندا قالمايمەن، — دېدى ئىبنى سىنا جوزا ئۈستىدىن قول يازمىسىنى يىغىشتۇرۇپ خالتىغا سېلىۋېتىپ، — مېھماندوستلۇقىڭىز ئۈچۈن رەھمەت، ئەمدى ماڭا رۇخسەت قىلىڭ. سارىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن قانات قېقىپ ئۇچۇپ كەتسەم.

ئەبۇ سەئىد ئۇنى ئېلىپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ئىجازەت بەردى. ئەللاما ئۆيىگە بېرىپ، ھەممە نەرسىسى

جايىدا ئېكەنلىكىنى كۆرۈپ، خاتىرجەم بولۇپ، شاگىرتى ۋە ئۇكىسى بىلەن يول هازىرلىقىنى قىلىشقا باشلىدى.

ــ شۇنداق قىلىپ، سەپىرىمىز بەخەتەر بولسۇن، ئامىتىمىز ئوڭدىن كەلسۇن، خۇدادىن تىلەيدىغىنىم شۇ، ــ دېدى ئۇستازى بىلەن يانمۇيان كېتىۋاتقان ئەبۇ ئۇبەيد ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئاستا سىلكىپ.

ئۇلار ئېگىز ـ پەس داۋانلاردىن ئۆتۈپ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان سايلارنى كېچىپ، ئەرەب ئىراقى بىلەن خۇراسان ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ قەلئە ئىسپاھانغا يېتىپ كېلىشتى. شەهەر دەرۋازىسىدىن كىرىشى بىلەن ئالائۇد داۋلەنىڭ مۇلازىملىرى ئۇلارنى تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالدى، كىمخاب چاپان كىيگەن، ساقاللىق بىر ئەمەلدار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

ــ خۇش كەپسىز، ساق كېلىپسىز، ئېھ، ئالىملارنىڭ ئالىمى! قەدىمىڭىزگە مۇبارەك! ــ دەپ ئەللامانى تەبرىكلىدى.

هۆكۈمدارنىڭ بىر چاكىرى ئىبنى سىناغا زەر ياقىلىق زەرباب تون كىيگۈزۈپ، كۈمۈش يۈگەنلىك ئەرەبى ئاتنى ئالدىغا تۇغرىلىدى.

* * *

قاپقارا ساقىلىنى كېلىشتۈرۈپ ياساتقان ئوتتۇرا ياشلىق، يوغان يۈز ئالائۇد داۋلە تەخت ئالدىغا سېلىنغان گىلەم ئۈستىگە چۆشۈپ ئولتۇراتتى، سول تەرىپىدە تىز چۆككەن ئەللامىغا كۆز قىرىنى تاشلاپ، ئارقىمۇئارقا سوئال بېرەتتى، دۆلەتنى باشقۇرۇش تۇغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى بىلمەكچى بولاتتى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ماقۇللىغاندەك باش لىڭشىتىپ قوياتتى.

www.uyghurkitap.com

— بىزنىڭ پايتەختىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىز ياخشى بولدى، — دېدى ئۇ كۆكسىنى كۆتۈرۈپ، — سارىيىمىزنىڭ ئاقساقىلى بولسىڭىز، ئەتراپىڭىزغا ئىلمى ھېكمەتتىن خەۋىرى بار پاشلارنى توپلايسىز. ھەپتىدە بىر يىغىلىپ دىنىي، ئىلمىي مەسىلىلەر بويىچە بەس-مۇنازىرە ئۆتكۈزسەك، سىز بۇ ئىشقا باشلامچى بولسىڭىز.

— ئەسلى مۇددىئا مۇنازىرىلەر بىرىشىدا بىرمۇنچە مۇشكۈل تۈگۈنلەر يېشىلىپ، نائېنىق مەسىلىلەر ھەل قىلىنغاي، — دېدى ئەللاما بېشىنى كۆتۈرۈپ.

شۇنىڭدىن كېيىن سارايدا ھەر جۈمە كۈنى ئەللامالار توپلىنىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. كۆپرەك ئەبۇ ئۇبەيد «كىتاب ئاش-شىپا»دىن بىر بابنى ئوقۇيتتى، ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان سامېلار چۈشەنمىگەن يەرلىرىنى سورايتتى. ئىبنى سىنا سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ، قىيىن مەسىلىلەرنىمۇ ئاسانلا چۈشەندۈرەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇنازىرە باشلىناتتى.

ئالىملارنىڭ نېمە توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىشكە قىزىقىپ قالغان مۇپتى خوجا ئىدرىس ھۆكۈمدارنىڭ رۇخسىتى بىلەن شۇنداق مەجلىسلەرنىڭ بىرىگە ئىشتىراك ئەتتى. ئەبۇ ئۇبەيد كىتابتىن بىر بابنى ئوقۇپ، نەپسىنى روسلىغاندىن كېيىن، ھەر تەرەپتىن سوئاللار يېغىشقا باشلىدى.

— ئايا، ئەي، شەيخور رەئىس، — دەپ ئىبنى سىناغا مۇراجىئەت قىلدى ئاپئاق ساقاللىق، ئۇتك كۆزى قىزارغان، قورسىقى يوغان مۇپتى. — سىز، ماددىي دۇنيا ئەبەدىي، ئۇ تۆت ئۇنسۇردىن يەنى تۇپراق، سۇ، ھاۋا ۋە ئوتتىن ئىبارەتتۇر، ئۇلار ساماۋى جىسىملار، قۇياش ۋە يۇلتۇزلار تەسىرى ئاستىدا بىر-بىرىگە قوشۇلىدۇ، بىر-

بىردىن ئاجرىلىدۇ دەپسىزۇ، لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئېيتماپسىز.

زەرچاپانلىق ئالائۇد داۋلەتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان ئىبنى سىنا مۇپتىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ: "مېنى كاپىر دەپ ئېلان قىلمىغىدى بۇ مۇتەئەسسىپ موللا" دەپ ئويلىدى.

— مەن بۇنى ئىنكار قىلمايمەن، — دېدى ئۇ ئوڭ كۆزى ياشاڭغىراپ تۇرغان رەقىبىگە تىكىلىپ. — كىتابىمدا كائىنات يەنى ماددىي دۇنيا نۇرى ئىلاھتىن پەيدا بولغان، ئۇ ئەزىلى ۋە ئەبەدىيدۇر، دېگەنمەن. ماددىي ئالەم سەۋەبىيەت قانۇنىغا بىنائەن ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ بېرىۋېرىدۇ، ئۇنىڭغا خۇدا ئارىلاشمايدۇ، نېمىشقا...

ئۇ قامىتىنى تىك تۇتۇپ، سامېلارنىڭ كۆزلىرىگە بىر-بىردىن قاراپ، ئىشەنچ بىلەن سۆزلەيتتى. سۆزىنى تاماملىغاندا كۆپچىلىك بىردەك ئۇنىڭ پىكىرلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تەستىقلىدى.

ھۆكۈمدارنىڭمۇ ئەللامانىڭ گېپىگە خەيىرخاھلىق بىلەن قۇلاق سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مۇپتىنىڭ نەپسى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

مەجلىس تۈگەپ ھەممە ئادەم تارقىغاندىن كېيىن كوچىغا قاراپ ماڭغان خوجا ئىدرىس يېنىدىكى مەللە چاپانلىق مۇلازىمىغا قاراپ:

— ئىبنى سىنانىڭ تەلىماتى شەرىئەتكە خىلاپتۇر، — دېدى نېمىشقىدۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — بىزنىڭ ئەقىدىمىزگە بىنائەن، خۇدايىتائالا "كۇن!" يەنى "پەيدا بول!" دېگەندىن كېيىنلا كائىنات ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئەبۇ ئەلى بولسا ئىككىنچىسىنى بىرىنچىسىدىن يۇقىرى قويماقچى بولىدۇ. ئەپسۇسكى، ھۆكۈمدارمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ماقۇللىماقتا. شۇڭلاشقا مەن سۈكۈت قىلدىم. كېيىنچە

ئۆلىمالار ئەبۇ ئەلى تەلىماتىنىڭ دىنىي ئىسلامغا ناموۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلىپ بەرگۈسىدۇر. ھازىرچە جىم تۇرغان ياخشى.

*　　　*　　　*

بىركۈنى ئەبۇ ئەلى ئۆيىگە كېچىكىپراق كەلدى، ئاشپەزى تەييارلىغان تاماقتىن ئىككى-ئۈچ قوشۇق ئېلىپ، قاچىسىنى نېرى سۈرۈپ قويدى-دە، بىر پىيالە گۈلاپ بېرىشنى ئېيتتى. ئەبۇ ئۇبەيد ئوردىدىن ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەن ئۇستازىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— نېمىنى سورىماقچى بولغىنىڭىزنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى ئەبۇ ئەلى چەكچەيگەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ. — ئىشلىرىڭىز قانداق، ھۆكۈمدارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟ دەپ سورىماقچىسىز. بۇنىڭغىمۇ "ھە" ھەم "ياق" دەپ جاۋاب بېرىشىم مۇمكىن. ئالائۇد داۋلە ھەددىدىن زىيادە مەغرۇر ۋە ئىززەتنەپسى كۈچلۈك ھۆكۈمدار. شۇڭلاشقا، ھازىرچە مەسلىھەتچى قاتارىدا ئىشلەپ، ۋەزىرىڭىز بىلەن ئوردا ۋە بەيتۇلمال مۇستەۋدىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقسام، دەپ ئىلتىجا قىلدىم. "جەلىلى. ئەگەر كېرەكلىكى خەزىنە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشتۇر، كېيىن بىر گەپ بولار" دەپ جاۋاب بەردى ئالائۇد داۋلە. شۇنداق قىلىپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ۋەزىرلىك مەنسىپىدىن ۋازكەچتىم.

— ياخشى قىلىپسىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەسەت ئەھلىنىڭ قوللىرىدىن قوراللىرىنى تارتىۋېلىپسىز، — دېدى جۇزجانى خۇشال بولۇپ.

ئىبنى سىنا ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، يېڭى ئەسىرىنى چاپسانىراق تاماملاشقا ئۇرۇناتتى، ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئوردىغا بېرىپ،

ھۆكـۈمەت ئىشـلىرى بىلەن شۇغۇلـلىناتـتى. ئۇ غەلەمىس مۇستەۋى ھېسابچىـلارنىڭ دەپـتەرلىرىـنى كۆرۈپ، مەقـسەتلىـك ھالـدا يول قويۇلغان خاتالىقـلارنى دەرھال بايـقايـتتى. ئۇلارغا قاتتىـق چارە كۆرەتتى. بىر ـ ئىكـكى يىـل ئىچىـدە دۆلەت ئىشلـىرى تەرتىپـكە سېلىندى. ئالائۇد داۋلە بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولدى.

ئەللاما بەزىدە ئۆز ئىشلىرىغا قاتتىـق بېرىلىـپ كېتىـپ، ساراي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە رىئايە قىلىش، ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن ئىززەت ـ ھۆرمەت قائىدىلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالاتـتى. بىركۈنى ئۇ پۈتۈن دىقـقىتىـنى بىر يەرگە توپـلاپ «دانىشـمەنـنامە» دېگەن ئەسىرىنى يېزىۋاتقان ۋاقتىدا ھۆكۈمدارنىڭ يېـقىن مۇلازىملىرىـدىن بىرى سالام بېرىـپ كىردى ـ دە، قولىـدىكى زەرباب تۈگۈنـچىنى كۆرسىتىپ:

— زاتى شاھانىلىرى جانابلىرىغا قىممەت باھا سوۋغىـلار ئەۋەتـتى، — دېدى.

ئەللاما ئوڭ قولـدا قەلەم تۇتـقان پېـتى بېشى بىلەن نېرىـقى خانىغا ئىشارەت قىلىپ:

— خىزمەتچىمگە بېرىپ قويۇپ كېتىۋېرىڭ، — دېدى.

چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەن مۇلازىم: "ئالدىرىماي تۇر، بۇ گېپىڭنى كۆپتۈرۈپ ئالىي ھەزرەتنىڭ قۇلاقلىرىغا يەتكۈزمىسەم ئادەم بولـماي كېتەي" دەپ قەسەم ئىچىپ چىقىپ كەتتى.

كۈن پاتقاندىن كېيىن ئىبنـى سىـنا ئۆمرىـدە ھېـچ كۆرمىـگەن ناتونۇش بىر كىشى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ:

— دەرھال ئىسپاھاندىن چىقىپ كېـتىڭ، — دېدى تۆۋەن ئاۋاز بىلەن، — ئالائۇد داۋلە ھەزرەتلىرى غەزەپلەندي. "مېنىڭ سوۋغام

نى ئىززەت ـ پىسەنت قىلمىغان ئادەم ئۆلۈمگە لايىق" دېدى. ھازىر جاللاتلار كېلىپ، سىزنى ئېلىپ كەتكۈسىدۇر، دەرھال قېچىڭ.

پادىشاھنىڭ سوۋغىسىنى ئېچىپ كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن ئەللاما بېشى خەۋپ ئاستىدا قالغىنىنى بايقاپ، قېچىشقا ھازىرلاندى. ئۇچىسىغا چاكىرىنىڭ تونىنى كىيىپ، قولىغا ھاسا ئالدى ـ دە، شەھەردىن چىقىپ كەتتى. يولدا سودىگەرلەر كارۋىنىغا قوشۇلۇپ شىمالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## يېڭى شاگىرت

ئۇ بىر ۋاقىتلاردا تىنچ ھايات كەچۈرگەن رەي شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىنكى كارۋان سارايدا دەم ئېلىپ ھاردۇقىنى چىقاردى، ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن سودا قىلغىلى بازارغا ماڭدى. مىلىچ ماللار بازىرىغا كىرىپ كەلگەندە، تاختا ئۈستىدە دورا ـ دەرمەكلەرنى يېيىپ، ئۆز ماللىرىنى ماختاپ سېتىۋاتقان ياش بىر يىگىت ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. يىگىت: "خۇش كېلىپسىز، ھىللە، پىرپىردەراز، تەباشرى ئەلا مەندە بار، رەي شەھىرىدە ماڭا تەڭ كېلىدىغان تېۋىپ يوق!" دەپ ماختىناتتى. ئادەملەر بىر ـ بىردىن كېلىپ، ئۆزلىرىنى كۆرسىتەتتى، ئۇنىڭدىن دورا ئېلىپ كېتەتتى. بىردەمدىن كېيىن يۈزىنى ياغلىق بىلەن ياپقان بىر جۇۋان ياش تېۋىپنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىرنېمە دېدى.

— سىز ياش ئىكەنسىز. مەنمۇ ياش، بىلىكىڭىزنى تۇتۇپ كۆرۈش مەن ئۈچۈن ناجايىز، — دېدى تېۋىپ قارا كۆزلىرىنى سۈزۈپ. — قېرى بولغىنىمدىغۇ بىر گەپ ئىدى. سىز مۇنداق قىلىڭ، مانا بۇ

يىپنىڭ ئۇچىنى بىلەك تومۇرىڭىزنىڭ ئۈستىگە باغلاڭ، مەن ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ تەۋرىنىشتىن كېسىلىڭىزنى تاپىمەن!

ياش جۇۋان پەردە كەينىدىن ئاپئاق قولىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئېيتقىنىنى قىلدى. تاختاي ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان يىگىت يىپنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، قاشلىرىنى ھىمىردى ـ دە:

— بۈگۈن ئەتىگەن قېتىق ئىچىپسىز، — دېدى، — ئۆيىڭىزمۇ چوڭقۇرراق يەردە ئىكەن، زەي ئىكەن. قورسىقىڭىزدا سۇ بار ئىكەن. مانا بۇ دورىدىن بىر قوشۇقنى يېرىم پىيالە سۇدا ئېرىتىپ، ھەر كۈنى بىر قېتىم ئىچىپ تۇرسىڭىز، ياخشى بولۇپ قالىسىز.

— راست ئېيتتىڭىز، — دېدى ياش ئايال يىگىتنىڭ قولىدىن دورىنى ئېلىپ. — بۈگۈن ئەتىگەن قېتىق ئىچكەنىدىم، زەي ئۆيدە تۇرىمەن. قانداق قىلاي، باشقا ئۆيگە كۆچۈپ كېتىشنىڭ ئامالى يوق.

تېۋىپنىڭ "كارامىتى"دىن تەئەججۇپلەنگەن ئەللاما ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئاغرىقنىڭ بۈگۈن قېتىق ئىچكىنىنى، ئۇنىڭ سازلىق يەردە تۇرىدىغىنىنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆيۈمگە بېرىپ مېھمان بولسىڭىز. شۇ سوئالىڭىزغا جاۋاب بەرگەيمەن. شەكلى ـ تۇرقىڭىزدىن جانابىڭىزنى تونۇدۇم. سىز بۇخارالىق مەشھۇر تىببىي ماھىر ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىناسىز. ئىسپا ـ ھان ھۆكۈمدارى دەستىدىن قېچىپ كەلگىنىڭىزنى ئاڭلىغانىمەن.

ئەللاما بۇ يىگىتنىڭ ھەر نەرسىدىن خەۋەردارلىقى، ھوشيارلىقىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى ۋە تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى.

— ياش ئايال پەردە ئىچىدىن قولىنى چىقىرىپ، بىلىكىگە يىپ ئۇچىنى باغلاۋاتقاندا يەھۇدىيلارغا خاس قىممەت باھا رەختتىن كۆڭلەك كىيگەنلىكىنى ۋە ئېتىكىگە قېتىق يۇقۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ قالدىم، — دېدى يىگىت داستىخانغا پاتىھە ئوقۇغاندىن كېيىن. — مۇساۋىيلەر رەي شەھىرىنىڭ چېتىدىكى پەسرەك يەردە ياشايدۇ. ئۇنىڭ كېسىلىنى، ئەلۋەتتە، يىپىنىڭ تەۋرىنىشىدىن ئېنىقلىمىدىم. مېنى كەچۈرۈڭ، ئۇستاز، بۇ يەھۇدىيلارنى ئالداپ پۇلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن نەيرەڭ ئىدى.

— ئىلمى تىب ئالدامچىلىق ۋە پۇل تېپىش ۋاستىسى ئەمەس. تېۋىپ ئاغرىقنىڭ مەزھىپى، مىللىتىگە قارىماي، ئۇنىڭ كېسىلىنى تېپىشى ۋە ساقلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈستىدە باش قاتۇرۇشى كېرەك. ئاشۇ ئايالغا نېمە دورا بەردىڭىز؟

— ئۇۋۋالغان ئاق بور، ئۇنىڭ زەررىرى يوق.

— ئىككىنچى بۇنداق ئىشنى قىلماڭ. ئەڭ ئاۋۋال نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئىلمى تىبنى ياخشى ئۆگىنىۋېلىڭ.

— مېنىڭمۇ مەقسىتىم شۇ. سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولۇپ، دورا-دەرمەك تەييارلاشقا ياردەملەشسەم، ھۈنىرىڭىزنى ئۆگەنسەم...

ئەللاماغا خۇددى شۇنداق ئەقىللىق، چاققان بىر ياردەمچى كېرەك ئىدى. ئۇ كۆزلىرى ئويناپ تۇرغان يىگىتكە قاراپ: "بېشىدىن ياشلىق غۇرۇرى كەتمىگەن يىگىتكە ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدى. — ئەمما ئىلمۇپەن ئۇنى خۇددى ھارۋىغا قوشۇلغان ئاتتەك ياۋاش قىلىپ قويىدۇ. ئەڭ مۇھىمى پاراسەتلىك ئىكەن."

ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ئىبنى سىنانىڭ نەدىلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئالائۇد داۋلە ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بىر مۇلازىمنى ئەۋەتىپ ئەپۇ

سورىدى ۋە يەنە پايتەختتكە قايتىپ كېلىشىنى ئىلتىماس قىلدى. ئەللاما يېڭى شاگىرتى بىلەن ئىسپاھانغا راۋان بولدى.

## ئۆمۈر دەپتىرىنىڭ ئاخىرقى بېتى

ئىبنى سىنا پايتەختتكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئالائۇد داۋلە ئۇنى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىپ، قىممەت باھا سوۋغىلار ئىنئام قىلدى. ئەللامىمۇ ئارىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك قېچىپ يۈرگەن چاغدا يازغان ئەسىرى «دانىشمەننامە»نى ئۇنىڭغا بېغىشلىدى ۋە ھۆكۈمدارنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى قاتارىدا ئىشنى باشلىۋەتتى.

بەزىدە باھار يامغۇرلۇق كەلگەن يىللىرى تاغلاردىن شارقىراپ ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىغان قىيانلار تىنچ ئېقىپ كەلگەن چوڭ دەريانى قۇترىتىۋەتتى، ئۇ قىرغاقتىن چىقىپ، زىرائەتلەرنى پايخان، يېزىلارنى ۋەيران قىلىشقا باشلىدى.

مەلىكە سەيىدە ۋاپات بولغاچقا①، مەھمۇد غەزنىۋىي رەي شەھە-رىنى بېسىۋېلىپ، ئۇنى ئوغلى مەسئۇدقا سوۋغا قىلدىيۇ، ھەمەدان، ئىسپاھان شەھەرلىرى، ئەرەب ئىراقىنى بېسىۋېلىشنى ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلىدى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئىبنى سىنانىڭمۇ ئارامى بۇزۇلۇپ، ھاياتى خۇددى دولقۇن ئۈستىدىكى قېيىقتەك خەتەر ئۈستىدە قالدى.

مەسئۇد ئىسپاھاننى جەڭ بىلەن ئىشغال قىلغاندىن كېيىن باج ـ خىراج تۆلەپ تۇرۇپ، نامازى جۈمەدە خۇتبەنى ئاتىسى نامىغا ئوقۇتۇش شەرتى بىلەن ئالائۇد داۋلەنى ئۆز ئورنىدا قالدۇردى.

---

① مەلىكە سەيىدە 1028 ـ يىلى ۋاپات بولغان. (ئاپتور)

بىراق مەھمۇد غەزنىۋىي ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسپاھان ھۆكۈمدارى بىر سىلكىنىپ، ئۈستىدىكى ئىتائەت يۈكىنى چۆرۈپ تاشلىدى ـ دە، كۈچ توپلاپ قولدىن كەتكەن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆمرى سەپەرلەردە ئۆتتى، گاھ غەلىبە قازاندى، گاھ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئىبنى سىنامۇ ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى. بۇ سەرگەردان ناتىنچ ھايات ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزدى.

ئالائۇد داۋلە ئىسپاھان بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئىززەج شەھىرىنى ئالغاندا پايتەختتە قالغان مەسلىھەتچىسى ئەبۇ ئەلىگە ئادەم ئەۋەتىپ دەرھال ھۇزۇرىغا يېتىپ كېلىشىنى بۇيرۇغاندى. قۇلىنچ كېسىلى تەسىر قىلىپ ھالى قالمىغان ئەللاما ئۇنىڭ سۆزىنى يەردە قالدۇرالماي سەپەرگە ئاتلاندى، يولدا كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ئاشقازىنىدا سانجىق پەيدا بولدى. ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلدىيۇ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

تەكچىلىرى گەجدىن ئىشلەنگەن گۈللۈك ئۆينىڭ پەنجىرىلىرىدىن يىللىق شامال كىرىپ تۇراتتى. رەڭگى سارغىيىپ، بۇرنى ئاۋۋالقىدىنمۇ ئىنچىكىلىشىپ كەتكەن ئەللاما ئىڭراپ، ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ ئايلىنىپ يۈرگەن شاگىرتى ـــ ياش تېۋىپقا قانداق قىلىپ كەرەپىس ئۇرۇقىدىن دورا تەييارلاش كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

ـــ ئەستايىدىل، خۇددى ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىپ دورا تەييارلاپ بېرىمەن، خۇدا بۇيرۇسا تۈزۈلۈپ كېتىسىز، ـــ دەپ جاۋاب بەردى ئىنچىكە بېلىنى شايى پوتا بىلەن باغلىۋالغان ئەپچىل شاگىرتى كۆزلىرىنى ئۇۋىنىپ، ئەمما ئىچىدە : "ئەمدى ياتقان جايىڭىزدىن قوپالمايسىز، بايلىقىڭىز، سالامەتلىك ئۈچۈن پايدىلىق ئالتۇن،

كۆمۈش قەدەھ ۋە پىيالىلەر، گىلەملەر بىزگە قالدى“ دەپ ئويلايتت-
تى. ئەللاما ھەر ئېھتىمالغا قارشى يېنىدا ئۆزۈكىنىڭ كۆزىدەك
گۆھەرلەرنى ئېلىپ يۈرىدىكەن، دېگەن سۆز ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ
قالغانىدى. ”تېز رەك ئۆلسە، ھەممىسىگە مەن ئىگە بولىمەن.“
شاگىرت كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۆگدەپ قالغان ئۇستازىغا ئەندىشە بىلەن
قاراپ قويىدى - دە، كەرەپىس ئورۇقنى ئۇنىڭ ئېيتقىنىغا قارىغاندا
تۆت ھەسسە كۆپ سېلىپ دورا تەييارلىدى.
— ۋاي ئۆلىدۇم... يۈرەك - باغرىم كۆيۈپ كەتتى... — دەپ
ئىڭرىدى ئاغرىق ئىچىگە كىرگەن ئۆتكۈر دورىنىڭ ئازابىغا چىدىيال-
ماي، — ئەمدى ماڭا مۇشتەك تەرياكىنى...يىلىلىق سۇدا ئېرىتىپ
ئىچۈرۈك...زەھەر ئاغرىقى بېسىلسا...
— خىزمەتلىرىگە دائىم تەييارمەن، — دېگەن ياش تېۋىپ
نوقۇتتىن چوڭراق ئەپيۇننى يىللىق سۇدا ئېزىپ ئىچۈرۈۋەتكەندىن
كېيىن: ”يەتتىنچى ئاسمانغا چىقىپ كېتىدۇ“ دەپ ئويلىدى ئۇستازى
سەل كۆلۈمسىرەپ ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن. ئۇ بىرئاز سەۋر
قىلىپ تۇردى - دە، ھوشىدىن كەتكەن ئاغرىقنىڭ ئىشتىنىنىڭ
ئىشتانباغ ئۆتكۈزىدىغان يېرىگە تىكىۋالغان نوقۇتتەك گۆھەرلىرىنى
ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى...
ئۆز مەسلىھەتچىسىنىڭ ھالى ئېغىرلىشىپ قالغىنىدىن خەۋەر تاپقان
ئالائۇد داۋلە ئۇنى ھەمەدان شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ، بىرەر ئۇستا
تېۋىپقا كۆرسىتىشكە ۋەدە قىلدى. بۇ كىچىك شەھەردە تۇزۇكرەك
تېۋىپ يوق ئىدى. سىرى ئېچىلىپ قېلىشتىن قورققان ياش تېۋىپ
ئۇستازىنىڭ قىممەت باھا نەرسىلىرى ۋە ئەسۋابلىرىنى ئىسپاھانغا
ئېلىپ بېرىپ، ئەبۇ ئۇبەيد بىلەن مەھمۇدنى ئەھۋالدىن خەۋەردار

قىلىش باھانىسى بىلەن مېڭىپ كەتتى ۋە ئۆزىنى يوقىتىش ئۈچۈن رەي شەھىرىگە قاراپ كەتتى.

ئەبۇ ئەلى بولسا ھەمەدانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنى يېنىك سېزىشكە باشلىدى. ئۇ ياتقان جايىدا خىيالەن ئۆمۈر دەپتىرىنى بىر-بىرلەپ ۋاراقلايتتى، ئالتۇن سۈيى بىلەن يېزىلغان سەھىپىلەر كۆز ئالدىدىن ئۆتكەندە كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. بەزەن مۇتەئەسسىپ موللىلار، زالىم ھۆكۈمدارلار، مەرىپەت دۈشمەنلىرىنىڭ تەئەددى-لىرىنى ئەسلەپ يۈرىكى سىقىلىپ كېتەتتى-دە، تۆپىسىدە تۇرغان قېرى تېۋىپقا يېلىنىپ: "ماڭا تېرىقتەك ئەپيۇننى ئېرىتىپ ئىچۈرۈڭ" دەيتتى... ئۇ ئۆزىنى تېتىك ھېس قىلغىنى ئۈچۈن ئەنسىرەپ: "ئەجەل ئىشىك كەينىدە مارىلاپ تۇرغان بولسا كېرەك، شام ئۆچۈش ئالدىدا 'لاپ' قىلىپ يېنىپ، بىردىن ئۆچىدۇغۇ" دەپ ئويلىدى ۋە ياتقان جايىدىن سۈرۈلۈپ بېرىپ، جوزا يېنىدا ئولتۇردى، قولىغا قەلەم ئېلىپ ۋەسىيەتنامە يېزىشقا باشلىدى. ئاخىرقى ئارزۇسى خىزمىتىدە بولغان ھەممە ئەر ۋە ئايال قۇللارنى ئازاد قىلىپ، ئۇلارنى بىر-ئىككى يىللىق مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ۋەسىيەتنامىگە چېكىت قويدى-دە، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ جايىغا بېرىپ ياتتى.

...428-سەنەيى ھىجرىيە، رامىزان ئېيىنىڭ بىرىنچى جۈمە كۈنى① كىچىك پايتەخت ھەمەدان شەھىرى بۇزۇلغان ھەرىنىڭ ئۇۋىسىدەك چۇۋۇلۇپ كەتتى. كوچىلار قالايمىقان، ئاق ماتا بىلەن ئورالغان تاۋۇت ماتەمگە پاتقان ئادەملەر مۈرىسىدە كوچا ئوتتۇرىسى-

---

① مىلادىنىڭ 1037-يىلى 24-نويابىرغا توغرا كېلىدۇ.

دىن لەپىلـدەپ ئۆتۈپ كەتـمەكـتە. كۆزلىرى قىزارغان ئادەملەر نۆۋەت بىلەن تاۋۇتنىڭ سىپىنى مۇرىلىرىگە قويۇپ، تېز-تېز قەدەم تاشلاپ ماڭماقتا. ئالدىـدا ئەبۇ ئەلـىنىڭ ھاسا تايىنىپ يىغلاپ كېتىۋاتقان ئۇكىسى، شاگىرتلىرى، خىزمەتچىلىرى ۋە ئاددىي يالىڭاياق ئادەملەر قاتارىدا باش ئېگىپ كېتىۋاتقان زەر تونلۇق شاھزادىلەر، ئېسىلزادىلەرمۇ بار.

— پۈتـۈن شەھەر ئۆرە-تۆپە بوپتۇ. كىم ئىكەن ئۇ قازا بولغان؟ — دەپ سورىدى كىيىم-كېچەكـدىن سەھرالىقلىقى كۆزگە تاشلانغان چەكمەن چاپانلىق بىر كىشى يېنىدا ھاسىغا تايىنىپ تىترەپ تۇرغان بوۋايدىن.

— شەھەرگە ھازىر كەلگەندەك قىلىسىز، ئۇنداق بولمىغاندا، بېشىڭىزغا قانداق ئېغىر كۈلپەت چۈشكىنىنى بىلگەن بولاتتىڭىز، — دېدى مويسىپىت، — بۈگۈن ئەتىگەن ئۇلۇغ تېۋىپ ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئالەمدىن ئۆتتى. كۈچۈم يەتسە، مەنمۇ شۇ ئادەملەر قاتارىدا بولاتتىم.

ئۇنداق بولسا، مەنمۇ كۆتۈرۈشۈپ ئېلىپ باراي، — دەپ تاۋۇت كەينىدىن يۈگۈردى چەكمەن چاپانلىق كىشى.

(ئاپتورنىڭ ئۆزبېكچە «كارۋان يوللىرىدا» توپلىمىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئا. خەلپەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

# جەيھۇن ئۇستىدە بۇلۇتلار

## (تارىخىي قىسسە)

## مىركەرىم ئاسىم

### 1

خارەزمشاھ ئەبۇ ئابدۇللانىڭ ھەدىسىنىڭ ئىسرى ئەبۇ ناسىر مەنسۇر ئىبنى ئىراق مەرىپەتپەرۋەر، سىپاھ ئادەم ئىدى. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئەمەلدارلار بىلەن ئەمەس، بەلكى ئالىم ۋە پازىل ئادەملەر بىلەن سۆھبەتلىشىشتىن زوقلىناتتى، ئىنسانىنىڭ زىننىتى زەر باسقان چاپان ۋە تىللا كەمەر ئەمەس، ئىلمۇ ئىرپان دەپ ھېسابلايتتى. شۇ سەۋەبتىن، تەختكە ئولتۇرۇپ دۆلەت كېمىسىنى ئىدارە قىلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى، ۋاقتىنى ماتېماتىكا، گېئو-مېترىيە، پەلەكىيات① ئىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلاتتى.

ئادەتتە پادىشاھلار تەخت ـ تاج توغرىسىدا خىيال سۈرىدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن قورقىدۇ، ئۇلارنى پايتەختتىن يىراقلاش-تۇرۇش ۋە نازارەت ئاستىدا ساقلاشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەبۇ

---

① ئوتتۇرا ئەسىردە ئاسترونومىيە ۋە تەبىئىي جۇغراپىيىدىن ئومۇمىي مەلۇمات بېرىدىغان پەن.

ئابدۇللا ئالىم ۋە پازىل ھەدىسىنىڭ ئىبنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرماي، ئۇنىڭغا يەر، سۇ ئىنئام قىلىپ، ئۇنى ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلغان.

ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ ساھىلىدىكى كات① شەھىرى بۇخارادىن چوڭ ۋە ياخشى ئىدى. دەرياغا يېقىن دۆڭلۈك تۆپىسىگە قۇرۇلغان، ئۈچ قەۋەت سېپىل بىلەن ئىھاتە قىلىنغان قەلئە، پەشتاقلىرى كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن مەسچىتلەر، دەرۋازىلىرى ئۈستىگە شىر رەسىملىرى سىزىلغان كارۋان سارايلار شەھەرگە ئۇلۇغوار تۈس بېرەتتى. ئىران، ئىراق ۋە مەۋەرەئۈننەھردىن ئىدىل بويىدىكى شەھەرلەرگە، رۇس زېمىنىغا قاتنايدىغان كارۋانلار شۇ شەھەردە توختاپ، تۆرلۈك مەملىكەتلەردىن كەلتۈرۈلگەن ماللارنىڭ بىر قىسمىنى يول خىراجىتى ئۈچۈن شۇ يەردە پۇل قىلىپ ئىستېمال قىلاتتى. بۇ يەردە يۇنانلىقلار، سۇرىيىلىكلەر، ئەرەبلەر، رۇسلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى.

ئەبۇ ئابدۇللا بىلەن ئەبۇ ناسىر ئىلىم ۋە سەنئەت ئەھلىگە ھامىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەرگە تۆرلۈك مەملىكەتلەردىن ئالىملار، شائىرلار يىغىلىشقا باشلىغانىدى.

بىر كۈنى ئەبۇ ناسىر شەھەر سىرتىدىكى خەلپەت داموللىدىن زېھنى ئۆتكۈر، ئوقۇغان، ئاڭلىغان نەرسىسىنى زادى يادىدىن چىقارمايدىغان قابىلىيەتلىك بىر بالىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، ئۇنى كۆزمەكچى بولدى.

---

① كات — بۇرۇن شابباز شەھىرى، ھازىر ئۇنىڭغا بىرونىي نامى بېرىلگەن.

www.uyghurkitap.com

ئۇ چوڭلاردەك سالام بېرىپ كىرگەن توققۇز ـ ئون ياشلىق، دۆڭ پېشانە بالىغا تىكىلىپ، نامى ۋە دادىسىنىڭ ئىسمىنى سورىدى.

ئۇ داموللىدىن ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئېيتىدىن چىقىرىپ قويغانىدى.

ــ ئېتىم مۇھەممەد، دادامنىڭ ئېتى ئەھمەد ئىكەن.

ئەبۇ ناسىر تەپ تارتماي جاۋاب بەرگەن بالىغا قاراپ ئويلاشقا باشلىدى.

ئۇ ۋاقىتلاردا دادىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسمى نامەلۇم بولغان بالىلارنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد دەپ چاقىرىدىكەن.

ــ داداڭنى كۆرگەنمىدىڭ؟

ــ ياق، كىچىكىمدە ئۆلۈپ كەتكەنىكەن.

ــ ھازىر سېنى بېقىۋاتقان موماي ئۆز ئاناڭمۇ؟

ئاق يەكتەكلىك مۇھەممەد ياماق چۈشكەن مۈرىسىنى قىسىپ:

ــ ئەمىسچۇ، ــ دېدى.

ئەبۇ ناسىر تەخمىنىنىڭ توغرا چىققىنىنى پەملەپ، بالىنىڭ زاتىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمىدى ۋە ئۇنىڭدىن ئىمتىھان ئېلىپ كۆردى.

مۇھەممەد ھەرپلەرنى ياخشى بىلەتتى، قۇرئاننى دۇدۇقلىماي ئوقالايتتى. شۇ ياشتىكى كۆپ بالىلار ئايرىم سۈرىلەرنى ياد ئېلىپ ئۇلارنى تۇتىدەك يادقا ئوقۇپ بېرەتتى، ئەمما خەت يازالمايتتى. مۇھەممەد بولسا ساۋاتلىق، يېزىش ـ سىزىش قولىدىن كېلەتتى. ئىبنى ئىراق ھەيران بولۇپ، ئاڭا تىكىلىپ قالدى. كېيىن:

ــ نېمە بىلەن شۇغۇللىنىسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ بىزمۇ؟ چۆلدىن ئېشەكتە سەكساۋۇل ئېلىپ كېلىپ ساتىمىز.

مەن يەنە ھەر خىل ئوتلارنى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇقىنى يىغىپ كېلىپ، بىر يۇنانلىققا ساتىمەن.

— ئۇنداق بولسا، سەن گىياھلارنىڭ نامىنىمۇ بىلەرسەن، مانا بۇ نېمە؟ — ئەبۇ ناسىر ئويۇقتىن يوپۇرمىقى كىچىك قۇرۇق ئوتنى ئېلىپ كۆرسەتتى.

— ئالابوتا①. يۇنانچە "رەم - رەم".

— بۇچۇ؟

— زەفەر②، ئەنخۇس.

— ھى، سەن بۇلارنىڭ يۇنانچە نامىنى نەدىن بىلىسەن؟ — دەپ سورىدى ئىبنى ئىراق ياقىسىنى تۇتۇپ.

— ئاشۇ يۇنانلىق ئۆگەتكەن. موگۇنى فوتر دەيدۇ.

— يارايسەن.

ئەبۇ ناسىر بالىنىڭ خاتىرىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، بىر ئاڭلىغان نەرسىنى ئېسىدە ساقلايدىغانلىقىغا ئىشەندى. مۇھەممەد ھازىر جاۋاب، يۈرەكلىك بالا بولۇپ، بەرگەن سوئاللارغا تارتىنماي جاۋاب بېرەتتى. ئويۇقلاردىكى خۇرۇم مۇقاۋىلىق كىتابلارغا قارايتتى. ئۇ شەكلى كەكچىگە ئوخشايدىغان، ئىچى بىرنەچچە قەۋەت بولۇپ، ھەربىر قەۋىتىگە دائىرىلەر سىزىلغان ئەسۋابقا تىكىلىپ:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇستۇرلاپ. قوي، تۇتما، — دېدى ئۆي ئىگىسى ئۇستۇرلاپنىڭ سېپىنى تۇتماقچى بولغان بالىنىڭ قولىنى چەتكە ئېلىپ

① ئالابوتا — شورا، ياپۇز تېپىدىكى بىر خىل ئوت.

② زەفەر — زىرە تېپىدىكى ئۆسۈملۈك.

قويۇپ، ــ ئەگەر ئوقۇساڭ، ئۇنىڭ سىرىدىن تۇتۇپ، ئايلاندۇرۇش-نى، قۇياش ۋە ئاينىڭ ئاسماندىكى ھالىتىنى بەلگىلەشنى ئۆگىنىمەن. ئەقىللىق، ئەدەبلىك بولساڭ، سېنى ئۆزەمگە شاگىرت قىلىپ ئالىمەن، ئايىغىڭغا ئۆتۈك، ئۇچاڭغا چاپان ئېلىپ بېرىمەن.

بالا ئىشەنمەي:

ــ خالىسىڭىز سىزگە جان دەپ شاگىرت بولاتتىم، ئوقۇتقىنىڭىز ئۈچۈن ھەر ھەپتىدە چۆلدىن بىر ئېشەك سەكساۋۇل ئەكىلىپ بېرەتتىم، ــ دېدى.

بۇ نارەسىدە يېتىم بالىنىڭ يۈرەكتىن چىقىرىپ ئېيتقان سۆزلىرى ئىبنى ئىراقىغا قاتتىق تەسىر قىلدى ۋە كۆڭلى ئېرىپ:

ــ سەن ياخشى ئوقۇساڭ شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە، بەزى داموللىلاردەك ئوقۇتقىنىم ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ــ دېدى. ــ سەندىن تۈرلۈك گىياھلارنى سېتىۋالدىغان ئاشۇ يۇنانلىقنىمۇ چاقىرتىمىز، ئۇ ساڭا يۇنان تىلىنى ئۆگەتسۇن.

شۇ كۈندىن باشلاپ، مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد موھتاجلىق بالاسىدىن قۇتۇلۇپ، پۈتۈن كۈچ-غەيرىتىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە سەرپ قىلدى. ئىبنى ئىراق ئۇنىڭغا ھېساب ۋە گېئومېترىيە ئىلمىدىن، ئەبۇ سەھل ــ خرىستىئان دىنىدىكى ياشلا بىر موللا يىگىت بولسا ئەرەب تىلى ۋە ئىلمى تەبىئەتتىن دەرس بېرىشكە باشلىدى.

بىركۈنى ئىبنى ئىراق ئەبۇ سەھلىدىن مۇھەممەدنىڭ قانداق ئوقۇۋاتقانلىقىنى سورۇشتۇردى.

ــ ئادەم بالىسى شۇنچىلىك ئەقىللىق بولىدۇ، دەپ ئويلىمىغانىدىم، ــ دەپ جاۋاب بەردى ياش موللا، ــ ھەركۈنى ئون-ئون ئىككى سۆزنى خاتىرىسىگە ئېلىۋالىدۇ. مېڭىسى چارچىمىسۇن، دەپ

كۇنده ئۇندىن ئارتۇق سۆز ئۆگەتمەسلىككە ھەرىكەت قىلىمەن. ئامال بار، كۆز تەگمىسۇن دەيمەن.

— زوق بىلەن ئىلىمگە بېرىلگەن كىشىنىڭ مېڭىسى چارچىمايدۇ. ئۇنىڭغا كۆز تېگىدۇ، دەپ زادى قورقماڭ. ئىرادىسىز، غەيرەتسىز ئادەملەرلا قورقىدۇ.

— راست ئېيتتىڭىز. مۇھەممەد بەك ئەقىللىق، ئۆزىگە پىششىق بالا، قولىغا كىرگەن ھەر سۆزگە ئىشىنىۋەرمەيدۇ، ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇپ ھارمىغىنىغا ھەيرانمەن.

ئىبنى ئىراق ئۇنىڭ سۆزىدىن زوقلىنىپ كۈلدى.

* * *

مۇھەممەد ئۇستازىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن چىقمايتتى، كېچە-كۈندۈز كىتابتىن باش كۆتۈرمەيتتى. بىركۈنى ئىبنى ئىراق ئۇنىڭ قولىدىن ئارىستوتېلنىڭ «مابادات تەبىئە» دېگەن كىتابىنى تارتىپ ئېلىپ ئويۇققا قويدى.

— ئاۋۋال ئىلمى ھېساب، ھەندەسەنى ئۆگەن. پەلسەپىگە تېخى چىشىڭ پاتمايدۇ، — دېدى ۋە شاگىرتىنىڭ قولىغا ئۇقلىدۇسىنىڭ «ھەندەسە»سىنى تۇتقۇزدى. — ئەڭ ئاۋۋال بېرىلگەن دەرسلەرنى تەكرارلا. ھازىرچە ئارىستوتېلنى قويۇپتۇر!

— ئۆتكەن دەرسىڭىزنى تەكرارلاپ بولۇپ، ئارىستوتېلنى قولغا ئالغاندىم.

— چۈشەنمىسەڭ، نېمە قىلىسەن ئوقۇپ؟

— ياخشى چۈشىنەلمىسەممۇ، ئوقۇغىنىمدا قۇلىقىمغا يىراقتىن يېقىملىق بىر ئاۋاز كەلگەندەك بولىدۇ. مۇسىقا تىڭشىغاندەك راھەتلىنىمەن. — ئۇ ھازىرلا ياد ئالغان بىر پارچىنى ئاۋازلىق ئوقۇپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇستازىنى ھەيران قالدۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ ناسىر شاگىرتىنىڭ قولىدا ئارىستوتېل، فارابىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرسىمۇ گەپ قىلمايدىغان بولدى. "بۇنىڭ ئوقۇسۇن، ياد ئالسۇن، ئاخىر بىركۈنى چۈشىنىۋالىدۇ" دەپ ئويلايتتى ئۇ.

بىرونىي، يەنى شەھەر سىرتىدا ياشىغۇچى ئادەم، سەھرالىق دەپ نام ئالغان ئۆسمۈر 15 ــ 16 يېشىدىلا پەلسەپە، مەنتىق، پەلەكىياتقا دائىر ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، ياخشى چۈشىنىدىغان، قۇياش، سەييارىلەرنىڭ ئاسماندىكى ھالەتلىرىنى كۆزىتىدىغان بولدى. يىللار ئۆتكەنسېرى زېھىن بۇلىقىنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، ئىلمگە تەشنا بولغان ياشلار ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشقا باشلىدى. بىرونىي بوش ۋاقىتلىرىدا شېئىر ئوقۇيتتى، دىنىي كىتابلارنى مۇتالىئە قىلاتتى.

ــ مۇقەددەس كىتابلاردا ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان يەرلەر بار، ــ دېدى ئۇ بىركۈنى ئۇستازى كۇتۇپخانىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ئالدىغا كەلگەندە. ــ ئولتۇرۇڭ، كۆڭلۈمدىكى شۈبھە تۈگۈنلىرىنى يېشىشكە ياردەم بېرىڭ. «تەۋرات»تا خۇدا ئالەمنى ئالتە كۈندە ياراتتى، بىرىنچى كۈنى يەر ۋە ئاسماننى، ئۈچىنچى يەنى چارشەنبە كۈنى ئاي بىلەن قۇياشنى ياراتتى، دېيىلگەن. ھالبۇكى، كۈن ۋە تۈنىنىڭ سەۋەبچىسى چىقىپ، پېتىپ تۇرىدىغان ئاپتاپقۇ، ئۇ بىرىنچى كۈنى يارىتىلىشى كېرەك ئىدىغۇ...

ــ پەس گەپ قىل، ــ دېدى ئەبۇ ناسىر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاغزىدىن تارتىۋېلىپ، ــ تەنتەكلىكىڭ بېشىڭغا چىقمىسا ئىدى! مۇقەددەس كىتابلارنى ئىلمى مەنتىقنى ئۆگەنمەستىن ئاۋۋال ئوقۇش كېرەك.

ئۇ شۇ چاققىچە ھېچكىم بايقىمىغان ھەقىقەتكە ئىدرىكى يەتكەن

شاگىرتىنىڭ ھەم-پاراستىگە قايىل بولىدى، لېكىن تەنتەكلىك يولىغا كىرىپ، پالاكەتكە يولۇقۇشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن دەلىللەر ئىزدەشكە باشلىدى.

— خۇدانىڭ بىركۈنى بىزنىڭ بىر كۈنىمىز بىلەن تەڭ ئەمەس، — دېدى ئۇ ئارانلا. — قۇرئاندا، خۇدانىڭ كۈنى سىزنىڭ 50 مىڭ يىلىڭىزغا تەڭ، دېيىلگەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟ كەل، ئەمدى بۇ توغرىدا مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرمايلى. سەن ئەمدى ئىسلاھىيەت بابىدىكى تەتقىقاتلىرىڭنى توختىتىپ، ئىلمى تەبىيات ۋە جۇغراپىيە بىلەن شۇغۇللان.

بىرونىي قەدىمكى يۇنان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇغراپىيىچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. بەتلىمۇس① يەركۈررىسىنىڭ گلوبۇسىنى ياساش يوللىرىنى ئۆگەتكەنىدى. 21 ياشقا كىرگەن ياش ئالىم قۇتىرى (دىئامېترى) يەتتە مېتىر كېلىدىغان چوڭ گلوبۇس ياسىدى. تۈرلۈك مەملىكەتلەر، شەھەرلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئارىسىدىكى مۇساپىنى بەلگىلىگۈچى سىزىقلار سىزدى. خەتتى ئوستۇۋانىڭ② جەنۇبىدا قۇرۇقلۇق يوق، دەپ ئويلىغىنى ئۈچۈن، ئۇنى كۆك بوياقتا بويىدى. بۇنىڭدىن باشقا ساماۋى جىسىملار ئۈستىدىن كۆزىتىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇستۇرلاپ ۋە بۇلۇڭ ئۆلچەيدىغان چوڭ ئەسۋابلار ياسىدى. ئېلىپ بارغان كۆزىتىشلىرىنى چوڭ بىر دەپتەرگە يېزىپ باردى.

---

① بەتلىمۇس — پتولېمېي.

② خەتتى ئوستۇۋا — ئېكۋاتور.

www.uyghurkitap.com

## 2

شۇ ۋاقىتتا جەيھۇن ئۇستىدە پالاكەت بورانلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. گۇرگەنچ ئەمىرى مەئمۇن بىننى مەھمۇد خارەزمشاھ ئەبۇ ئابدۇللانى ئاغدۇرۇپ، ئۆزى يالغۇز پادىشاھ بولۇش، پايتەختنى گۇرگەنچكە كۆچۈرۈش نىيىتىگە كەلگەن، ئۇرۇش باشلاش ئۈچۈن باھانە ئىزدەشكە باشلىغانىدى. بىرونىي بولسا ئىمكانىيەت ئىشكىلىرى ئېتىلمەستىن بۇرۇن قۇياش ئۇستىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆزىتىشلىرىنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈشكە ئالدىراۋاتتى. مەۋەرەئۇننەھرىدىمۇ تىنچلىق بۇزۇلغان، لەشكەر بېشىلاردىن بەزىدە ئۇ، بەزىدە بۇ ئىسيان كۆتۈرۈپ، سامانىلار دۆلىتىنىڭ چىرىپ كەتكەن تۈۋرۈكلىرىنى قوزغاپ بېقىشقا ئۇرۇناتتى.

خارەزمشاھ ئەبۇ ئابدۇللا بۇ ۋەقەلەرنى تەشۋىش بىلەن كۆزدەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز تەقدىرىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىشى ئۇستىدە باش قاتۇراتتى، لېكىن ئويلاپ ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى.

بىركۈنى ئۇ ئويۇقلىرى گەج بىلەن زىننەتلەنگەن، پەنجىرىسى ئالتۇن نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن خاس ئۆيىدە ھەدىسىنىڭ ئېرى بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا شۇ توغرىدا سۆز ئاچتى:

— ئەمەلدار ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىمجۇر سامانىلار بېشىغا پۈتكەن بالا بولدى. مانا، بىرنەچچە يىل بولدى، ئۇ نۇھ بىننى مەنسۇرغا قارشى ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، مەۋەرەئۇننەھرىنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ كەلمەكتە. تۈنۈگۈنلا بۇخارادىن كەلگەن چاپارمەن قىزىق بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدى: نۇھ بىننى مەنسۇر غەزنە ۋىلايىتىنىڭ

ھاكىمى سەبۇكتەكىن بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇدنى ياردەمگە چاقىرتىپتۇ. ئويلايمەنكى، ئاتا ـ بالا ئىسيانكار ئەمەلدارلارنى گۆرىگە جايلىغايلەر.

ـــ ئىلايا، ئېيتقىنىڭ كەلسۇن، يۇرتنىڭ ئارامىنى بۇزغان ئىسيانـ كارلار ئۆلۈمگە سازاۋەردۇر، ـــ دېدى ئەبۇ ناسىر.

ئاردىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي ھەزەرەسپتىن كەلگەن نامە ئەبۇ ئابدۇللانى قاتتىق ھاياجانغا سالدى. ھەزەرەسپ ھاكىمى ئەبۇ ئەلىنىڭ يېڭىلىپ، خارەزمگە قاچقىنى، ھازىر شەھەر يېنىدىكى بىر يېزىغا يېتىپ كەلگىنىنى بىلدۈرگەن ۋە ئۇنى ئەسىر قىلىپ ئېلىشقا رۇخسەت سورىغانىدى.

ـــ دەرھال ئەسىر ئېلىپ، پايتەختتىكە ئەۋەتىلسۇن، ـــ دېدى ئەبۇ ئابدۇللا ساراي ۋەزىرىگە. ـــ پۇت ـ قولىنى باغلاپ، بۇخاراغا ئەۋەتكەيمەن.

ـــ ئىجازەت بەر، بىر سۆز قىلاي، ـــ دېدى ئەبۇ ناسىر مەنـ سۇر، ـــ ئاۋۋال ئويلاش كېرەك. مەسلىھەتسىز ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن. ئېھتىمال نۇھ بىننى مەنسۇر ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، مەئمۇنىنىڭ ئىختىيارىغا ئەۋەتىۋەتكەندۇ. ئەگەر بىز...

ـــ نۇھ ئۇنىڭ گۇناھىدىن كەچمەيدۇ، ـــ دەپ تاشلىدى ئەبۇ ئابدۇللا قىزىرىپ، ـــ قارا بۇغراخان بۇخاراغا يېقىنلاشقىنىدا ئەبۇ ئەلى ئۇنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ، شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگەنـ دى. نۇھ بۇخارانى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇ ئەبلەخ بەلخ ھاكىمى، ساتقۇن فايىق بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈردى. ئەگەر سەبۇكتەكىن ئۆز ئوغلى بىلەن ياردەمگە

www.uyghurkitap.com

كەلمىگەندە، سامانىلارنىڭ ھالى نېمە بولاتتى. ئەمدى ئۇ ئەبلەخ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانىكەن، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇنى ئەسىر قىلىپ، نۇھ بىننى مەنسۇرغا تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت.

بۇنداق ئالدىراش قەدەم تاشلاشقا قارشى بولغان ساراي ۋەزىرى ئەپۇ سوراپ بىر سۆز قىلماقچى ئىدى، ئەبۇ ئابدۇللا ئۇنىڭغا سۆز بەرمىدى.

— ئەبۇ ئەلى سىمجۇردا مېنىڭ خۇسۇمىتىم بار، ئېسىڭدە باردۇ. نۇھ بىرۋاقىتلاردا ماڭا ئابىۋاردىنى بەرگەنىدى. ئۇ ئىسيانكار ئەبلەخ ئاشۇ ئاۋات شەھەرنى ئىگەللەپ مېنىڭ ئەسكەرلىرىمنى كىرگۈزمىدى. شۇنىڭ ئەلىمگە چىدىيالماي يۈرەتتىم، ئەمدى ئۆچ ئېلىش پۇرستى كەلدى. پۇت-قولى بەند دۈشمەن بىلەن سۆزلەشمەك قانچىلىك ياخشى!... مېنىڭ ئەمرىم شۇ: دەرھال ئۇنى ئەسىر ئېلىپ، ئالدىمغا ئېلىپ كېلىنسۇن! بىز ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ، كېيىن بۇخاراغا ئىنئام قىلىپ ئەۋەتكەيمىز.

ساراي ۋەزىرى نائىلاج باش ئېگىپ، پەرمانى ئالىي ھازىرلىقىنى قىلغىلى چىقىپ كەتتى.

ياش ئالىم ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى بىر قىشلاقتا قۇياش دائىرىسىنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىنى ئېنىقلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقاندا، ئەبۇ ناسىرنىڭ بىر مۇلازىمى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قول تەگكۈزۈپ:

— سىزگە دەخلى يەتكۈزگىنىم ئۈچۈن كەچۈرۈڭ، — دېدى، — سىزنى ئۇستاز چاقىرىۋاتىدۇ.

— نېمە ئىش بولدى؟ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟ — دەپ سورىدى بىرۇنىي قۇياشنى كۆزىتىۋېرىپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى قولى بىلەن ئۇۋۇلاپ.

— سالامەت بولغاندا سىزنى ئاۋارە قىلمىغان بولاتتى. گۆرگەنچ ئەمرى، ئەبۇ ئەلنى ئازاد قىلمەن، دەپ جەڭگە چىققانمىش. بىر ھەپتە ئىچىدە شەھىرىمىزنى بېسىۋېلىش ئېھتىمالى بار ئىكەن.

— خۇدا كۆرسەتمىسۇن ئۇ كۈنلەرنى. گۆرگەنچ ئەمىرىدەك زالىم يۇرتىمىزغا خوجا بولسا، ھالىمىزغا ۋاي! كەيىنىمىزدە تەئەسسۇپ قامچىسى ئوينىغۇسىدۇر... سىز ماۋۇ ئۇستۇرلاپنى كۆتۈرۈۋېلىڭ، — دېدى بىرونىي باشقا بىر ئەسۋابنى قولىغا ئېلىپ.

يۈز-كۆزىنى ساقال قاپلىغان مۇلازىم پالاقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇپ، تىنماي ۋايسايتتى:

— بىر قازاندا... ئىككى قوچقارنىڭ بېشى قاينىماس... ئەمىر بىزنىڭ شاھىمىز باي... ئەسكىرى كۆپ... كارۋان سارايلار... قۇل بازارلىرى... ئەجنەبى سودىگەرلەردىن ئاز باج كىرىدۇ دەپ ئويلامسىز؟

ئۇلار ئۇڭ قىرغاققا ئۆتۈپ، قېيىقنى قوزۇققا باغلىدى، ئەسۋاب-لىرىنى ئېلىپ، ساراي تەرەپكە يۈرۈپ كېتىشتى.

كېچىسى ئۇخلىيالماي كۆزلىرى كىرتىيىپ قالغان ئەبۇ ناسىر مەنسۇر ئىبنى ئىراق شاگىرتىنى خالىي جايغا تارتىپ:

— بۇ يەردىن كېتىش كېرەك. نەرسە-كېرەكلىرىڭنى يىغىش-تۇرۇپ، يول ھازىرلىقىنى قىل. تاڭ سەھەر ئەبۇ ۋاپانىڭ كارۋىنى رەي شەھىرىگە كېتىدىكەن، — دېدى.

بىرونىي ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي، ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپلا قالدى.

— سەن قۇياشنى كۆزىتىمەن دەپ، يەردە بولۇۋاتقان كۆپلىگەن ھادىسىلەردىن بىخەۋەر قالدىڭ. ھەزەرەسپ ھاكىمىنىڭ ئەبۇ

www.uyghurkitap.com

ئەلنى زەنجىربەند قىلىپ، بۇ يەرگە ئەۋەتكىنىدىن خەۋەر تاپقان مەئمۇن ئەسكەر توپلاپ سەپەرگە چىققانىمىش. بىز ئەبۇ ئەلى نۇھ بىننى مەنسۇردىن قېچىپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدۇق. ھالبۇكى، بۇخارا ھۆكۈمرانى ئۇنىڭ گۇناھىدىن كېچىپ، گۇرگەنچ ئەمىرى ئىختىيارىغا ئەۋەتكەنىكەن.

— ئەمىرگە باھانە تېپىلىپتۇ-دە، ئەبۇ ئەلىنى ئازاد قىلىمەن، دەپ، قىلىچ تەڭلىدى دەڭ.

— شۇنداق، بىزنىڭ سەركەردىلىرىمىز ئۇنىڭغا سېتىلغان. ئۈچ-تۆت كۈن ئىچىدە ئەمىر پايتەختكە باستۇرۇپ كىرسە كېرەك. تېزرەك ماڭ.

— ئۇنداق بولسا، سىزمۇ مەن بىلەن بىللە كېتىڭ.

— ياق، مۇشۇ يەردە قالىمەن. كېتىپ قالسام، ئەمىر مېنىڭ توغرامدا شۈبھىگە چۈشىدۇ. ئاقىۋەت مەن ئافرىقى جەمەتىدىن بولىمەن. ئاسمانغا چىقسام پۇتۇمدىن، يەرگە كىرسەم كۆكۈلامدىن تارتىدۇ، ياخشىسى تەسلىم بولاي.

— مۇشۇنداق يۇرتنى، سىزدەك ئەزىز ئۇستازنى تاشلاپ كېتەمدىمەن، ھە؟

— باشقا ئىلاج يوق، ئادەم ئۆزىنى خەۋپ-خەتەردىن ئېلىپ قېچىشى لازىم. ئېھتىياتچانلىق قورققانلىق ئەمەس.

— ماشايىخلار "تەجرىبە ساھىبى بولغان دانىشمەن ئادەملەرنىڭ مەسلىھەتى سائادەت يولىنى ئېچىپ بېرىدۇ" دېگەن. ماڭا ئاق پاتىھە بېرىڭ، بېرىپ سەپەر تەييارلىقىنى قىلايلى!

باللىقىدىن باشلاپ، تۈرلۈك گىياھلار ۋە ئۆلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلىشكە قىزىققىنى ئۈچۈن ئەبۇ رەيھان لەقىمىنى ئالغان

مۇھەممەد ئەھمەد ئوغلى ئۆزىگە كېرەكلىك بۇيۇملىرىنى خالتىسىغا جايلاپ، تاڭ سەھەردە كارۋان بىلەن يولغا چىقتى.

22 ياشقا قەدەم قويغان بۇ يىگىت ھەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ خەيرلىك بولۇشىغا، تەقدىرنىڭ ئاڭا يامانلىقنى راۋا كۆرمەسلىكىگە قاتتىق ئىشىنەتتى. ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن ئاۋات قىشلاقلار، چۆل سەھرالاردىن ئۆتۈپ، يول ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ، تېھران يېنىدىكى رەي شەھىرىگە يېتىپ باردى. بۇ يەردە ئۇ گۈرگەنچ ئەمىرى مەئمۇن بىننى مۇھەممەدنىڭ كات شەھىرىنى بېسىۋالغانلىقى، ئەبۇ ئابدۇللانى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كېتىپ، ئۆلتۈرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كات شەھىرىنىڭ يېرىمىنى سۇ بېسىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ يۈرىكى قان بولدى. ئۇستازى ئەبۇ ناسىر ئىبنى ئىراقنىڭ ئەھۋالى قانداقكىن؟ ناھەتكى، ئەمىر ئۇنىڭ ھايات قېلىشىنى مامات گۈلخانىغا ئالماشتۇرغان بولسا!

ياش ئالىمنىڭ مۇساپىرلىقتا بېشىدىن كەچۈرگەن كۈلپەتلىرى بۇ تەشۋىشلەر ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى، ئۇ غەم - قايغۇلىرىنى ئېغىر ئەمگەك بىلەن، مۇتالىئە ۋە ئىلمىي مەشغۇلات بىلەن يېڭىشكە ئۇرۇندى.

باھار چاغلىرى تاغلارنىڭ تۆپىسىنى قويۇق بۇلۇتلار قاپلاپ، شارقىراپ يامغۇر ياغقاندا تاغ يان باغرىدىكى تاش، توپىنى سەل ئېقىتىپ كېتىدۇ، تۈرلۈك جىنسلاردىن ئۇيۇلغان يۇمشاق تاشلار پارچىلىنىپ، شېغىلغا ئايلىنىدۇ، زەررىلىرى چىڭ يېپىشقان مېتىن تاشلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ سىلىقلىشىدۇ، بارا - بارا يۇمىلاق شەكىلگە كىرىپ، بىر - بىرىگە سۈركىشىپ چىرايلىق بولۇپ قالىدۇ.

يېشى 22گە قەدەم قويغاندا بىرونىينى ھادىسىلەر سىيلى يۇمىلە-
تىپ ئۆزى بىلەن بىللە جەنۇبقا ئېلىپ كەتتى، ئۇنى پازىل ئادەملەر
بىلەن، ئۆزىنى ئالىم ھېسابلىغان ماختانچاق بايلار، مەغرۇر
پادىشاھلار بىلەن توقۇنۇشتۇردى، ئۇنىڭ تەرتىپسىز، جۇشقۇن
پىكىرلىرى مۇنتىزىم بىر شەكىلگە كىرىپ، ۋايىغا يەتتى. رەھىمسىز
تەقدىر ئۇنى توققۇز يىل ئۇ قولدىن بۇ قولغا ئېلىپ ئويناپ،
چېنىقتۇرغاندىن كېيىن يەنە ئۆز يۇرتىغا ئىرغىتتى.

## 3

تۆگە ئۈستىدە بىر خىلدا چايقىلىپ كېتىۋاتقان قارا ساقال،
قۇرغۇي بۇرۇن يىگىت يىراقتىن كۆزگە تاشلانغان گۈرگەنچ قەلئە-
سىنىڭ ئېگىز مۇنارلىرىغا، ئاپتاپتا كاھىشلىرى پارقىراپ كۆرۈنگەن
مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنىڭ پەشتاقلىرىغا زوقلىنىپ قارايتتى. ئۇ
يۈزىدە گاڭگىراش ئالامىتى يوقلۇقىدىن، قامىتىنى تىك تۇتۇپ،
ھەجىپ قويۇشىدىن كۆپ قىينىچىلىقنى بېشىدىن كەچۈرگەن،
ئاچچىق-چۈچۈكنى تېتىغان يۈرەكلىك يىگىتكە ئوخشايتتى. كارۋان
دەرۋازا ئاستىدىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقاندىلا بەزى يولۇچىلارنىڭ
كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ، يۈزىدە تەشۋىش ئالامىتى پەيدا
بولدى. ئەمما قۇرغۇي بۇرۇن يىگىت بولسا بىپەرۋالىق بىلەن
چەكمىنىنىڭ ئالدىنى يېپىپ، پوتىسىنى باشقىدىن باغلىۋالدى. قول
ياغلىقى بىلەن يۈز-كۆزىنىڭ چېڭىنى ئېرتىپ قويدى.

ئىران، ئىراقتىن شەرقىي ياۋروپاغا كېلىۋاتقان سودىگەرلەر
گۈرگەنچتە توختاپ ئۆتەتتى، شەھەر ئاھالىسى كۈندە شەھەر



www.uyghurkitap.com

دەرۋازىسىدىن كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان تۆگە كارۋانلىرىغا ئۆگىنىپ قالغان، شۇ سەۋەبتىن ھىجرىيە ھېسابى بىلەن 305 - يىلىنىڭ① دەسلەپكى باھارىدا جورجان شەھىرىدىن كەلگەن بۇ كارۋان بىرنەچچە سودىگەر، كارۋان ساراي ئىگىلىرى ۋە ئون - ئون بەش بىكارچىدىن باشقا ھېچكىمنى قىزىقتۇرمىدى.

كارۋان شەھەرنىڭ ئەڭ چوڭ كارۋان سارايلىرىدىن بىرىگە كىرىپ كەلدى. تۆگىچىلەر تۆگىلىرىنى چۆكتۈرۈپ، ساراي خىزمەتچىلىرى ياردىمىدە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى يۈكلەرنى چۇشۇرۇشكە باشلىدى. بىرنىڭ يىگىت ھەممە نەرسىنى سالغان تاغارنى كۆتۈرۈپ، دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان سارايۋەننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭغا سالام بېرىپ، بىر كېچە يېتىپ كېتىش ئۈچۈن ھۇجرا سورىدى. سارايۋەن يىگىتنىڭ يېنىدا خىزمەتچىسى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كەمبەغەل بىر موللا ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە مەنسىتمەستىن:

— گۇرگەنچكە بىرىنچى قېتىم كېلىشىڭمۇ؟ نېمشقا بىر كۈن يېتىپ كەتمەيسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بالا ۋاقتىمدا شەھىرىڭىزگە بىر كەلگەنىدىم. ئەمدى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالسام كېرەك. ئابرويلۇق بىر ئادەمگە مېھمان بولۇپ كېلىۋاتىمەن. يۈيۈنماي - تارانماي ئۇ كىشىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشقا قورۇندۇم.

— توغرا، ئابرويلۇق كىشلەرنىڭ ئالدىغا ئازادە بولۇپ بارغان ياخشى. قېنى، مېڭىڭ، — دېدى ئۇ نېمىشقىدۇ بۇ قېتىم سىزلەپ.

سارايۋەن يىگىتنى پەلەمپەيدىن ئىككىنچى قەۋەتكە ئېلىپ

---

① 1004 - يىل.

چىقىپ، بۇلۇڭدىكى تار بىر ھۇجرىغا جايلاشتۇرۇۋېتىپ، ئېتىنى، نەلىك ئىكەنلىكىنى سورۇشتۇردى.

— ئاتام مۇھەممەد، — دېدى يىگىت خاپىغان ھالدا، — ئۆزۈم كات شەھىرىدىنمەن.

سارايۋەن بولسا يىگىتنىڭ سۆزلىشىشكە رايى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، تولا سورۇشتۇرمەي، تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى.

يىگىت ھۇجرىغا جايلىشىپ، بىرئاز دەم ئالغاندىن كېيىن ساراي يېنىدىكى كونا مۇنچىدا يۇيۇندى، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ساترىاشخانىغا كىردى، چېچىنى ئالدۇرۇپ، ساقلىنى ياساتقاندىن كېيىن ھۇجرىسىغا قايتتى. كېچىسى قېنىپ ئۇخلاپ ئەسلىگە كەلدى. ئەتىگەنلىك چاي ئىچىپ، ئاق تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان چەكمىنىنى، يېڭى كالاچ-مەسسىنى كىيدى-دە، سارايۋەننىڭ ئالدىغا چۈشتى. سالام بېرىپ ئەبۇ ناسىر ئىبنى ئەلى ئىبنى ئىراقنىڭ ئۆيىنى نەدىلىكىنى سورىدى. سارايۋەن ئاغا باشقىچە نەزەر بىلەن قاراپ، ھۆرمەت بىلەن:

— جانابىڭىز ئۇ كىشىگە مېھمان بولۇپ كەلدىڭىزمۇ؟ ئۇ زاتنىڭ نېمىسى بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— يېقىن ئادىمى بولىمەن.

— شۇ گېپىڭىزنى تۈنۈگۈن دېمەمسىز؟ ياخشىراق ھۇجرا تېپىپ بەرگەن، ھۆرمىتىڭىزنى جايىغا كەلتۈرگەن بولاتتىم. ئۇ زات قەدىمي خارەزمشاھلار نەسلىدىن بولىدۇ! ھەي، ئۆيى نەدىلىكىنى بىلىمەن! مەن سىزگە بىر ئادەمنى قوشۇپ بېرىمەن، ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، — دېدى سارايۋەن.

مېھمان گۈللۈك دەرۋازا يېنىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ساراي-

ۋەنىنىڭ خىزمەتچىسىگە جاۋاب بېرىۋەتتى - دە، مىس ھالقىنى تاقىلداتتى. ئارىسىدىن ئىككى - ئۈچ دەقىقە ئۆتكەندىن كېيىن دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىدىكى كىچىك ئىشىك ئېچىلىپ، ساقىلى ئاقىرىشقا باشلىغان سەللىلىك بىر باش كۆرۈندى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بوۋا، — دېدى يىگىت يۇقىرى ئاۋاز بىلەن.

— ۋەئەلەيكۇم... خوش، خىزمەت.

— سىز بۇ دەرگاھقا يېقىندا كەلگەندەك قىلىسىز، بولمىسا مېنى تونۇغان بولاتتىڭىز.

— راست، شۇنداق. خىزمەتكە كىرگىنىمگە بەش - ئالتە يىل بولدى. سىز نېمىسى بولىسىز؟

— شاگىرتى. بىرونىي خىزمىتىڭىزگە كەلدى، دېسىڭىز بولدى!

— ھى، مۇھەممەد... ئەبۇ رەيھان، ئوغلۇم، سەنمىدىڭ؟ — ھويلا ئىچىدىن ھاياجانلىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بېشىغا دۇخاۋا دوپپا كىيگەن، كەڭ پېشانىلىك، چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان بوۋاي ھويلا ئىچىدىن چىقىپ كەلدى ۋە مۇساپىر يىگىت بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ، كۆزىدىن تاراملاپ ياش چىقىپ كەتتى.

— قاچان كەلدىڭ؟ نەرسە - كېرەكلىرىڭ قېنى؟

— تونۇگۈن... نەرسىلىرىم كارۋان سارايىدا قالدى.

— توپتوغرا مۇشۇ يەرگىلا كەلمەي. سېنى پەرزەنتىم دېگەنىدىم، ئاخىر...

— مېنى كەچۈرۈڭ، ئاتا. كىيىم - كېچەكلىرىم توپا - چاڭ بولغاچقا توغرا كېلىۋېرىشكە پېتىنالمىدىم. يۇيۇنۇپ، لىباسلىرىمنى ئالماشتۇرۇۋالاي دېگەنىدىم.

— ھەي، مەيلى ئىدىغۇ، قېنى ئىچكىرى كىر. — ئۆي ئىگىسى 60قا بېرىپ قالغان بولسىمۇ چەبدەس قەدەم تاشلاپ، شاگىرتىنى مېھمانخانىغا باشلىدى.

— قالتىس ئىمارەت سالدۇرۇپسىز، — دېدى يىگىت مېھمانخانىغا كىرىپ كۆرپىسگە ئولتۇرغاندىن كېيىن. ئۇلار يۈزلىرىگە پاتىھە تارتىپ، ھال - ئەھۋال سوراشتى.

بىرونىي گەجلەنگەن ئويۇقلاردىكى خۇرۇم مۇقاۋىلىق كىتابلارغا كۆز يۈگۈرۈتۈپ كۈلۈپ قويدى. ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ خۇشال بولغىنىدىن زوقلىنىپ:

— ساڭا كىتاب بولسىلا بولدى. تاماقنىمۇ ئۇنتۇيسەن، نانىنىمۇ، — دېدى. — يادىڭدىمۇ، بالا چېغىڭدا بىرنەچچە قېتىم قولۇڭدىن ئارىستوتېل، ئەپلاتوننىڭ ئەسەرلىرىنى، چىشلىك پاتمايدۇ، دەپ تارتىۋالغاندىم. سەن چۈشەنمىسەڭمۇ ئۇلارنى ئوقۇپ، بەزى جايلىرىنى ياد ئالاتتىڭ، توغرىسىنى ئېيتسام، ئېغىر چاغلاردا مېنى بەزلىگەن، ئارام بەرگەن شۇلار بولدى.

ئەبۇ ناسىرنىڭ ياشراق بىر خىزمەتچىسى چىلاپچا بىلەن چۆگۈن ئېلىپ كېلىپ مېھمانىنىڭ قولىغا سۇ قۇيدى، داستىخان سېلىپ، لېگەنلىرىدە نان، قىيام، تاتلىق - تۈرۈم، ياخشى ساقلانغان ئۈزۈم ۋە بىر چىنە شەربەت ئېلىپ كېلىپ قويدى. بىرونىي خۇددى ئۆز ئۆيىگە كەلگەندەك، ناننى سۇندۇرۇپ، كىچىك بىر پارچىسىنى شەربەتكە پاتۇردى - دە. ئاغزىغا سېلىپ چايناشقا باشلىدى.

— ساق - سالامەتلىكىڭىزنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولدۇم، — دېدى ئۇ شەربەتتىن بىر يۇتۇم ئىچىپ. — بېشىڭىزدىن ئەگىپ ئۆتكەن پالاكەت شاماللىرى سىزگە زىيان سالالماپتۇ. گۇرگەنىچ

ئەمرى جىنگىزغا قەست قىلماپتۇ. ئەسلى مەنمۇ يېنىگىزدا تۇرۇۋەرسەم بولغانىكەن.

— ياق، كەتكىنىڭ ياخشى بولدى. ئەمرنى يامانلاپ سەندەك يىگىتلەرنىڭ تولىسى نابۇت بولدى. ياشلىقىڭدا سەنمۇ تىلىڭغا هاي بېرەلمەيتتىڭ. بۇ يەردە قالساڭ نېمە بولۇشۇڭنى خۇدا ئۆزى بىلەتتى. مۇساپىرلىق ۋادىسىدا ئايىغىڭغا دەرد-ئەلەم تىكەنلىرى قادالغان، ياخشى-يامان ئادەملەر بىلەن توقۇنۇشۇپ، روهىڭ ئېچىلغانىغا ئوخشايدۇ، ئۇنى مەكتۇپلىرىڭدىن، يازغان ئەسەرلىرىڭدىن بىلدىم. رەي شەهرىدە ئالىملىق دەۋا قىلغان پۇللۇق ۋە ئامى بىر ئادەمدىن خورلىنىپسەن. هامىد ئەل-خوجەندى كەبى ئالىم بىلەن رەسەتخانىدا ئىشلەپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىپسەن. جورجان هۆكۈمدارى قابۇس سارىيىدا ئىززەت-هۆرمەت كۆرۈپسەن. ئۇ يەردە يازغان «ئاسارى باقىيە»گىنى ئوقۇپ، چەكسىز خۇشال بولدۇم.

ياش ئالىم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۇستازىنىڭ سۆزلىرىگە مەمنۇنىيەت بىلەن قۇلاق سالاتتى.

— قابۇس قانداق ئادەم ئىكەن؟ — دەپ سوراپ قالدى ئەبۇ ناسىر بىرئازدىن كېيىن.

— نېمە دېيىشىمنىمۇ بىلمەيمەن. ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ئۇ سىياسەتچى، چەبدەس هۆكۈمران، ئىستىبداتلىق شائىر ۋە هەر تەرەپلىمە يېتىشكەن ئالىم. ئەرەب تىلىدا يازغان شېئىرلىرى تەهسىنگە سازاۋەر. ئەمما بىر نۇقسانى شۇكى، تەئەددىنى ئۆزىگە هۈنەر، ئەيۋنى ئەيىب دەپ بىلىدۇ، ئازراق خاتاسى ئۈچۈن ئۆز ئەمەلدارلىرى ۋە پۇقرانىڭ بوينىغا قىلىچ چاپىدۇ.

www.uyghurkitap.com

شاگىرتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئەبۇ ناسىرنىڭ قويۇق قاشلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى.

— ئىززەت - نەپسى كۈچلۈك پادىشاھنىڭ قەھرىدىن خۇدانىڭ ئۆزى ساقلىسۇن، — دېدى ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ. — ئۇ توغرىدا مەن ياخشى سۆزلەر ئاڭلىغانىدىم. ناغرىنىڭ ئاۋازى يىراقتىن يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ، دەپ بىكار ئېيتمىغان. بەربىر ساڭا زىيىنى تەگمەپتۇ.

— سىزنىڭ مەكتۇپىڭىزنى ئالمىغان بولسام، ھالىمنىڭ نېمە بولۇشىنى بىلمەيتتىم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا قابۇس مەندىن شەنىمگە ياراشمايدىغان ئىشلارنى تەلەپ قىلىشقا باشلىغانىدى.

— مەسىلەن، قانداق ئىشلارنى؟ — دەپ سورىدى ئەبۇ ناسىر تېتىكلىشىپ.

— ئۇ ئۇلۇغلارنى ۋە چەت ئەل ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغاندا ئۆزىگە مۇلازىمەتچى بولۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى.

— يەنى، شۇنداق ئالىم مېنىڭ مۇلازىمىم، دەپ كېرىلمەكچى بولۇپتۇ - دە! ھەقنىڭ بېشىغا ھۇما قۇشى قونسا كۆڭلىدىن نېملەر كەچمەيدۇ! توۋا!

— ئەلى ئىبنى مەئمۇن نامىدىن يېزىلغان خېتىڭىزنى كۆرسەتمىگىنىمدە ماڭا رۇخسەت بەرمەيتتى. مەجبۇرىنى بىلىسىز. قابۇس سارىيىدا ئەلۋەتتە بېشىمغا بىر پالاكەت كېلەتتى...

مۇلازىم تاماق ئېلىپ كەلدى، كېيىن چىنە - قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، داستىخانغا ئىككى پىيالە شەربەت كەلتۈردى. تاماق ۋاقتىدىمۇ، تاماقتىن كېيىنمۇ ئۇستاز بىلەن شاگىرتىنىڭ سۆھبىتى توختىمىدى. ئاخىر، ئەبۇ ناسىر:

— ئەمدى ئەلى ئىبنى مەئمۇنغا سالام بېرىپ كېلەيلى، — دېدى. — گەرچە، ئاتىسى خارەزمشاھ ئەبۇ ئابدۇللانى ياۋۇزلارچە ئۆلتۈرگۈزگەن بولسىمۇ، ئوغلىغا نىسبەتەن يۈرەكىمدە قەترىچە ئاداۋەت يوق، چۈنكى ئاتىسىنىڭ يامان ئىشلىرى ئۈچۈن ئوغلىنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. مەرھۇم مەئمۇن بىننى مۇھەممەد قىلىچىدىن قان تامغان بىرەھىم پادىشاھ ئىدى. ئۇ بىزنىڭ ئەۋلادتىن كۆپ ئادەملەرنىڭ ياستۇقىنى قۇرۇتتى. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزىمۇ بېشىنى يېدى. لېكىن ئوغلى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىنساپلىق، مەرىپەتپەرۋەر ئادەم. راست، ئەلى ئىبنى مەئمۇننىڭ ئۆزىگە لايىق نۇقسانلىرىمۇ بار، ئەمما پەزىلەتلىرى ئۇلاردىن ئۈستۈندەك. ئەڭ ياخشى خىسلىتى ئىلىم-پەن ئەربابلىرىغا ھامىيلىقىدۇر. ماڭ، ساراي ئەھلىگە مۇناسىپ لىباسلارنى كىيىپ دەرگاھىغا بارايلى.

## 4

بىرونىي گۇرگەنچكە كەلگەن يىلى قىزىق بىر ھادىسە يۈز بەردى. ياش ئالىم ساماۋى جىسىملارنىڭ ھالىتىگە قاراپ رامىزان ئېيىنىڭ 14 - كۈنى، چارشەنبىگە ئۆتەر كېچىسى ئاينىڭ تولۇق تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئېنىقلىدى ۋە ئۇنى كۆزىتىشكە ھازىرلىق قىلىشقا باشلىدى. دەل ئېتىقاد كۈنى① قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئاي يەرنىڭ سايىسىگە كىرىشكە باشلىدى. ئاۋام خەلق ئاينىڭ كۆيۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ساراسىمىگە چۈشتى، كورا، چېلەك، داسىنى

① 1004 - يىلىنىڭ 5 - ئىيۇلى.

داراڭلىتىپ، پالاكەتنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولۇشتى، موللىلار بولسا، گۇناھىمىز ئېشىپ كەتكەنلىكتىن خۇدا بىزنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ئەزان ئېيتىشاتتى. پۈتۈن شەھەرنى قىيا-چىيا قاپلىغانىدى. ئەمما بىرونىي مىيىقىدا كۈلۈپ، كۆررىسىنىڭ ئايىغا چۈشكەن سايىسىنىڭ دىئامېترىنى ئۆلچەش بىلەن شۇغۇللىناتتى. خارەزم تۇپرىقىغا قەدەم قويغان يىلى يۈز بەرگەن بۇ ئاجايىپ ھادىسىنى ئۇ باشقىلاردەك يامانلىق ئەمەس، ياخشىلىق ئالامىتى دەپ بىلەتتى.

— ئاۋام خەلقمۇ، موللىلارمۇ بۇ ھادىسىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، خۇدانىڭ قەھرى كەلگەنلىكتىن شۇنداق بولدى، دەپ ئاسانلا قۇتۇلدۇ. ئۆلىمالار ئۆز نادانلىقلىرىنى خۇدانىڭ نامى بىلەن نىقابلىماقچى بولدۇ، — دېدى ئۇ ئەبۇ ناسىرغا تۈرلۈك ھەندەسىي شەكىللەر، رەقەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەن قەغەزنى ئۇزىتىۋېتىپ.

— بۇ گېپىڭىزنى مەندىن باشقا ئادەمگە ئېيتما، دىن پېشىۋالىرىدىن قورقۇش كېرەك، — دېدى ئۇستازى قەغەزنى قولىغا ئېلىپ كۆزىدىن كەچۈرۈۋېتىپ. — ئىلايا، ساڭا كۆز تەگمىسۇن. ئېيتقىنىڭدەك، بۇ ھادىسە سەن ئۈچۈنمۇ، يۇرت ئۈچۈنمۇ ياخشىلىق ئالامىتى بولسۇن.

دەرھەقىقەت، ئاشۇ يىلدىن باشلاپ، گۇرگەنچكە ھەر تەرەپتىن ئالىملار كېلىشكە باشلىدى، شۇلار قاتارىدا ئىبنى سىنامۇ بار ئىدى. ئۇلار بىرونىي ئەتراپىغا توپلىنىپ، ئۇنىڭ پەلەكىيات ۋە ئىلمى تەبىئەت ساھەسىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىلمىي ئىشلىرىنى كۆزىتىپ باراتتى.



www.uyghurkitap.com

بىركۈنى بىرونىي ھويلىسىدا دومىلاق شىشىنى ئاپتاپقا تۇتۇپ تۇرغانىدى، ئىشىك تاقىلداپ قالدى. ئۇ ئىشىككە قاراپ:
— كىرىڭىز، كىرىڭىز، رۇخسەت، — دېدى ۋە ئورۇنقىراق، كۆزلىرى چوڭ - چوڭ، ئازادە كىيىنگەن ئىبنى سىنانى كۆرۈپ شىشىنى يەرگە قويدى - دە، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلدى.
— ياق، ياق، مەن سىز بىلەن بىللە تەجرىبە قىلىش نىيىتىدىمەن.
— ئۇنداق بولسا، مانا بۇنى تاماشا قىل. — ئۇ ئېگىسى ئىچىگە سۇ تولدۇرۇلغان دومىلاق شىشىنى ئاپتاپقا توغرىلىدى - دە، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۆتكەن نۇرنى بىر نۇقتىغا توپلىدى، — سۇنى تۆكۈۋەتسەك، شىشە ئىچىدىكى ھاۋا كۈن نۇرىنى سۇدەك بىر يەرگە توپلىيالمايدۇ. مەشغۇلات قىلىپ ھارغان ۋاقتىمدا ئەرمەك ئۈچۈن مۇشۇ تەجرىبىنى قىلىۋاتقانىدىم.
— سىز مەۋجۇدات سىرلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھەتتا بىكار ۋاقتىڭىزدىمۇ كۆپ تەجرىبە قىلىسىز. قولىڭىزدىكى شىشىنى كۆرۈپ، بىر نەرسە ئېسىمگە كەلدى. سىز ماڭا يازغان خەتلىرىڭىزنىڭ بىرىدە ئۇستازى ئاۋۋال ئارىستوتېلنىڭ: يەر يۈزىدە، كائىناتتا بوشلۇق يوق، دېگەن دەۋاسىنى رەت قىلغانىدىڭىز. شۇ پىكرىڭىزنى تەجرىبە بىلەن ئىسپاتلىسىڭىز...
— بىز ھەممىمىز ئۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ شاگىرتلىرىمىز. ئەمما مەن سىناپ باقماي ھەرقانداق ئالىمنىڭ دەۋاسىغا پىسەنت قىلمايمەن. مانا، قارا.
ئىبنى سىنا ئاق يەكتەك كىيگەن، ئېگەر قاشلىق ئۆي ئېگىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

قىياپىتىگە قاراپ، ئۆزىنى چەتكە ئالدى. بىرونىي شىشە ئىچىدىكى ھاۋانى شۈمۈردى ـ دە، دەرھال باشمالتىقى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئەتتى ۋە ئۇنى ئاغدۇردى ـ دە، داستىكى سۇغا تىقىپ، بارمىقىنى تارتىۋالدى. سۇ ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ شىشىنى تولدۇرۇشقا باشلىدى.

— كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى بىرونىي ئۆزىنىڭ توغرىلىقىنى سەزگەن ئادەمدەك كۈلۈمسىرەپ. — شىشە ئىچىدە بوشلۇق پەيدا بولغىنى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ ئىچىگە سۇ كىردى. بۇنىڭدىن چىقتىكى، كائىناتتا بوشلۇق بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىكەن.

— سىز شىشىنى شۈمۈرگىنىڭىزدە ھاۋا ھەرىكەتكە كېلىپ، شىشىنى ئىسسىتىۋەتكەن، قولىڭىزنىڭ ئىسسىقىمۇ شىشىگە ئۆتكەن، ئىسسىقتىن شىشە كېڭەيگىنى ئۈچۈن ئىچىگە سۇ كىرگەن.

— مەن سۆزۈڭنى تەجرىبە بىلەن رەت قىلىمەن، — دېدى بىرونىي قىزىپ. ئاندىن ئاشۇ شىشىنىڭ سۈيىنى داسقا تۆكۈپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن پۈۋلەشكە باشلىدى، كېيىن كۆمتۈرۈپ، داسقا تىقتى. — قارا، مەن پۈۋلىگەندە شىشىنىڭ ئىچىدىكى ھاۋا ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇنى ئىسسىتقان، كېڭەيتكەن بولۇشى كېرەك، ئەمما ئىچىگە سۇ كىرمىدىغۇ!

ئىبنى سىنا ئۇنىڭغا گەپ تېپىپ بېرەلمەي قىزىرىپ، كىنايە بىلەن:

— بۇ كەشپىياتىڭىزنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن نېمە پايدىسى بار؟ — دېدى.

— ئىھى، ھېكمەت ئۆيى مىلىچماللار دۇكىنى ئەمەس كۆن بويى پايدا كەلتۈرۈپ تۇرىدىغان، — دېدى بىرونىي دەرغەزەپ

بولۇپ. ــ بىز ئارغامچىنى ئۇزۇن تاشلاپ قويۇپ ئىشلەيمىز. 500 يىل، ئېھتىمال 1000 يىلدىن كېيىن ئادەملەر بوشلۇقتا تەجرىبە قىلىپ، بىرەر نەرسە ئىختىرا قىلار.

ــ ئۇنداق بولسا، ئۇستاز بەتلىمۇستىنمۇ بىرمۇنچە خاتالىق تاپقاندۇرسىز؟

ــ بەتلىمۇس ئۇلۇغ ئالىم، لېكىن ئۇمۇ بەزى خاتالىقلاردىن خالىي ئەمەس. سەن تىببىي ئىلىم ساھەسىدە كۆز يەتمەيدىغان ئادەمسەن، ئەمما جورجان شەھىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكىنى بەلگىلەشتە خاتالاشقانسەن. ئۇكا، سېنىڭ پەلەكىيات ۋە ھېكمەت بابىدىكى بەزى خۇلاسىلىرىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ...

ــ كۆڭلىڭىزگە ياقمىسا ئىشەنمەڭ، ــ دەپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى ياش ئالىم.

*　　*　　*

ئەلى ئىبنى مەئمۇن قاتتىق كېسەل، ساراي ئەھلى پۇت ئۇچىدا مېڭىپ، پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى. ئىبنى سىنا يىپەك كۆرپىدە قىمىرلىماي ياتقان، چىرايى مۇردىدەك ئاقارغان شاھنىڭ تومۇرلىرىنى تۇتۇپ، يېنىدا تۇرغان تېۋىپ ئەل ـ مەسىھىيگە كۆز قىرىنى تاشلايتتى ۋە بىلىنەر ـ بىلىنمەس باش لىڭشىتىپ قوياتتى.

تېۋىپلار 13 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ، ئارمانسىز ھايات كەچۈرگەن، مۇھەببەت شارابى، مەيى نابىنى كۆپ ئىستېمال قىلىپ ماغدۇردىن كەتكەن پادىشاھنى ئۆلۈمدىن ئېلىپ قېلىش تەييارلىقىدا ئىدى؛ سەركەردىلەر، ئايانلار بولسا بىر ئۆيگە توپلىشىپ، ”قازا قىلسا، تەختكە كىمنى ئولتۇرغۇزىمىز؟“ دەپ باش قاتۇرۇشماقتا ئىدى.

بەزىلەر تەختكە پادىشاھنىڭ توققۇز ياشلىق ئوغلىنى، بەزىلەر ئىنىسى ئەبۇل ئابباسنى مۇناسىپ كۆرۈشتى، ئۇلار ئۆزئارا تالاش-تارتىش قىلىشاتتى.

ئەبۇل ئابباس ئۇقۇمۇشلۇق، خۇش خۇي، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەئىشەتپەرەس، ئىرادىسىز ئادەم. بۇ كېيىنكى خىسلەتلىرى مەملىكەتنى خالىغىنىچە باشقۇرماقچى بولغان ئايانلارغا بەك لايىق كېلىدۇ. تاج-تەخت ئەتراپىغا توپلانغان ئالىملار، شائىرلار، سازەندىلەرمۇ ئۇنىڭ پادىشاھ بولۇشىنى خالايدۇ.

ئاخىرقى ھېسابتا، ئەبۇل ئاببىاسنىڭ تەرەپتارلىرى بېسىپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ بېشىغا ھۇما قۇشى قوندى. ئۇ تەختكە چىقىشى بىلەن ئەڭ ئاۋۋال ئەپچىل ۋە دانا ئاس-سۇھەيلىنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىۋالدى. مەھمۇد غەزنىۋىي ۋە ئۆزگەند خانى بىلەن دوستلۇق يىپلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئىچكى ئىشلارنى تەرتىپكە سالدى.

ئالىملار سارايدىكى چوڭ بىر ئۆيگە توپلىشىپ سۆھبەتلىشىۋاتقاندا، ئەبۇل ئابباس مەئمۇنمۇ بىر چەتكە قويۇلغان تەخت ئۈستىدە جىم ئولتۇراتتى، مۇنازىرە باشلانغاندا خۇددى پالۋانلارنىڭ ئېلىشىشىدىن زوقلانغان ئىشقىۋازلاردەك جانلىنىپ كېتەتتى.

ئاردىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن بەيتۇل ھېكمەتنىڭ① شۆھرىتى ھەر تەرەپكە تارقاپ، دۈشمەنلەر كۆڭلىدە ھەسەت، دوستلار قەلبىدە ھەۋەس ئويغىتىشقا باشلىدى.

بىركۈنى ئالىملار يىغىلىپ، پادىشاھ بىلەن بىرونىينىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى. ئىبنى سىنا بىرونىي بىلەن: بىزنىڭ

---

① بەيتۇل ھېكمەت — ھېكمەت ئۆيى.

ئالەمدىن باشقا ئالەم، باشقا قۇياش ۋە يۇلتۇزلار بارمۇ، ئۇلاردا تۆت ئۇنسۇر: توپا، سۇ، ھاۋا ۋە ئوت بارمۇ، ئۇلار ھەممە جايدا بىر خىلدىمۇ، دېگەن ماۋزۇدا مۇنازىرە ئېلىپ بارماقچى ئىدى. بىراق ئۇ بۈگۈن ئۇلۇغ ئالىم بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش شەرىپىگە نائىل بولمىدى.

ئىشىكتىن ئۆزى يالغۇز كىرىپ كەلگەن بىرونىينىڭ قاپىقى تۈتۈلغان، پېشانىسى تۈرۈلگەنىدى.

— نېمە گەپ، تىنچلىقمۇ، نېمىشقا زاتى ئالىي سىز بىلەن بىللە كەلمىدى؟

بىرونىي گەپنى قانداق باشلاشنى بىلمەي خېلىغىچە ئىككىلىنىپ تۇردى.

— ئېھ يار - بۇرادەرلەر، — دېدى بەك مەيۇس ھالدا. — سىلەر بۇ يەردە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشقا ھازىرلىنىۋاتقىنىڭلاردا مەن ۋە پادىشاھ ھەزرەتلىرى بېشىڭىزلارغا كەلگەن پالاكەتتىن قۇتۇلۇش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقاندۇق.

— قانداق پالاكەت؟ يا پەرۋەردىگار!

— تۈنۈگۈن غەزنىدىن قايتىپ كەلگەن ئەلچىمىز مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ، گۇرگەنچتىكى ھەممە ئالىملارنى مېنىڭ ئالدىمغا ئەۋەت، دېگەن مەزمۇندىكى پەرمانىنى تاپشۇردى. بىز زاتى ئالىي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ پەرمانغا قۇلاق سالماسلىقنى قارار قىلدۇق. شاھ ھەزرەتلىرى: خالىغانلار غەزنىگە بارسۇن، خالىمىغانلار ئۆز يۇرتلىرى ياكى خالىغان جايلىرىغا كېتىۋەرسۇن، دېدى. ھادىسىلەر گىردابىغا ئۆزىنى تاشلاشقا تەييار تۇرغانلار مۇشۇ يەردە قالسۇن!

ئالىملار تەمتىرەپ، بىر-بىرىگە قاراشتى. ئارىدا ئېغىر سۈكۈنات چۈشتى. ھەممىدىن ئاۋۋال ئىبنى سىنا ئۆزىگە كېلىپ، يېنىدىكى ئەبۇ سەھل ئەل-مەسىھىي بىلەن پىچىرلىشىشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن بىرونىينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئىجازەت بولسا، بىز مەۋلانە ئەل-مەسىھىي بىلەن خۇراساندا كەتسەك، — دېدى. — مەھمۇدتەك ساتقىن ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىنئاملىرىدىن بىز شەخسىي ئازادلىقنى ئەۋزەل كۆرىمىز.

— ياخشى، مەن خەزىنىدىن يول خىراجىتى ۋە ئېھتىياجلىرىڭلار ئۈچۈن پۇل ئېلىپ بېرىمەن. ئارىدا بولغان ئېغىز-پەس گەپلەرنى كۆڭلۈڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار. مەندىن يەتتە ياش كىچىكسەن، ئۇكا. ئالدىڭدا بەزى قاتتىق گەپلەرنى قىلىپ قويغان بولسام، ئىچىمدە ساڭا ياخشىلىق تىلەيتتىم. مەندىن خاپا بولما. توغرا سۆزنى ئەگىتىپ ئېيتىشنى خالىمايمەن.

ئىبنى سىنا باش ئېگىپ، ئوڭ قولىنى يۈرىكى ئۈستىگە قويدى.

## 5

يار-بۇرادەرلىرىدىن نەچچىسى كېتىپ قالغاندىن كېيىن يۈرىكىگە قىل سىغماي قالغان بىرونىي ئەمگەك بىلەن ئۆزىنى بەزلەشكە ئۇرۇناتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ گۆھەرلەرنىڭ تۈرلىرى، ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەنىدى. ئۇ بالا ئوقىغا نىشان بولۇشتىن ئاۋۋال بۇ ئىشلارنى ئاخىرىغىچە يەتكۈزۈشكە ھەرىكەت قىلاتتى. بىركۈنى قۇم قازاندا ئاچچىقتاش سۈيىگە قىممەت باھا تاشنى سېلىپ قاينىتىۋاتقاندى، سارايدىن خەۋەرچى كېلىپ:

— زاتى ئالىيلىرى سىلىنى چاقىرىۋاتىدۇ، زۆرۈر بىر ئىش چىقىپ قالغانغا ئوخشايدۇ، — دېدى.

بىرونىي خاپا بولۇپ، قازان تېگىدىكى ئوتنى تارتىۋېتىپ ئۆچۈردى، كەھرىۋانى ئېلىپ قۇتىغا سېلىۋېتىپ، ئۇ نېمە ئۈچۈن قىزىدىكىن، دەپ ئويلىدى. كاللىسى بۇ قىممەت باھا تاشنىڭ سىر ـ ئەسرارىنى بىلىش بىلەن بەند بولۇپ تۇرغاندا، ئۈستىدىكى ئىش كىيىمنى يېشىپ يۇيۇندى. بەدىنىنى سۈرتۈپ بولۇپ، قىممەت باھا شايى چاپىنىنى كىيدى، سەللىسىنى ئوراپ، سارايغا ماڭدى.

ئىشخانىسىدا ئولتۇرغان ياش پادىشاھ ئىشىك يېنىدا تۇرۇپ تەزىم قىلغان ئالىمنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئورۇن كۆرسەتتى.

— زۆرۈر بىر ئىش چىقىپ قالمىسا، سىلىنى بىئارام قىلماس، ئىشلىرىغا دەخلى قىلماس ئىدىم.

— پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ، — دېدى ئالىم كىمخاب كۆرپىگە ئولتۇرۇۋېتىپ، چىرايىدىن كېتىپ قالغان ئەبۇل ئابباسقا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

— بىز ئۈچۈن بەخت ئىشىكى يېپىلىپ، قايغۇ ـ ئەلەم دەۋرى باشلانغانغا ئوخشايدۇ. تۈنۈگۈن غەزنىدىن يانغان ئەلچىمىز كۆڭۈل ـ سىز خەۋەرلەر ئېلىپ كەلدى. مەھمۇدنىڭ ۋەزىرى ھەسەن مەيمەنىدى ئۇنى چاقىرتىپ: ”ئەگەر پادىشاھىڭىز بىز بىلەن دوست بولۇشنى خالىسا، خارەزىم مەسچىتلىرىدە جۈمە نامىزىدا ئەمىرۇلمۇس ـ لىمىن مەھمۇد غەزنىۋىي نامىغا خۇتبە ئوقۇسۇن“ دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇ سۆزگە نېمە دەيسىز؟

— خوجا ھەسەن بەئەينى مەھمۇدنىڭ زەنجىرىدىكى ئىت ـ دە، — دېدى ئالىم ئۆزىنى تۇتالماي، — ئۇنىڭ ۋالاقلىشىغا قۇلاق

سالما. ئىت ئۈرەر، كارۋان يۈرەر. ــ ئەبۇل ئاباس ئۆزىدىن 13 ياش كىچىك، بىر تەرىپى شاگىرتى بولغىنى ئۈچۈن بىرونىي ئۇنى سەنلەپ سۆزلەيتتى.

ــ مەھمۇددەك پادىشاھنىڭ ۋەزىرى ھېچقاچان ئۆز ھۆكۈمرا-نىدىن مەسلىھەتسىز سۆزلىمىسە كېرەك.

ــ شۇنداق، لېكىن بىز بۇ سۆز ۋەزىرنىڭ ئۆزىدىن چىققان، دەپ گۇمان قىلىشىمىز، شۇ سەۋەبتىن ئاڭا پەرۋا قىلماسلىقىمىز كېرەك.

ــ سىز مەھمۇدنى بىلمەيدىغانغا ئوخشايسىز.

ــ بىلىمەن. ئۇنىڭ كۈچلۈك سەركەردىلىرى بار، ئاجىز دۈشمەن ئۈستىگە بالا ـ قازادەك يوپۇرۇلۇپ بارىدىغان ئەسكەر-لىرىنىڭ سانى يوق. بىز بۇ بالانى دەپئى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزىمىزگە دوست تېپىشىمىز كېرەك. ئەگەر تۈركىستان خانلىرى بىلەن بىر ياقىدىن باش چىقارساق، مەھمۇد پېشانىمىزگىمۇ چېكەلمەيتتى.

ــ خانلار ھاكىمىيەت تالىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن بوغۇشۇۋاتىدۇ. قانداق قىلىپ بىز بىلەن مۇتتەفىق بولىدۇ؟

ــ ئەگەر ئۇلارنى بىر ـ بىرى بىلەن ئەپلەشتۈرسەك، بىزدىن مىننەتدار بولۇپ، بىغەرەز دوست ئىكەنلىكىمىزگە ئىشەنچ ھاسىل قىلغۇسىدۇر.

ئەبۇل ئاباس ئىبنى مەئمۇن ئويلىنىپ قالدى.

ــ مەيلى، مەن سەركەردىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرەي. ئەگەر كېرەك بولسا، ئۆزگەندكە مەھمۇد جەنىدىنى ئەۋەتىمىز. ئۇ دانا ۋە جەسۇر ئادەم. ئۆزگەندتە ئەلچى بولۇپ تۇرغاندا خانلار

ئارىسىدىن دوستلار تاپقان. ئەمما... — مەئمۇن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى، — ھازىرچە خارەزمنىڭ چېتىدىكى بىرەر مەسچىتتە مەھمۇد نامىغا خۇتبە ئوقۇتساق...

بىرونىي چوڭقۇر ئويغا پاتتى: ”ئەپسۇسكى، ئەل - سۇھەيلىدەك چاققان ۋەزىرنى ھەيدىۋەتتى، ھازىر ئەھۋال ئېغىرلاشقان چاغدا ئۇنىڭدىن بىر مەسلىھەت چىقارمىدى“ دەپ ئويلاندى.

— ھازىرچە ئالدىرىماي تۇرۇش كېرەك. بۇ توغرىدا سەرەسكالار ۋە رەئىيەت باشلىقلىرىغا مەسلىھەت سالمىغان ياخشى. ئۇلارنىڭ كەيپىياتلىرى ماڭا مەلۇم. ئۇلار غوۋغا كۆتۈرگۈسى...

— مەھمۇدنىڭ تەلىپىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن غەزنىگە ئادەم ئەۋەتسەك...

— ھازىرچە ئالدىرىماي تۇر. ئاۋۋال ئويلىشىپ كۆرەيلى، ھەرقانداق مۇشكۇل مەسىلىنى ھەل قىلىش يولى تېپىلىدۇ.

... ئارىدىن بىرقانچە ۋاقىت ئۆتتى، بىرونىينى يەنە سارايغا چاقىرىشتى.

— ماڭسىلا، شاھ ھەزرەتلىرى سىلىنى ئىزدەۋاتىدۇ، — دېدى خەۋەرچى.

— نېمە گەپ، تىنچلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئالىم رەڭگى تاتارغان خەۋەرچىگە قاراپ.

— ئېھ، نېمىسىنى سورايلا. يۇرت چوڭلىرى ساراي ئالدىغا توپلىشىپ غوۋغا قىلىشماقتا، شاھ ھەزرەتلىرىنى ھاقارەت قىلىشماقتا...

بىرونىي قەسرگە يېقىنلاشقاندا توۋغ كۆتۈرۈپ، قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، ئاۋازلىرىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ كايىۋاتقان

ئەسكەرلەرنى كۆردى.

— كېرەك ئەمەس بىزگە بۇنـداق نامەرد پادشـاھ! مەئمۇنـلار ئەۋلادىدىن تەختكە لايىق ئادەم چىقمىدىمۇ!

— غەزنىۋىينىڭ ئەۋرىتىنى يالايدىغان ساتقۇن خارەزم تەختىگە لايىق ئەمەس.

— نومۇس قىلماي، تارتىنماي، مەھمۇد نامىغا خۇتبە ئوقۇتايلى دېگىنىنى قارا! خوتۇنىنىڭ سۆزىگە كىرىپ، شۇ ئىشنى قىلىۋاتىدۇ.

چوپچوك ئادەملەر پادىشاھىنىڭ خوتۇنى، مەھمۇد غەزنىۋىينىڭ سىڭلىسى قەلـچەنى سەت سۆزلەر بىلەن تىللايتتى. غەزەپتىن تىترەپ ـ قاقشاۋاتـقان يېـشى چوڭ ئادەملەرنىڭ كەينىدە تۇرغان ياشلار قەلچە توغرىسىدا بىرنېمە دەپ غودۇرىشاتتى.

— ئۆزەڭلارنى بېسىۋېلىڭلار، خالايىق! غەزەپ ۋاقتىدا قىلىنغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئەپسۇس ـ نادامەت بولغاي. سۆزۈڭلارنى ئاڭلىدىم. سىلەر ھەقلىق، ئەمما ئىختىلاپنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلايلى. مەن شاھ ھۇزۇرىغا كىرىپ، بۇ ئېچىنىشلىق ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ چىقاي.

قامىتىنى تىك تۇتۇپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلىگەن بىرونىينىڭ سۆزلىرى ئوتقا چېچىلغان سۇدەك تەسىر كۆرسەتتى. بىر سۆز بىلەن ئادەمنى ئۆزىگە رام قىلىدىغان بىرونىينىڭ غەزىپىنى كۆرۈپ، خالايىق جىمىپ قالدى.

— مېنىڭ مەسلىھىتىمگە كىرمەي، ئاشۇ سۆزنى ئارىغا سېلىپتۇ ـ دە، مەن سەركەردىلەرنىڭ كەيپىياتىدىن ئاگاھ قىلغان ئىدىمغۇ. بىر چوڭنىڭ سۆزىگە كىر، بىر كىچىكنىڭ، دېيىشكەن، — دېدى بىرونىي شاھ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئىشىكنى ياپقاندىن كېيىن.

— بۇلار ئش بولدى، ئۇستاز، ئېتىلغان ئوقنى ئەمدى قايتۇرۇ-ۋالغىلى بولمايدۇ، قانداق قىلىپ بولسمۇ تىنچلاندۇرۇڭ، ئۇلۇغلارغا مېنىڭ نامىمدىن ئالتۇن، كۈمۈش ۋەدە قىلىڭ. بوپتۇ، پۇل كەتسە كەتسۇن، ئەمما قولدىن سەلتەنەت ئۇزۈكى كەتمىسۇن! — دېدى چىرايى تاتارغان ئەبۇل ئابباس تىت-تىت بولۇپ.

بىرونىي پەلەمپەيگە چىقىپ، ئالامانغا خىتاب قىلدى:

— ئەزىز بۇرادەرلەر، ئاگاھ بولۇڭلار! شاھ ھەزرەتلىرى سىلەرنىڭ سادىقىتىڭلارنى سىناش ئۈچۈن خۇتبە توغرىسىدىكى سۆزنى ئوتتۇرىغا سالغانىكەن. ئەمما بۇ پىكىر كۆڭۈللەر كوچىسىدىن ئۆتمىگەنىكەن. خارەزم تەختىگە سادىقىتىڭلارنى، دۇشمەنگە ئاداۋىتىڭلارنى كۆرۈپ، زاتى ئالىي بەكمۇ خۇشال بولدى. شاھ ھەزرەتلىرى سەركەردىلەر ۋە رەئىيەت باشلىقلىرىنى ھۇزۇرلىرىغا تەكلىپ قىلىدۇ. — بىرونىي بەش-ئالتە مەشھۇر كىشىنىڭ نامىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى ئىچكىرىگە چاقىردى.

بېشىدا چوڭ سەللە، ئۇچىسىدا زەر ياقىلىق ئاق چەكمەن، بەللىرىدە كۈمۈش ساپلىق قىلىچ بولغان سەركەردىلەر، ھەيۋەت-سالاپەت بىلەن مېڭىپ پەلەمپەيدىن يۇقىرى چىقىشتى. سەللىلىك شەيخۇلئىسلام، كىمخاب چاپانلىق ئايانلار ئۇلارغا ئەگەشتى. ئۇلار قوبۇلخانىغا كىرىشكەندىن كېيىن بىرونىي مۇنداق دېدى:

— زاتى شاھانىلىرى سادىقەتلىرىڭلارنى كۆرۈپ، ھەربىرىڭلارغا مىڭ دىنار ۋە باش، ئاياغ كىيىم ئىنئام قىلدى. سىزلەر چۈشەنمەي ئۇ زاتنىڭ شەنىگە مالامەت تاشلىرىنى ئاتتىڭلار. سالامخانىغا كىرىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراڭلار، ئارقاڭلاردىن مەنمۇ كىرگەيمەن. چىقتىنىڭلاردا بۇ يەردە خەزىنىچى ئالتۇنلار بىلەن، ساراي ۋەزىرى

كىيىم ـ كېچەك بىلەن سىلەرنى كۈتۈۋالغاي.

ھازىرلا مەئمۇننى ساتقۇن دەپ ئەيىبلىگەن ئايان ۋە سەركەردىلەر پۇلنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، سالامخانىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى.

## 6

مەھمۇد غەزنىۋىي ۋەزىرى خوجا ھەسەن مەيمەندى بىلەن يالغۇز قالغاندىن كېيىن:

ــ قېنى، سۆزلە، خارەزمدىن نېمە خەۋەرلەر بار؟ ــ دەپ گۈركىرىدى. ئۇ سەككىز قىرلىق قىممەت باھا گۆھەرلەر بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن تەختنىڭ يۆلەنچۈكىگە قولىنى قويۇپ، ئۇنىڭ تەرىپىدە، تۆۋەندە ئولتۇرغان ۋەزىرگە بۈركۈتچە قارىدى. گويا ھازىر دۈشمەن بىلەن قىلىچلىشىدىغاندەك، ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ئىنچىكە پولات سىملاردىن توقۇلغان قىسقا يەڭلىك ساۋۇت، بېلىدە ئالتۇن ساپلىق قىلىچ ۋە خەنجەر بار ئىدى. بۇرنى ئەگمەك، مۇرىسى سەل مۈكچەيگەن، سالاپەتتىن ئادەم قورقىدىغان مەھمۇد يىرتقۇچ قۇشقا ئوخشايتتى.

ــ خارەزم ئەلچىسى مەھمۇد جەندە ئۆزگەند شەھىرىگە نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن كېلىپ، خانلار بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ئۇلارنى بىر ياقىدىن باش چىقىرىش، ھەمجەھەت بولۇشقا دەۋەت قىپتۇ. ئېلىنغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئەلچى خانلارنىڭ قاچىسىنى ئالتۇن، قويىنىنى ۋەدىلەر بىلەن تولدۇرۇپ، مەقسىتىگە يەتكەنگە ئوخشايدۇ. ئەگەر خانلار بىرلىشىپ، خارەزم بىلەن ئىتتىپاقلاشسىلا،



www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ بوينىغا ئىتائەت بويۇنتۇرۇقنى سالماق مەھەل.

مەھمۇد قاپىقىنى تۈرۈپ، جىمىپ قالدى.

— قېنى، سۆزلە، ئىككى دۈشمەننى بىر-بىردىن ئاجرىتىپ، ئاۋۋال بىرىنى، كېيىن ئىككىنچىسىنى ئۇرۇش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟

دۈشمەنلەرنىڭ بوينىغا ئىتائەت سىرتمىقىنى سېلىشقا ماھىر بولغان ۋەزىر ئۆز پىكرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغان مەھمۇدنىڭ يۈزى بارغانسېرى ئېچىلىپ، قەھرلىك كۆزلىرى كۈلدى، تۈرۈپ-تۈرۈپ مەككار ۋە سادىق ۋەزىرىگە سوئال قوياتتى.

— بارىكاللا، — دېدى ئۇ سۆزىنى تاماملىغاندىن كېيىن، — مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى سۆزنى ئېيتتىڭ. مەئمۇن جاسارەتسىز ئادەم، ئۇنى سۆزگە كىرگۈزۈش قىيىن ئەمەس، ئەمما خارەزملىقلار قەيسەر ۋە جەڭگىۋار خەلق. ئەگەر خارەزم ئۆزئارا ئۇرۇش يالقۇنى ئىچىدە قالسا، ئۇنى زەبت قىلىش ئاسان... بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەرگە يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، ھەممە مەسچىتلەردە نامىمغا خۇتبە ئوقۇتۇشنى مېنىڭ نامىمدىن تەلەپ قىلىش كېرەك. ئەنە شۇ چاغدا خارەزمدە پىتنە بورىنىنىڭ چىقىشقا باشلىغىنىنى كۆرىسەن. بىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خارەزمنى تالان-تاراج، مەئمۇنلار توپلىغان ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى ئولجا قىلغايمىز.

— ئىنشائاللا، تەدبىر ئوقلىرى ئارزۇ نىشانىغا بېرىپ تەگكەي، خاتا كەتمىگەي!

— ئامىن، — دېدى ۋەزىرنىڭ ئىسسىق نەپەسىدىن روھلانغان ناھايىتى مۇتەئەسسىپ مەھمۇد غەزنىۋىي. — ئەمما بىز يېرىم يولدا

www.uyghurkitap.com

قېلىشنى خالىمايمىز، ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش، دەپ ئولتۇرمايمىز،
هەرىكەت قىلىمىز. سەن ئېيتقاندەك، ئۆزگەندىكە نۇرغۇن سوۋغىلار
بىلەن ئەبۇ ناسىر مىشكانىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتەيلى. ھېيلە ۋە
مىكىر بابىدا مەھمۇد چەندە يۇقىرى تۇرامدۇ، يا مىشكانىمۇ، ئۆزەڭ
كۆرەرسەن.

تۈركىستان خانلىرى ھۇزۇرىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئەلچى
ئاي ئۆتمەي غەزنىگە قايتىپ كەلدى ۋە مەھمۇدنىڭ ھۇزۇرىغا
كىرىپ، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مۇبارەكلىدى. خانلار، ئەگەر
خارەزم بىلەن ئارىڭىزدا نىزا چىقسا، بىز بىتەرەپ قالىمىز، دەپ
ۋەدە بەرگەندى. مەھمۇد غەزنىۋىگە لازىمى شۇ ئىدى. ئۇ خۇشال
بولۇپ، يېڭى سەپەرگە ھازىرلىنىشقا باشلىدى.

* * *

408 سەنەئىسي① ھىجرىيىنىڭ باش باھارى. تاغدىن چىققان
ئىزغىرىن شامال ئادەمنىڭ سۆڭەك ـ سۆڭەكلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.
غەزنە شەھىرى شۇ سوغۇق كۈنلەردە قىزغىن جەڭلەرگە ھازىرلان-
ماقتا. ئۇچىسىغا جۇۋا، يېنىغا قىلىچ ئاسقان ئاتلىق ئەسكەرلەر
نەيزىلەر، دوبۇلغىلارنىڭ ئۇچىغا باغلانغان بايراقچىلارنى لەپىلدى-
تىپ، كاناي، سۇناي، ناغرا سادالىرى ئاستىدا شەھەردىن چىقىپ
كەتمەكتە.

قابىل بىلەن قەندەھار شەھەرلىرى ئوتتۇرىسىغا، ئېگىز تاغلار
ئېتىكىگە جايلاشقان كىچىككىنە غەزنە شەھىرىنى مەھمۇد قاراقچىلار
ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرغان. بۇ يەردە تۇرۇپ بەزىدە خۇراسانغا،

---

① 1017 ـ يىل.

بەزىدە تۈركىستانغا، بەزىدە ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىدۇ، خەلقنى تالاپ، يانچۇقنى تولدۇرۇپ قايتىدۇ.

— بۇ قېتىم ئەسكەرلىرىمىز قاياقـقا يۈرۈش قىلماقتا، قايسى مەملىكەتنىڭ ھالىغا ۋاي ئىكىن؟ — دەپ سورىدى كۆك سەللىلىك بىر كىشى يېنىدىكى ھەمراھىدىن. — ئاخىر ئاچكىزنىڭ ئېرى خوجا ھەسەننىڭ خىزمەتچىسىغۇ، بىلىدىغانسىز، موللا قىيامىددىن؟

— بۇ قېتىم خارەزمنىڭ ھالى خاراب بولىدىغانغا ئوخشايدۇ، — دېدى قىيامىددىن. — ئۇرۇش ئۈچۈن ئاسانلا باھانە تېپىلىپ قالدى.

— قانداق باھانە؟

— خارەزم خەلقى ئىسيان كۆتۈرۈپ پادىشاھى ئەبۇل ئابباس مەئمۇننى ۋە ئۇنىڭ باش ۋەزىرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، مەئمۇننىڭ جىيەنى ئەبۇل خارىسنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شاھىمىز، كۈيئوغلىمىزنىڭ قاتىللىرىنى جازالايمەن، دەپ سەپەر كەمرىنى باغلىدى.

— ئەجەبا، مەئمۇن ئۇنىڭ كۈيئوغلىمىدى؟

— ئى، بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭىز يوق ئىكەن-دە. ئەلى ئىبنى مەئمۇندىن تۇل قالغان قەلىچەنى ئۇنىڭ ئىنىسى ئەبۇل ئابباس مەئمۇنغا بەرگەنىدى.

— توۋا، سىڭىللىرىنى سىياسەت قورالى قىلىپ، بەزىدە ئۇ ھۆكۈمران، بەزىدە بۇ ھۆكۈمراننىڭ قوينىغا سېلىپ بېرىدىكەن-دە. ئامال بار، قەلىچەنىڭ بېشى ئامان بولسۇن. ئىسيانچىلار ئۇنىڭغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەپتىمۇ؟

— مەھمۇد غەزنىۋىيدەك ھۆكۈمراننىڭ سىڭلىسىغا تەئەددى قىلىدىغان ئادەمنىڭ بېشى ئۈن بولۇشى كېرەك. ئىسيانچىلار باشلىقى

ئەلىپ تەكىن ئۇنى سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئاكىسى ھۇزۇرىغا ماڭدۇرۇپتۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. قەلىچە ئىككى ئەرنىڭ بېشىنى يېدى... — ئۇ پىچىرلاپ بىرنېمە دېگەندى، سەللىلىك كىشى كۈلۈۋەتتى.

— ئېھتىيات قىلىڭ، موللا قىيامىددىن، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ. — بۇنداق گەپلەر كىشىنىڭ بېشىغا پالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ.

— سىزگە دەۋاتىمەن ـ دە، ئاكا. بۇ سۆزنى خەققە ئېيتقىلى بولاتتىمۇ!

* * *

ئەبۇل ئاببباس مەئمۇننىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىدىن كېيىن كونا تارىخنىڭ چاقى تېز ئايلىنىشقا باشلىدى. ئېھتىياتچان مەھمۇد سوۋغا ـ سالاملار بىلەن سىڭلىسىنى ۋە كۈيئوغلىنىڭ قاتىللىرىنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەلىپ تەكىن ئۇنىڭ بىرىنچى تەلىپىنى دەرھال قاندۇردى، ئۆزىگە يارىمايدىغان بەش ـ ئالتە ئەمەلدارنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلىتىپ، ئۇلارنىمۇ ئەۋەتتى. ئەمما مەھمۇد ھەربىي ھازىرلىقى پۈتكەندىن كېيىن تەلەپىنى چوڭراق قويدى. ئۇ ئەلىپ تەكىننىڭ ئۆزىنى زەنجىرلەپ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. ھۆكۈمەت بېشىدا تۇرغان شەخس ئەلۋەتتە يۇرتىنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى خالىمايتتى. ئۇ ئۇرۇشقا ھازىرلىنىشقا باشلىدى، ئۆزىنىڭ ياردەمچىلىرى سەبىيار تەكىن ۋە خۇمار تاش بىلەن 50 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر توپلاپ، ھەزەرەسپ يېنىدا مەھمۇدنى كۈتتى.

غەزنە ۋە بەلختىن چىققان دۈشمەن قوشۇنى جەيھۇن دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلدى. مەھمۇد غەزنىۋىي قوشۇنىنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئالدىنقى قىسمى ھەزەرەسپقا يېقىنلاشقاندا خۇمار تاش ئۆز قول ئاستىدىكى قىسىم بىلەن ئۇنى تارمار قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەھمۇد تېزلىك بىلەن يۈرۈپ، ئەلىپ تەكىن قىسمىغا تاش-لاندى. خارەزم ئاتلىق ئەسكەرلىرى كاناي، سۇناي، ناغرا سادالىرى ئاستىدا دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى. ئەھۋال ئېغىرلاشقاندا، مەھمۇد پىللىرىنى ئىشقا سالدى، 500 پىلنىڭ نەرىسى كاناي، ناغرىلارنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى. خارەزم ئاتلىرى ئۈركۈپ، بەزىلىرى كەينى پۇتىغا ئولتۇرۇپ قالدى، بەزىلىرى كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاچتى. پىللار خورتۇمى بىلەن ئاتلىقلارنى ئوراپ ئېلىپ يەرگە ئۇراتتى، دەسسەپ ئۆلتۈرەتتى، مىنىپ بولغان ئاتلارنىڭ كىشنىشى، ئادەملەرنىڭ پەريادى ھەممە ياقنى بېسىپ كەتتى، قۇرۇپ قالغان ئوت-چۆپلەر قىپقىزىل قانغا بويالدى.

مەھمۇدنىڭ قوشۇنى دەككە-دۈككىگە چۈشكەن خارەزم ئاتلىق-لىرىنى قورشىۋېلىپ قىرىشقا باشلىدى. ئەلىپ تەكىن ئەسكەرلىرىدىن بەك ئاز قىسمىلا پىللاردىن قۇتۇلدى، ساق قالغانلىرى ئەسىر چۈشتى.

جەڭ شاۋقۇنىدا قىزىسىپ كەتكەن مەھمۇد بەند قىلىپ ئېلىپ كېلىنگەن ئەلىپ تەكىن، سەييار تەكىن ۋە خۇمار تاشقا ھېجىيىپ قارىدى-دە:

— ئەمدى قانداق ئادەم بولدۇڭلار؟ — دېدى خىرقىراپ. — قولۇڭلاردىن كەلگىنى شۇ ئىكەنغۇ!

— پىللىرىڭ بولمىغاندا ئەدىبىڭنى بېرەتتۇق، — دېدى قولى كەينىگە باغلانغان خۇمار تاش غەزەپ بىلەن.

— سەنلەرنى گەپكە ياراتقان. مەرد بولساڭ ئەسكىرىڭنى يىغىپ

مەن بىلەن سوقۇش قىلىپ باقچۇ. قولۇڭنى يېشۋېتىمەن. قېنى كۆرەيلى ھالىڭنى، پىلىلىرىمنى ئەمدى ئىشقا سالمايمەن. ھە، نەپسىڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتىمۇ؟ خارەزملىقلارنىڭ كەينىگە تېخى ئەمرى مەئرۇپ قامچىسى تەگمىگەن. مانا كۆزلىرىڭنى ئېچىپ قويىمەن.

— سەن قاراقچى ئانچە كۆچەپ كەتمە. سەندەكلەردىن نەچچىسى يۇرتىمىزغا كېلىپ كەتكەن.

يۈزىگە قان تەپكەن مەھمۇد ئۆزىنى تۇتالماي:

— پىل ئاستىغا تاشلاڭلار بۇلارنى، — دەۋەتتى.

چوڭ بىر قىيا تاشقا ئوخشىغان. ئىسكەتسىز بىر پىل بويىنىدا ئولتۇرغان پىلچىنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، پۇتى ئالدىغا تاشلانغان سەركەردىنى كۆكسىدىن دەسسەپ ماجاقلىدى.

— قەرمەت، شىئە مەزھىپىدىكىلەرگە، ئىسەۋىيلارغا باشپاناھ بولغان خارەزم ئەھلى بۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى ئىبرەت كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قانداق ئەھۋالغا چۈشكەنلىكلىرىنى بىلىپ قويسۇن. بىز ئۇلارنى شەھەرمۇشەھەر ئايلاندۇرۇپ يۈرىمىز.

پىللار ئايىغى ئاستىدا چەيلەنگەن سەركەردىلەرنى چىشلىرى ئۈستىگە قويۇپ ئاستا مېڭىشقا باشلىدى.

— گۈرگەنچكە بارغىنىمىزدا كۈيئوغلىمىزنىڭ گۆرى تۆپىسىگە ئۈچ ياغاچ ئورنىتىپ، بۇلارنى ئۇنىڭغا مىخلاپ قويىمىز، — دېدى تەسكىن تاپقان مەھمۇد.

* * *

ئامىتى كەلگەن تاش يۈرەك پادىشاھ ئىختىلاپ بورىنى خاراب قىلغان ئۆلكىنى ئاسانلا بېسىۋالدى. مەئمۇنلار توپلىغان ئالتۇن، كۈمۈش ۋە قىممەت باھا گۆھەرلەرگە ئىگە چىقتى...

ئەسىر قىلىنغان بىرمۇنچە ياش ئەسكەرلەر ۋە خەلق ئىچىدىن تاللاپ ئېلىنغان قىزلارنى ساقچىلار نازارىتىدە غەزنىگە ماڭدۇردى. تۆگىلەرنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سۆكەنلەردە ئولتۇرغان قىزلار مىشىلداپ يىغلىشاتتى، بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئانىلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ، نالە قىلاتتى. ساقچىلار تۆگىلەرنىڭ ئاستىغا كىلىپ قالغان مومايلارنى تارتىپ چەتكە چىقىرىپ، "ئاۋازىڭنى ئۆچەر..." دەپ تووۋلىشاتتى.

ئەسىرلەر ئارىسىدا ئەبۇ رەيھان بىرونىي، ئەبۇ ناسىر ئىبنى ئىراق، ئابدۇسەمەد ۋە باشقا ئالىملارمۇ بار ئىدى. ئەجەل كەلسە تەييار تۇرغان بىرونىي تۆگە ئۈستىدە قامىتىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ غەمدىن مۈكچىيىپ قالغان ھەكىم ئابدۇ سەمەدكە ئىچىناتتى، چۈنكى قەرمەت مەزھىپىدىكى بۇ ئادەمنى ئۇچىغا چىققان مۇتەئەسسىپ، سۈننىي مەزھىپىنىڭ جەڭگىۋار ھىمايىچىسى مەھمۇد غەزنىۋىينىڭ ساق قالدۇرمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى.

چاچلىرىغا قىرو چۈشكەن ئەبۇ ناسىر ئىبنى ئىراق بولسا ياغلىققا تۈگۈۋالغان بىر سىقىم ئانا يۇرت توپىسىنى باغرىغا بىسىپ جانىجان ۋەتىنى بىلەن ۋىدالىشاتتى. كۆزلىرىدىن ئىككى يۈزىگە ئېقىپ چۈشكەن ياش ئاپتاپتا مەرۋايىتتەك يالتىرايتتى.

ئۇزۇن سەپەردىن قايتىپ كەلگەن مەھمۇد غەزنىۋىي شەھەر سىرتىدىكى باغدا ئارام ئالماقتا. ئەتراپتىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرغان كۆل بويى سالقىن، غۇر-غۇر چىققان بادى سابا سەككىز قىرلىق ئالتۇن تەخت تۆپىسىدە ئولتۇرغان سۇلتاننىڭ ئۇچىسىدىكى يىپەك چاپاننى ئاستا لەپىلدىتەتتى. ئۇنىڭ ئاستىدا زەرباب كۆرپە، قولىدا گۆرگەنچ ئۈستىلىرى نەقىش سالغان كۈمۈش

قەدەھ، قىرلىق بۇرنى بىرئاز قىزارغان، يۇمۇق كۆزلىرىدە تەبەسسۇم.

ئىختىلاپ بورىنى خاراب قىلغان خارەزمنى ئاسانلا زەبت قىلىپ، ھېسابسىز ئولجىلار ئېلىپ كەلگىنىدىن ئۇ خۇشال، ھەممىدىنمۇ مەمنۇن، سارىيىنىڭ شۆھرىتىنى ئالەمگە تارقاتقان ئالىملارنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەلگىنىدىن بەكمۇ مەمنۇن.

ئەپسۇسكى، ئۇلار ئارىسىدا ئۇلۇغ دانىشمەن ئىبنى سىنا يوق. مەھمۇد خارەزمگە يېتىپ بارماستىن بۇرۇن ئۇ نەگىدۇ قېچىپ كېتىپتۇ، ئەمما ئۇنى يەر ئاستىدىن بولسىمۇ تاپقۇزغۇسىدۇر. ئاخىر مەھمۇد غەزنىۋىي ئالىم ۋە شائىرلارنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە نام چىقارماقچىغۇ!

شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلى دانىشمەن ئادەملەر سۆھبىتىنى خالاپ قالدى، خەۋەرچىنى چاقىردى ۋە دەرھال خارەزملىق ئالىملارنى باشلاپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

ئاردىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي، ھاسىغا تايانغان، قاشلىرىمۇ ئاقىرىپ كەتكەن ئەبۇ ناسىر ئىبنى ئىراق، قىزىل يۈزلۈك، چەبدەس بىرونىي، قەسىدەچىلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇرغان شائىر ئەبۇ مەنسۇر تەخت ئۇدۇلىغا كېلىپ تەزىم قىلدى. سۇلتان ئۇلارغا ئىلتىپات قىلىپ، يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. كەلگەنلەر قات-قات سېلىنغان تۈركمەن گىلەملىرىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، سۇلتان ئۇلار بىلەن ھال-ئەھۋال سوراشتى.

— يول ئازابى ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى جەننەتتەك پايتەختىمىز غەزنىدە راھەت-پاراغەت بىلەن ياشاڭلار. سىلەر ئۈچۈن ئىمكانىيەت ئىشىكلىرى ئوچۇق، سىرلار قۇتىسىدىن ھېكمەت گۆھەرلىرىنى

ئېلىپ، قولىقىمىغا تاقاشلار، مەن ھەمىيانىڭلارنى سىموزەر بىلەن تولدۇراي. ھەممىسى سىلەرنىڭ دۆلىتىمىزگە بولغان ئىخلاسىڭلارغا باغلىق...

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىرونىينىڭ ئاچچىقى كەلدى. غەزنىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن قەرمەت، شىئە مەزھىپىدىكى ئۇلۇغ ئالىم ئابدۇ سەمەدنى ئۆلتۈرگۈزگەن مۇتەئەسسىپ مەھمۇد ئەمدى ئۆزىنى ئىلىم - مەرىپەت ھامىيسى قىلىپ كۆرسەتمەكچى! ئالىم ئۆزىنى تۇتالماي:

— ئەپسۇسكى، قاتارىمىزدا ئۇستاز ئابدۇ سەمەد ئەك ئاۋۋال يوق قىلىندى، مەرىپەت ئىمارىتىنىڭ بىر تۈۋرۈكى يىقىلىپ چۈشتى، — دەۋەتتى.

بۇ سۆز مەھمۇدنىڭ سەپراسىنى قايناتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇپ:

— سۈننىي مەزھىپىنىڭ دۈشمىنى بولغان بىر قەرمەتىينىڭ ئۆلۈمگە تەئەسسۇپ بىلدۈرگىنىڭىزگە ئەجەبلىنىمەن، — دېدى. — ھەرقانداق ئىلىمنىڭ ئۇلى دىنى ئىسلام بولۇشى كېرەك. شىئە، قەرمەت مەزھىپى ئىلىمنى تۈيۈق كوچىغا كىرگۈزۈپ قويىدۇ.

بىرونىي ئاتا - بوۋىلىرى مەجۇسىي بولغان بۇ ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسلام ھامىيسى بولۇپ قالغىنىغا تەئەججۇپلىنەتتى، چۈنكى ئۇ مەھمۇدنىڭ نەسىل - نەسەبىنى باشقىلارغا قارىغاندا ياخشىراق بىلەتتى.

...بۇ ۋەقەلەردىن 50 يىلچە ئىلگىرى سامانىلارنىڭ ئەمەلدارى ئەلىپ تەكىن مەھمۇدنىڭ ئاتىسى سەبۇكىنى نىشاپۇردىكى قۇل بازىرىدىن سېتىۋالغانىدى. ئەسلى ئىسمى سېۋۇك ياكى سېبىك بولغان بۇ مەجۇسىي تۈرك يىگىتى كېيىنرەك ئىسلام

دىننى قوبۇل قىلىپ، ئات مىنىشنى، قىلىچ چېپىش، ئوق ئېتىشنى ئۆگەندى ۋە بۇ جەھەتلەردە باشقىلارغا دەرس بېرىدىغان بولدى. ئۇ خوجىسى ئېغىز ئاچماستىن بۇرۇن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ۋە ھەرقانداق بۇيرۇقنى ئېيتقىنىدىن ئارتۇق قىلىپ بېجىرەتتى. بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئۇ خىزمەت باسقۇچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بالدىقىغا چىقىپ، تەكىن دېگەن ئۇنۋاننى ئالدى. ئەلىپ تەكىن ئۆلگەندىن كېيىن غەزنە ۋىلايىتىگە ھاكىم قىلىپ بەلگىلەندى ۋە بۇخارا پادىشاھىغا سادىق دىلىدىن خىزمەت قىلىشقا باشلىدى. سەبۇك تەكىننىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە مەھمۇد ئۆزىنىڭ پەم-پاراسىتى، جاسارىتى بىلەن ئاجرىلىپ تۇراتتى. شۇ سەۋەبتىن ئاتىسى ئۇنى دائىم ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭغا سەركەردىلىك سەنئىتىنى ئۆگەتەتتى. سەبۇك تەكىن ئۆلگەندىن كېيىن، قوشۇننى باشقۇرۇۋاتقان مەھمۇد پايتەختنى ئاسانلا ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى ئەمىر دەپ ئېلان قىلدى. سامانىلار يىقىلغاندىن كېيىن، جەيھۇننىڭ سول تەرىپىدىكى يەرلەرنى ئۆزىگە قارىتىپ، مۇستەقىل ھۆكۈمران بولۇۋالدى...

مانا ئەمدى خارەزمنىمۇ زەبت قىلىپ، ئۇلۇغ مەملىكەتنىڭ پادىشاھى بولۇۋالغان قۇلنىڭ ئوغلى بىلەن ئۇلۇغ ئالىم ئۇدۇل تۇرىدۇ. "ئەجەبكى، تاجۇتەخت، شانۇشەۋكەت ئادەمنى شۇنچىلىك بۇزۇۋەتسە! — دەپ ئويلىدى بىرونىي مەھمۇدنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ. — دۆلەت تىزگىنىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۆز ھەمجىنسلىرىنى ئۇنتۇدى، پېقىر، پۇقرانى، قۇللارنى ئېزىپ، سۈيىنى ئىچىشكە باشلىدى. بۇ قانداق ئادالەتسىزلىك!" ئەبۇ ناسىر مەنسۇر شاگىرتىنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئاستا تۇرتۇپ قويدى. شۇنىڭدىن

كېيىن بىرونىي يەرگە قاراپ، يۈزىگە ئىستائەتكارلىق تۈسىنى بەردى.

مەھمۇد ھازىر غەزەپلىنىش ئورنىنى ئىككەنلىكىنى پەملەپ گەپنى باشقا ياققا باشلىدى:

— كۆڭلۈمنى شۈبھە تۇمانى بىلەن قاپلىغان بىر سوئالغا جاۋاب ئېلىش ئۈچۈن سىلەرنى بۇ يەرگە چاقىرتقانىدىم، — دېدى ئۇ. — تۈنۈگۈن تۇنياقدىن كەلگەن بىر ۋەكىلنى قوبۇل قىلغانىدىم. تىلى تۈركىي تىلغا بىرئاز ئوخشايدۇ. گەپتىن - گەپ چىقىپ، بىزنىڭ تەرەپلەردە ياز چىللىسىدىن قىش چىللىسىگىچە كۈن پاتمايدۇ، قىش چىللىسىدىن باشلاپ ئاپتاپنى ئالتە ئاي كۆرمەيمىز، دېدى. بەردىبىر، بىر كېچە - كۈندۈز 24 سائەتكە باراۋەرغۇ! ئەجەبا، ئۇلارنىڭ بىر كۈنى بىزنىڭ 180 كۈنىمىزگە تەڭ بولسا! ئۇنداق بولسا، ئۇ يەرلەردە مۇسۇلمان كىشى روزىنى قانداق تۇتىدۇ! مەن كاززاب دەپ ئەيىبلەپ، ئۇ يالغانچى كاپىرنى زىندانغا تاشلىدىم. ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن ئاۋۋال سۆزلىرىنىڭ قانچىلىك توغرا ئىكەنلىكىنى سىلەردىن سوراپ بىلمەكچى بولدۇم.

— ياخشى ئىش قىلىپسىز، — دەۋەتتى بىرونىي. — ئىجازەت بەرسىڭىز... سىزنى قىيناپ قويغان بۇ سوئالغا جاۋاب بەرسەم. — ئۇ ھاياجانلانغانىدى، چۈنكى گەپ بىر گۇناھسىز ئادەمنىڭ ھايات - ماماتى ئۈستىدە كېتىۋاتقانىدى.

قىياپىتى يىرتقۇچ قۇشقا ئوخشايدىغان مەھمۇد گۆلىيىپ، "ئېيت" دېگەندەك قىلىپ باش لىڭشىتىپ قويدى.

— ئاپتاپ ئۇپۇق سىزىقىدىن تۆۋەندە بولغان ۋاقىتنى بىز تۈن دەيمىز، — دەپ سۆز باشلىدى بىرونىي. — تۈن ۋە كۈننىڭ ئۇزۇن-

لۇقى يىل پەسىللىرىگە ۋە مەملىكەتلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ۋەزىيىتىگە باغلىق. مەلۇمكى، بۇ يەرلەردە قىش پەسلىدە تۈن ئۇزۇن، كۈندۈز قىسقىراق، يازدا بولسا، ئەكسىچە، كۈن ئۇزۇن، تۈن قىسقا بولىدۇ. يەر شارىنىڭ بەلبېغىدا تۈن ۋە كۈن ھەر ۋاقىت بىر-بىرىگە باراۋەر. بىزدە يىلدا ئىككى قېتىملا كۈن بىلەن تۈن باراۋەر بولىدۇ. شىمالغا قاراپ ماڭغانسىرى قىشتا تۈنلەر بىزدىكىدىن ئۇزۇنىراق، كۈنلەر قىسقىراق بولىدۇ. بەس، شۇنداق ئىكەن، قۇتۇپقا يېقىن يەرلەردە قىش پەسلىدە ئالتە ئاي كېچە، يازدا بولسا ئالتە ئاي كۈندۈز بولۇشى تەبىئىي ھالدۇر.

ئالىم ئۆز پىكىرلىرىنى ھەرقانداق ئادەمگە چۈشەندۈرۈشكە ماھىر بولسىمۇ، سۆزلىرىنىڭ پادىشاھقا ئاڭلانمايۋاتقىنىنى بايقاپ، باشقىچە دەلىللەر ئىزدەشكە باشلىدى. دۇنياۋى ئىلىملەردىن بىخەۋەر، مۇتەئەسسىپ مەھمۇدقا پەقەت دىنىي دەلىللەرلا تەسىر قىلالايتتى. بىرونىي بۇنى بىلىپ، سۆزنى باشقا ياققا باشلىدى:

— تۇنىياق ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى مەجۇسىي، ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان، — دېدى ئۇ ئىستېھزا ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ. — شۇ سەۋەبتىن خۇدا قىش پەسلىدە ئۇلارغا قۇياش جامالىنى كۆرسەتمىسە، بۇنىڭدا ھەيران قالىدىغان نەرسە يوق.

بىرونىينىڭ بۇ سۆزى پادىشاھقا ماقۇل چۈشۈپ، پادىشاھ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ئەنە، ئۆزىڭىزگە كەلدىڭىز، ئەبۇ رەيھان، سۆزلىرىڭىز ئەمدى ئۆز جايىنى تاپتى، قۇتۇپ تەرەپتىن كەلگەن ۋەكىل مېنى راستلا ئالدىمىغانغا ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ ۋە ئىشىك ئالدىدا تۇرغان خەۋەرچىگە ۋەزىر ھەسەنەكنى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

— ئاۋۇ... تونىياقتىن كەلگەن ۋەكىلنى دەرھال زىنداندىن چىقىرىۋەت، — دېدى ئۇ بېشىغا كۇلاھ، ئۇچىسىغا يىپەك چاپان كىيگەن ۋەزىر ھۇزۇرىغا كەلگەندە. — ئۇنى رازى قىلىپ، سوۋغا-سالاملار بىلەن يۇرتىغا ماڭدۇر!

— باش ئۈستىگە، — دېدى ھەسەنەك كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ.

* * *

دەسلەپ مەھمۇد بىرونىينىڭ دانالىقىغا قايىل بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ناھەق، ئۇنىڭ ھەق بولۇپ چىققىنى پادىشاھقا ئەلەم قىلدى. "مەندەك ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ ئالدىدا بېشىنى نار تۆگىدەك ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەغرۇر جاۋاب بېرىشىنى قارا! بارا-بارا مېنى مەنسىتمەي قويىدۇ بۇ ھارىمى! ئەگەر ھازىرلا بۇرنىنىڭ بېزىنى ئالمىسام، كېيىن تىزگىنىنى تۇتقۇزمايدۇ" دەپ ئويلىدى ئۇ. ئەتراپتىكى ئادەملەر خارەزملىق ئالىمنى ماختىغانلىرىدا ئۇنىڭ سەپراسى قايناپ كېتەتتى، بۇ ماختاشلار ئۇنىڭغا تەنىدەك تۇيۇلاتتى. ھەر قېتىم: "نوختىلاپ ئالمىسام، ماڭا تۇتقۇزمايدۇ!" دەپ ئويلايتتى ئۇ.

بىركۈنى بىرونىي ئۆز ياتىقىدا مۇتالىئە قىلىپ ئولتۇرغىنىدا بوسۇغىدا ساراي خەۋەرچىسى پەيدا بولدى.

— خوش، خىزمەت؟ — دېدى ئالىم بېشىنى كىتابتىن كۆتۈرۈپ.

— زاتى ئالىي سىلىنى كۆرۈشنى خالايدىكەن.

ئالىم دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ كىيىنىشكە باشلىدى. ئۇ سالامخانا ئىشىكىدىن كىرگەندە جامائەت جەم، سۇلتان تۆردىكى ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئىدى. ئۇ ئوق مۇشتىنى تىزىغا تىرەپ ئولتۇراتتى،

تۆۋەندە ئالىملار، شائىرلار قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇراتتى. بىرونىي تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇستازى ئەبۇ ناسىر مەنسۇرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى، ئۇنى كۆرۈش بىلەن مەھمۇدنىڭ قاشلىرى ھىمىرىلىپ، يۈزىدە بىئارامىلىق ئالامىتى پەيدا بولدىيۇ، كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، باش لىڭشىتىپ قويدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھال-ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن:

— ئادەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، دۇنيادا سەن بىلمەيدىغان سىر قالمىغانمىش، يەر ۋە ئاسماندىكى ھەممە سىرلاردىن ۋاقىپ ئىمىشسەن، — دەپ قالدى.

— قۇلاق ئاڭلىغان ھەربىر سۆزگە ئىشىنىۋەرگىلى بولمايدۇ، — دېدى بىرونىي بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئاڭلىغان ھەربىر سۆزنى ئەمەلدە سىناپ بېقىپ، ئۇنىڭ قانچىلىك توغرىلىقىنى بىلسە بولىدۇ.

— ئۆزەممۇ سېنىڭ توغراڭدا ئاڭلىغان سۆزلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش نىيىتىدە ئىدىم. دۇنيانىڭ سىرۇ ئەسرارى مەھرەمىڭ بولسا، قېنى ئېيتچۇ: ھازىر شۇ ئىشكەلەرنىڭ قايسىبىرىدىن چىقىپ كېتەرمەن!

سالامخانىنىڭ سەككىز ئىشكى بولۇپ، ھەممىسى ئالمىنى يۇتۇشقا ھازىرلانغان ئەجدىھادەك ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ تۇراتتى.

بىرونىي بۇ سوئالنىڭ ئىلمگە مۇناسىۋىتى يوق، دەۋەتكىلى تاس قالدىيۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئى شاھى زامان، ماڭا باشقا سوئال قويۇڭ، — دېدى. — ھازىر يۇلتۇزلارنىڭ ھالىتى، ئۇلار ئارىسىدىكى مۇساپىنى سوراڭ، شۇندىلا مېنىڭ ئىلمى ھېكمەت ۋە پەلەكىيات خەزىنىسىدىن قانچىلىك نەسىبدار ئىكەنلىكىمنى بىلەرسىز.

— ئەگەر يۇلتۇزلارنىڭ ھالىتى ساڭا مەلۇم بولسا، شۇلارغا قاراپ نېمە ئىش قىلماقچى بولغىنىمنى ئېيتالارسەن. قايسى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشىمنى بىر قەغەزگە ياز، مەن ئۇنى ئورنۇمنىڭ ئاستىغا قويای، چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە قايتىپ كېلىپ، خېتىڭنى ئوقۇپ، سېنىڭ سىرۇ ئەسرار ئالەمىدىن قانچىلىك خەۋەردار ئىكەنلىكىڭگە قانائەت ھاسىل قىلارمەن.

پادىشاھنىڭ ئەقىل ئويۇنىنى سەپرا باسقىنىنى ۋە بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ شاگىرتى ئۈچۈن يامان بولىدىغانلىقىنى بايقىغان قېرى ئەبۇ ناسىر مەنسۇرنىڭ كۆزىگە دۇنيا قاراڭغۇ بولۇپ كەتتى. بىرونىي بولسا ئويغا پاتتى. سەككىز ئىشىكنىڭ قايسى بىرىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىپ بولمايدۇ، تەۋەككۇل قىلىپ، پالان ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدىلا، دەپ يازسا، بۇ تەخمىنى تاسادىپەن توغرا چىقىپ قالسا، ئۇنىداقتا مەھمۇدنىڭ ئۆزى مات بولىدۇغۇ. بۇنى ئۇ ھېسابقا ئالغانمىكىن؟ جەڭلەردە دۈشمەنىنىڭ نىيىتىنى بايقاپ، كۈتمىگەن تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشنى ياخشى بىلىدىغان مەھمۇد ئەلۋەتتە بۇنى ھېسابقا ئالغان. ئۇ بىر قېتىم مات بولىدى، ئىككىنچى قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمىگەن ئىشنى قىلىدۇ. شۇ ئىشىكلەرنىڭ ھېچقايسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئالىم شۇنى ئويلاپ تۆت ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى ۋە تۇساتتىن مېڭىسىگە كەلگەن پىكىردىن يۈزى يورۇپ كەتتى. گويا پادىشاھنىڭ نىيىتىنى بىلمەكچى بولغاندەك، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇستۇرلابنى قولىغا ئالدى، ئۇنى مەھمۇدنىڭ پېشانىسىگە توغرىلاپ، پەندىنى ئايلاندۇردى. "ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ شاگىرتىم؟ بۇ بەكمۇ مەسخىرىۋازلىققۇ! بۇ يەردە ئۇستۇرلابقا نېمە بار؟ — دەپ

www.uyghurkitap.com

ئۇيلىدى ئەبۇ ناسىر مەنسۇر داڭ قېتىپ، لېكىن بىردەمدىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ مىيىقىدا كۈلدى، ــ دۇنياۋى ئىلىملەردىن بىسەھەر مەھمۇدنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن شۇنىڭدىن باشقا چارە يوق، ئېشىكىگە يارىشا توقۇمى. بۇ قېتىممۇ ئەبۇ رەيھان پادىشاھنى مات قىلسا ئەجەب ئەمەس، لېكىن ئۇ بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاۋاتامدىكىن؟...

بىرونىي بولسا پادىشاھقا ئاڭلىتىپ: "قايسى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشلىرى ماڭا ئايان بولدى"، دەپ سومكىسىدىن بىر ۋاراق قەغەز، دۇۋەت ۋە قەلەم ئالدى، بىرنەرسىلەرنى يېزىپ قەغەزنى ۋەزىرگە ئۇزاتتى. ئەبۇ ناسىر مۇنازىرىدىن غالىب چىققان موللا يىگىتتەك كۆكسىنى كېرىپ جايىغا ئولتۇرغان شاگىرتىغا تەئەججۇپلىنىپ قارىدى. سالامخانىدا بولغان ئالىملار، شائىرلار پادىشاھ بىلەن بىرونىي ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئېلىشىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تاقەتسىزلىنىپ كۈتەتتى. مەھمۇد قەغەزنى قولىدا ئايلاندۇرۇپ، ئولتۇرغان ئورنىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويىدى ـ دە، ۋەزىرى ھەسەنەككە قاراپ قېشىنى كەردى. ۋەزىر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تەختنىڭ ئۇدۇلىدىكى تام كەينىدىن گۈپۈلدىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ھەممەيلەن ئەجەبلىنىپ ئاشۇ ياققا قاراپ قالدى. بىرنەچچە دەقىقىدىن كېيىن تام تېشىلىپ، بىرى قولىدا كەكە، ئىككىنچىسى جوتۇ تۇتقان ئىككى ئۇستىنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇلار كېسەكلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلىپ، تۆۋەنگە قويۇشقا باشلىدى. ئۇدۇلىدىكى تامدا ئادەم بويى تۆشۈك پەيدا بولغاندىن كېيىن مەھمۇد غەزنىۋىي تەختتىن چۈشتى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاشۇ تۆشۈكتىن سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قايسى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشىنى بىلمەي باشلىرى قاتقان ئۆلىما ۋە

شائىرلار ئۇنىڭغا تەسەننا ئوقۇپ، بارماقلىرىنى چىشلەپ قېلىشتى. ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي مەھمۇد ۋەزىرى ھەسەنەك بىلەن سالامخانىغا كىرىپ كەلدى. ھەممەيلەن گۇر قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلغىنىچە قېتىپ قالدى. مەھمۇد تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆرپە ئاستىدىن خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى-دە، چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى. كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك يەنە ئوقۇپ، بەدىنىدىكى ھەربىر تۈكى تىك بولدى. ئاخىرى، ئۇ ئۆزگەرگەن ئاۋاز بىلەن:

— ھەممىڭلەرگە جاۋاب، مېنى يالغۇز قويۇڭلار، — دېدى.

ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالغان ئادەملەر ئورنىدىن قوپۇپ، ئاياغ ئۇچىدا مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار نېمە ھادىسە بولغىنىنى بىلمەي گاراڭ ئىدى. ئىشىكتىن چىققانلىرىدىن كېيىن ئەبۇ ناسىر شاگىرتىغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىغاندى، ئۇ:

— خەتكە: ھېچىبىر ئىشىكتىن چىقىپ كەتمەيدىلا، ئۇدۇلدىكى تامنى تەشتۈرۈپ، تۆشۈكتىن چىقىپ كېتىدىلا، دەپ يازغانىدىم. — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئويلىغىنىنى تېپىپسەن-دە، پاراستىڭگە قايىلمەن، ئەمما بۇ قەدەر دانالىقىڭ، ھازىرجاۋابلىقىڭنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتىڭمۇ! نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟

— مەن بىلەن ئۈچەكەشكەن ئادەم ئالدىدا ئۆزەمنى يەرگە ئۇرالمايمەن. يۈزۈمگە پەردە تارتىپ، توختام سۇدەك جىم تۇرۇشقا تاقىتىم يوق.

— سەن بىلەن ئۇچراشقان ئادەمنىڭ ئۇلۇغ مەملىكەت پادىشاھى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمىغان بولساڭ بولاتتى.

— قانداق قىلاي، تۇرغان-پۈتكىنىم شۇ. بەزەندە ئەقىل

www.uyghurkitap.com

تىزگىننى ئىززەت قولىغا بېرىپ قويىمەن.

— خۇدا ئۆزى سىنى پالاكەتلەردىن ساقلىسۇن!

ھەممە ئادەم سالامخانىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەھمۇد ۋەزىرى خوجا ھەسەنەككە مۇنداق دېدى:

— جىمىكى ئالەمنىڭ ئاچقۇچى قولۇمدا دەپ مەغرۇرلىنىپ كەتكەن ئازازۇل ئادەم ئەلەيھىسسالام ئالدىدا سەجدە قىلمىغىنى ئۈچۈن جەننەتتىن قوغلانغان، پەرىشتىلەر كەينىدىن تاش ئېتىپ قالغانىدى. بىرونىيمۇ كىبىرۇھاۋاغا بېرىلىپ، ئۇلۇغلارنى مەنسىتمەي قالدى. خەتنى تاپشۇرغاندىن كېيىن مەيدىسىنى كېرىپ ئولتۇرۇشىنى قارا! ئەدىبىنى بېرىپ قويۇش كېرەك ئىدى.

— راست ئېيتتىڭىز. يۈگەنگە ئۇنىمىغان ئاتنى تىزگىنىدىن چىڭراق تارتىپ ھەيدەيدۇ.

— دەل كۆڭلۈمدىكى سۆزنى تاپتىڭ. جازاسىنى بېرىپ، كۆزىنى ئېچىپ قويۇش كېرەك. ئىككى قولىنى باغلاپ ساراي ئۆگزىسىدىن تاشلىۋېتىش كېرەك!

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەسەنەكنىڭ بېشى پىرقىراپ كەتتى. ساراي ئۆگزىسى شۇنچىلىك ئېگىز ئىدىكى، ئۇ يەردىن تۆۋەنگە چۈشكەن كىشى تىنى تارتماي ئۆلەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، سۇلتانغا قارىدى. مەھمۇد غەزنىۋىينىڭ يۈزى قىزىرىپ، كۆزلىرى ئوت چېچىپ تۇراتتى.

— يا، شاھى زامان. قەدىمكى دانىشمەنلەر: غەزەپ ۋاقتىدا قىلىنغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايمان بولار، دېگەن. يېلىنىپ سورايمەن، بۇ ئىشنى ئەتىگە قالدۇرساق...

— مەن ئېيتقان سۆزۈمنى ياندۇرۇۋالمايمەن، — دېدى مەھمۇد

مۇشتۇمىنى تۈگۈپ. — پەرمانىمنى بەجا كەلتۈرۈشۈڭ شەرت، بولمىسا بېشىڭ كېتىدۇ.

— مەن بېشىمنى سىز ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا رازىمەن، ئى شاھى زامان. بىرونىي ھەرقانداق ئېغىر جازاغا لايىق، ئەمما ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماڭ، تامدىن تاشلىۋېتىلسە تىن تارتماي ئۆلىدۇ.

— ئۆلەمدۇ، قالامدۇ، بۇنىڭ بىلەن كارىم يوق. ئەمما سۆزۈم سۆز.

ھوشيار ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئەمرىنى ئۆزى بىلگىنىچە بەجا كەلتۈرۈشكە، لېكىن زىخمۇ كۆيمىسۇن، كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن، دېگەن تەرىقىدە ئىش كۆرۈشكە نىيەت قىلدى.

— ھەر ئەمرىڭىزگە مۇتىي، ھەر پەرمانىڭىزغا تابىدۇرمەن، — دەپ تەزىم قىلغىنىچە كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى ۋەزىر ۋە مۇلازىمغا ساراي ھويلىسىنى سۈپۈرتۈپ، تەرتىپكە سېلىپ قويۇشنى تاپشۇردى.

بىرونىي ياتىقىدا قولى ئىشقا بارماي، پالاكەت نەيزىسىنىڭ قايسى تەرەپتىن كېلىپ قادىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. تۆت قاۋۇل يىگىت بالا - قازادەك ئۇنىڭ ياتىقىغا باستۇرۇپ كىرگەندە، ئۇ ھېچبىر تەمتىرىمەي ئورنىدىن قوپتى. يىگىتلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلىماقچى بولغاندا، ئۇ بىر سىلكىنىپ ئۇنىڭ قولىدىن ئۆزىنى بوشىتىۋالدى.

— ئۆلتۈرمەكچى بولساڭ، قولۇمنى باغلىما، ئۆلۈم غارى ياقىسىغا ئۆز ئەركىم بىلەن باراي!

ئۇنى سۆرەپ ساراي ئۆگزىسىگە ئېلىپ چىقتى ۋە پۇت - قولىدىن تۇتۇپ ھويلا مەيدانىغا تاشلىۋەتتى. "ئۆلدۇم" دەپ ئىختىيارسىز

www.uyghurkitap.com

كۆزىنى يۇمۇۋالغان ئالىم پاختا ئۈستىگە ئارتىپ قويۇلغان تور ئۈستىگە چۈشۈپ كۆزىنى ئاچتى. سول قولىنىڭ چىمچىلىقى ئېچىشىپ ئاغرىيتتى. بۇ ئاغرىق تۈپەيلىدىن ھوشىدىن كېتىپ قالمىغان ئالىم خۇددى تورغا چۈشكەن قۇشتەك تىپىرلاپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرماقچى بولدى. شۇ چاغدا ئىككى يىگىت قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويدى.

چىرايى ساقىلىدەك ئاقىرىپ كەتكەن ئەبۇ ناسىر مەنسۇر ھاسىسىغا تايىنىپ ياتاققا كىرگەندە بىرونىي تۆردىكى كۆرپە ئۈستىدە ئاق لاتا بىلەن تېڭىپ قويۇلغان چىمچىلىقىنى كۆتۈرۈپ ياتاتتى.

— خۇداغا شۈكۈر، تىرىك ئىكەنسەن، باشقا يېرىڭ زەخىملەنمىدىمۇ؟

— چىمچىلىقىم چىقىپ كەتكەنىكەن، جايىغا سېلىپ قويدۇم، باشقا ھېچ يېرىم زەخىملەنگىنى يوق.

— مىڭ قەتلە شۈكۈركى، ئامان قاپسەن، مەھمۇد مەن ئويلىغاندىنمۇ مەككارراق ئىكەن، سېنى ئۆگزىدىن تاشلىتىۋېتىپ، چۈشىدىغان يېرىڭگە پاختا تۆكتۈرۈپ قويۇپتۇ، شۇنداق قىلىپ ھوشۇڭنى تاپقۇزماقچى، كۆزۈڭنى ئېچىپ قويماقچى بوپتۇ. مەھمۇد غەزنىۋىي مەئمۇن ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ.

— راست ئېيتتىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن ئېھتىياتچان بولۇشىمىز، ئىلىم ئۈچۈن ئۆز شەخسىي ئازادلىقىمىزدىن كېچىپ، ھەرقانداق جەبىر-زۇلۇمغا بەرداشلىق بېرىشىمىز كېرەك.

— بىز ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشقا نەدە ئىمكان تاپساق، ئەركىنلىكىمىز شۇ يەردە، — دېدى ئەبۇ ناسىر.

ئۇستاز بىلەن شاگىرت يۈرەكلىرىنىڭ چىگىشىنى يېشىش ئۈچۈن

ئۇزاققىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇردى.

*    *    *

بىركۈنى مەھمۇد غەزنىۋىي شەھەر سىرتىدا، كۆل بويىدا قەۋەت-قەۋەت سېلىنغان گىملەملەر ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ:

— بىرونىي بولغىنىدا مېڭەمنى قاتۇرغان بىر مۇئەممىنى يېشىپ بەرگەن بولاتتى، — دەپ قالدى.

— ئىجازەت بەرسىلە ئۇنى يەر ئاستىدىن بولسىمۇ تېپىپ كەلتۈر-گەيمەن، — دېدى تۆۋەنرەكتە شائىر ئۇنشۇرى بىلەن يانمۇيان ئولتۇرغان ھەسەنەك.

— قانداق قىلىپ؟ ئەجەبا، سەن ئاشۇ كۈنى ئەمىرىمنى بىجىرمىگەنمىدىڭ؟

— خۇددى سىلە ئېيتقاندەك قىلغانىدىم. ئەمما جانابىلىرى ئۇلۇغ ئالىمنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ قالارمىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر ھىيلە ئىشلەتكەنىدىم. بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ئېيتىپ بېرەي.

— ئېيت!

ۋەزىر بولغان ۋەقەنى بېشىدىن يېگىنىسىگىچە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن مەھمۇد غەزنىۋىينىڭ چىرايى ئېچىلىپ، بىرونىينى دەرھال ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى.

يەر ئاستىدا يېلان مىدىرلىسا بىلىدىغان مەھمۇدنىڭ بىرونىينىڭ تىرىكلىكىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكى، ئۆزىنى بىلمىگەنگە سېلىپ يۈر-گەنلىكى ۋەزىرگە ئايان ئىدى. ئۆز ھۆكۈمرانىنىڭ ئىككى يۈزلىمى-لىكى، مەككارلىقىنى ياخشى بىلگەن ۋەزىر ئۆزىنى ساددە قىلىپ

www.uyghurkitap.com

كۆرستىپ، تەزىم قىلدى.

ئارىدىن بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىرونىي پادىشاھ ھۇزۇرىغا كېلىپ تەزىم قىلدى. پادىشاھ بىرئاز ئورۇقلاپ، قىزىلتۇ بۇرنى بىرئاز چىقىپ قالغان ئالىمغا سەپسېلىپ، ئۇنىڭ بىرئاز پەسكويىغا چۈشكىنىنى، تەقدىرگە تەن بەرگىنىنى، لېكىن ئەقلى نوختىلىنىۋېلىنغان ئىرادىسىنىڭ ھېلىمۇ سۇنمىغانلىقىنى بايقىدى. ئارىدا ھېچ سۆز بولمىغاندەك ئۇنىڭ بىلەن ھال - ئەھۋال سورىشىپ، ئولتۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. بىرونىي غەزنىۋىينىڭ ھەر خىل ئىلمىي ماۋزۇلاردا ئالىملار بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سوئاللىرىغا مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بېرىشكە ھازىرلىنىپ، يۈزىگە خەيرخاھلىق تۈسىنى بەردى.

مەھمۇد بۈگۈن ئەتىگەن خەزىنىسىگە كىرىپ، ساندۇقلاردىكى رەڭمۇرەڭ قىممەت باھا تاشلارنىڭ جۇلالىنىشىنى تاماشا قىلىپ، كۆڭلى جايىغا چۈشكەن، شۇڭلاشقا چىرايى پېتىۋاتقان كۈندەك جىم ئىدى. ئۇ قىممەت باھا تاشلارنىڭ تۈرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشنى سورىدى.

— قىممەت باھا تاشلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىكى ياقۇت، — دەپ سۆز باشلىدى بىرونىي. — لېكىن ئۇلارنىڭ تۈرلىرى كۆپ. ئاق، كۆك، سېرىق ۋە قىزىل رەڭلىك ياقۇتلار بار. ئەڭ قىممەتلىكى ئانار دانىسىغا ئوخشاش تاۋلىنىپ تۇرىدۇ. لەئىل (قىزىل ياقۇت) باشقا ياقۇتقا نىسبەتەن يۇمشاقراق.

ئالىم قىممەت باھا تاشلارنىڭ تۈرلىرى ۋە سۈپەتلىرى توغرىسىدا سۆزلىگەندە مەھمۇدنىڭ كۆزىگە خەزىنىسىدىكى رەڭمۇرەڭ ياقۇتلار كۆرۈنگەندەك بولدى ۋە سېخىيلىقى تۇتۇپ كېتىپ، ۋەزىرگە

قارىدى ـ دە:

ــ ئەبۇ رەيھان بىرونىي جانابلىرىغا ئېگەرلەنگەن ئەرەبــى ئات، مىڭ دىنار ۋە خىزمىتىنى قىلىپ تۇرۇشقا بىر غۇلام ئىنئام قىــلدىم، خەزىنىچى ۋە مىراخورغا پەرمانىمنى يەتكۈزۈڭ، ــ دېدى.

پەسىرەكــتە باداشــقان قۇرۇپ ئولــتۇرغان كاتىــپ سول تىزىــغا قويۇلغان قەغەزگە ئۇنىڭ پەرمانىنى يېزىپ قويدى.

(ئاپتورنىڭ ئۆزبېكچە «كارۋان يوللىرىــدا» ناملىق توپلىــمىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئا. خەلپەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# خالىغان چاغدا تېلېفون بېرىڭ، خالىغان چاغدا ئۆيگە كېلىڭ

## ئا. ئالېكسىن

ئا. ئالېكسىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى، شۇنداقلا بالىلار ئەدەبىياتى جەھەتتە نام چىقارغان يازغۇچى. يازغۇچىنىڭ «خالىغان چاغدا...» ناملىق بۇ ئەسىرى كرۇپۇسكايا دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئاپتور ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى مۇھىم ئەسەردىن بىرى. ئەسەردە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئائىلە ھاياتى شۇنداق تەبىئىي، جانلىق، قىزىقارلىق يېزىلغانكى، ئوقۇغان كىشىنى جەلپ قىلىۋالىدۇ. تۆۋەندە ئەسەرنىڭ بىر ئاز قىسقارتىلغان تەرجىمىسى بېرىلدى.

### 1. مېنىڭ ئىشىم ئەمەس

مەن ئاتا-ئانام بۇرۇن ئوقۇغان مەكتەپتە ئوقۇيمەن. نېمىشقىدۇ، دادامنى ھەممەيلەن ئەسلىرىدىن چىقارغانۇ، ئانام بىرمۇنچە ئادەمنىڭ ئېسىدە بار. بىزنىڭ تىياتىر گۇرۇپپىمىزغا قوشۇمچە مەسئۇل ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ماڭا: "ئاناڭ بەك قاملاشقان ئايال ئىدى!" دەۋېتىپ، گويا مەندىن بىرەر قۇسۇر تاپىدىغاندەك ماڭا بىر قۇر قاراپ چىققان. بۇنىڭغۇ كارى چاغلىق، چۈنكى ھازىر "قاملاشقان"لىقنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىگە نومۇر قويىدىغان پەيت

ئەمەس تېخى. بىراق، مەن ئانامنىڭ قەلبى مېنىڭكىدىن كۆپ ياخشى دەپ قارايتتىم. ئانامنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە مەن ھېچنېمە بىلمەيتتىم. ئەمما، ئانامغا ھە-پە دېيىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرگىلى كەلگەن چوڭ ئانام بىركۈنى ماڭا بەزى ئىشلارنى دەپ بەردى. ئۇ:

— سېرىيوشا روسىيە بويىچە مۇسابىقىدە مۇكاپات ئاپتۇ! — دېگەندى، مەن سورىدىم:

— قايسى سېرىيوشا؟

— سېرىيوشا پوتاپوۋ. ساۋاتلىق ئادەملەردىن ئۇنى بىلمەيدىغىنى يوق!

— مەن تېخى ئەمدى ئاڭلاۋاتىمەن. ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

دادامنىڭ بايقىۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ماڭا چوڭقۇر مېھىر بىلەن، توغرىسىنى ئېيتقاندا، تەشەككۈر ھېسسىياتى بىلەن لاپپىدە قارىغانلىقىنى بىردىنلا بايقاپ قالدىم. بايقاشنىغۇ بايقىدىم، بۇ قاراشنىڭ مەنىسىنى پەقەت بىلمىدىم...

كېيىن چوڭ ئانام سېرىيوشا پوتاپوۋنىڭ ساز تالانتى بار بالىلارغا ئاتاپ سېلىنغان بىر مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىنى، ئانامنىڭ ئوقۇغۇچى مەزگىلىدە ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى ماڭا ئاشخانىدا دەپ بەردى.

مۇزىكا مەكتىپى بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدا بولۇپ، ئىككىسىنى يول ئايرىپ تۇراتتى، بىزنىڭ مەكتەپتىن چىققان ئوقۇغۇچىنىڭ تالانتلىق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى دەرھال پەرق ئەتمەك تەس ئىدى. يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۇ مەكتەپتىن چىققان ئوقۇغۇچىنىڭ

www.uyghurkitap.com

تالانتلىق ئىكەنلىكىنى بولسا دەرھال بىلىۋالغىلى بولاتتى!

بىزنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن جىلتا ئېسىپ چىقاتتى، ساز جەھەتتە تالانتى بار ئوقۇغۇچىلار بولسا ساز قېپىنى ئېسىپ چىقاتتى. ئۆز زامانىدا سېرىيوشا پوتاپوۋ چوڭ ئىسكرىپكا چالىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن چوڭ ساز قېپى ئانام-نىڭ دىققىتىنى تارتقانىكەن. كېيىن ئانام ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ.

— شۇنى دېمەمدىغان، سېرىيوشا يارامىلىق چىقتى! — دېدى چوڭ ئانام كەچلىك تاماق ۋاقتىدا.

ئادەتتە، كارىدوردا ياكى ئاشخانىدا تاماكا چېكىدىغان دادام تاماقخانىدا تاماكا چەككىلى تۇردى.

— دەۋاتقان گېپىڭىزنى قارىڭا. ئۆتكەن ئىشنى سۆزلەپ كەتكى-نىڭىز نېمىسى... ئۇ چاغدا مەن تېخى نادان قىز ئىدىم! — دېدى ئانام ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئانام خۇشال بولۇپ كەتكەن، ئەمما دادام شۇ ئاخشىمى پەقەت كۈلمىگەنىدى.

— يارايدۇ، راست يارايدۇ!... — دەپ تەكرارلاۋەردى چوڭ ئانام قازان-قومۇشنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ.

چوڭ ئانام بىزگە ئەقىل ئۆگىتىشنى ياخشى كۆرەتتى دەڭا. بىراق ئۇ ھامان ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئۆگىتەتتى.

— ئايال قوشنامنىڭ ئوغلى شورپا قاينىتالايدىغان بوپتۇ، — دېگەنىدى ئۇ، بۇ: سەنمۇ بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىۋال دېگىنى ئىدى.

— كولە تىبىبي شۆيۈەننى سەن بىلەن بىللە پۈتكۈزگەن، ھازىر ئۇ مۇدىر دوختۇر بولدى، — دېگەنىدى چوڭ ئانام دادامغا. دادام بۇ گەپتىن، بۇ: سەنمۇ مۇدىر بولۇشنىڭ ئامالىنى قىل، دېگەنلىك دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشى كېرەك ئىدى. "شۇنى دېمەمدىغان،

سىرىۋشا يارامىلىق چىقتى!» دېگەن گەپ دادامغا: پەيتى كەلدى، سىنىڭمۇ يارامىلىق ئادەم بولىدىغان ۋاقتىڭ بولدى دېگەننى ئىما قىلاتتى.

بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى، مەن بادام بەز ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردۇم. ئوپېراتسىيە ئالدىدا ھەممىسى: «بۇ دېگەن كىچىك ئوپېراتسىيە، ھېچ ئىش بولمايدۇ!» دېيىشتى. لېكىن، نېمىشقىكىن، مېنىڭ ھېسسىياتىم باشقىچە بولدى... مېنىڭ بادام بېزىمنى ئوپېراتسىيە قىلغان تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىنى ئالاھىدە ئادەم دەپ قارىدىم. بويىنۇم بەك ئاغرىپ كەتتى، قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا ئۈچ بولسام بولاتتى، ئەمما مەن ئۇنىڭغا ئىچ-ئىچىمدىن قول قويىدۇم، ئادەتتىكى گەپ بىلەن ئېيتقاندا، توقۇقۇز تازىم قىلغۇدەك بولدۇم. قورقۇش ۋە قول قويۇشتىن توققۇز تازىم قىلغۇدەك بولدۇم! ئۇنى ئاق خالاتنى، رېزىنكە پەلەيىنى سېلىۋېتىپ، ئادەتتىكى ئادەملەردەك يۈرىدۇ، ياكى مەيخانىغا كىرىدۇ ئېھتىمال، دەپ خىيالىمغا كەلتۈرمەيتتىم...

دادام ھەر كۈنى دېگۈدەك ئوپېراتسىيە بىلەن مەشغۇل ئىدى. دېمەك، مەن ھېلىقى تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىغا قانداق قاراشتا بولغان بولسام، دادامغىمۇ ھەر كۈنى مەلۇم كىشى شۇنداق قاراشتا بولاتتى.

— سىز ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدىم چوڭ ئانامدىن.

بايا ئۇ 60 يىل مابەينىدە بىرەر قېتىممۇ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ باقماپتىكەن، شۇنداق بولغاندىكىن، ئۇ دادامغا قانداقمۇ تېگىشلىك باھا بېرەلىسۇن؟

— ئادەم دېگەندە بىر خىل غەيرەت بولسا بولىدۇ، سېرىيوشا پوتاپوۋدەك چوڭ نەتىجە قازىنىشقا تىرىشىدىغان غەيرەت بولسا بولىدۇ! — دېدى چوڭ ئانام پەلتوسىنى كىيىۋېتىپ غودۇراپ.

— ئەمسە بېشىڭىز ئاغرىغاندا دوختۇرنىڭ قېشىغا بارماڭ، — دېدىم مەن، — ھېلىقى ئىسكرىپكىچىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىڭ! ئاغرىقىڭىزنى شۇ پەسلەتسۇن!

ئۇخلاش ئالدىدا سۇخانىدا چىشىمنى چوتكىلاۋاتسام، ئانامنىڭ دادامغا دەۋاتقان گېپى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى:

— كۆلكىلىك ئىش...، — دېدى ئانام، دادامنىڭ ئەكسىچە، ئانامنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، كۆلگۈسى كېلىپلا تۇرغاندەك قىلاتتى، — سىزگە راست گەپنى قىلىۋاتىمەن. راست، ئۇ دېگەن كىچىك ۋاقتىمدا بولغان ئىش دەڭا!

— كىچىك ۋاقتىمدا...، — دېدى دادام بوشقىنا. مۇشۇ تاپتا تاماكىسىنى ئېلىشقا قولىنى يانچۇققا سالدىغۇ دەيمەن، دەپ ئويلىدىم.

مېنى تىترەك باستى.

بۇ گەپتىن قارىغاندا، كىچىك ۋاقتىدا باشلانغان ئىش ئىكەن-دە؟ قىزىق، قاچان ئاخىرلاشقاندۇ؟

”دادام بىلەن ئانام بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداشلارغۇ“ دەپ ئويلىدىم مەن. تالانتلىق بالىلارنىلا ئالىدىغان ھېلىقى مەكتەپ ھازىرقىغا ئوخشاشلا يولنىڭ ئۇ قېتىدا ئىدى. دېمەك، دادام ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىشىپ يۈرگىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ يۈرۈپتىكەن. بىچارە دادام قانداقمۇ چىداپ كەلگەندۇ؟ دادامنىڭ قەلبىنى ئۇلارنىڭ ئاشىق-مەشۇق بولۇپ يۈرگەنلىكى ھېلىمۇ

ئازابلاۋاتقاندۇ تېخى.

بىر ئامال قىلىش كېرەك، ئەمما بۇ ئامال نېمە؟ بۇنداق ئىشنى باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشىم مۇمكىنمۇ؟

ئالايلۇق، چوڭ ئانام بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بولسام، ئۇنىڭ: "ئايال قوشنامنىڭ ئوغلى چوڭلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ باققان ئەمەس" دېيىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

بەلكىم، بۇ ئىشقا راستىلا ئارىلاشماسلىقىم كېرەك بولغىيدى؟ بەلكىم...

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندى، بىركۈنى مەكتەپكە ماڭماي دەۋاتسام، رادىئودىن پوتاپوۋ ئورۇندىغان نومۇر بۈگۈن كەچتە تېلېۋىزىيىدە كۆرسىتىلىدۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدىم. ھېلىمۇ ياخشى، ئۆيدىكىلەردىن مەندىن باشقىلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىمىغانىدى.

كەچ بولدى، پۈتۈن روسىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە مۇكاپاتلانغۇچىلارنىڭ كونسېرتى باشلىنىشتىن چارەك سائەت ئىلگىرى دەرس تەكرارلايمەن دەپ تېلېۋىزور قويۇلغۇق ئۆيگە كىردىم.

— ئەتە ئىمتىھان بار! — دېدىم مەن. شۇ گېپىمدىن كېيىن ئۆيدىكىلەر پۈتۈنلەي ئۈچىدا مېڭىشتى.

بىر ھەپتە ئۆتتى، سېرىيوشا پوتاپوۋنىڭ ئورۇندىغان نومۇرىنىڭ سىمسىز رادىئودا بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم. رادىئو ئاڭلىتىشىنى باشلاشتىن 15 مىنۇت بۇرۇن دەپتەرلىرىمنى ئاشخانىدىكى شىرەگە يايدىم، رادىئويىمىز ئاشخانىدا ئىدى.

— ئەتە يەنە ئىمتىھان بار! — دېدىم مەن. شۇنداق قىلىپ، شۇ ئاخشىمى رادىئو ئېچىلمىدى.

ئەمما، سىرىيوشاپوتاپوۋنىڭ كاشىلىسى بىزنىڭ ئۆيىنى قويۇۋەتمىدى!

بىركۈنى كىنوخانىدىن كېلىۋېتىپ دادام بىلەن ئانام ھەركۈنى ئەتىگىنى ئىشقا ماڭىدىغاندا تراموايغا چىقىدىغان تراموۋاي بېكىتىدە بىر ئېلان چاپلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردۈم، ئېلاندا سىرىيوشانىڭ سۈرىتى بار ئىدى. دەسلەپتە سۈرەتنى ئېلىپ يىرتىۋېتەيمىكىنمۇ دېدىم. قانداق قىلسام قولۇم يېتەركىن دەپ ئېلاننىڭ يېنىغا كېلىپ سىنچىلاپ قارىدىم...ئەمما، ئاخىر يىرتمىدىم.

ئۆيگە كېلىپ دادام بىلەن ئانامغا: بۈنىڭدىن كېيىن تراللىبۇسقا چۈشۈپ ئىشقا بېرىڭلار، تراللىبۇس تراموايدىن كۆپ ياخشى، دېدىم.

— تراللىبۇس بېكىتى بەك يىراق، — دېدى دادام سۆزۈمنى رەت قىلىپ.

ھەي، دادام كۆڭلۈمدىكىنى بىلسىچۇ!

— ھويلا - ئاراملاردىن ئۆتكۈزۈپ قويسام، بەك يېقىن ئىكەنغۇ دەپ قالىسىلەر، يېنىمىزدىكىدەكلا يېقىن! — دېدىم مەن.

— ھويلا ئارىلاپ ماڭسا يول قاراڭغۇ ۋە خەتەرلىك، — دەپ لوقما سالدى چوڭ ئانام. چوڭ ئانام ئانامنى ئەتەي بۇرۇنقى كۈنلىرىگە ياندۇرماقچىمىكىن.

ئەتىگىنى دادام بىلەن ئانامنى باشلاپ بىر ھويلىدىن ئۆتتۈم.

— قاراڭلار، نېمىدېگەن ئەپلىك، — دېدىم مەن، — ئىككى قەدەم ماڭساقلا بېرىپ قالىمىز. يەنە كېلىپ زامانىۋىلاشقان قاتناش قورالىدىن بەھرىمەن بولىسىلەر...تراللىبۇس يەر ئاستى پويىزىغا يەتمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا تراموايدىن ياخشى! يەنە بىر پايدىسىمۇ

بار: ئۇچىمىز بىزنىڭ مەكتەپكىچە بىللە ماڭىمىز.

—— شۇنى دېگىنە، داداڭ بىلەن سېنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ۋاقتىمىز بەك ئاز بولۇپ كەلدى، سېنى مەكتەپكىچە ئاپىرىپ قويىدىغان ئىش بولسا، مەيلى...، —— دېدى ئانام ماقۇل بولۇپ، —— بالدۇرراق مۇشۇنداق دېسەڭ بولمامدۇ؟

مەن ئالتىنچى يىللىق سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى تۇرۇقلۇق، ئاتا-ئانامنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئەل-جامائەتكە كۆرسىتىپ تۇرۇپ مېنى مەكتەپكە ئەكىلىپ قويۇشنى خالىمايتتىم. ئەمما، ھازىر: نېمە بولسا بولسۇنا، دېگەن يەرگە كەلدىم. شۇنداق قىلىپ، دادام بىلەن ئانامنى سۈرەت بېسىلغان ھېلىقى ئېلانغا يېقىن يولاتمىدىم...

ئەلۋەتتە، ئانام بۇنداق ئېلاننى باشقا بىرەر يەردە كۆرۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا مېنىڭ نېمە ئامالىم بار دەيسىز!

ئارىدىن يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتتى، بىر كۈنى مەن:

—— بىز «قانداق ئادەم بولىسىز؟» دېگەن تېمىدا ئىنشا يازغاندۇق، باللارنى نېمە دەپ يېزىپتۇ دېمەمسىلەر، ھەممە ساۋاقداش دېگۈدەك دوختۇر بولىمەن دەپ يېزىپتۇ. ھەممىسى دېگۈدەك... ئۇچقۇچى، غەۋۋاس، ئىسكىرىپكىچى بولىمەن دەپ يازماي، دوختۇر بولىمەن دەپ يېزىپتۇ. مۇئەللىم: بۇ ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس، دوختۇرلۇق دۇنيادا ئەڭ ئالىيجاناب كەسىپ! ھەممەيلەن كېسەلنى ساقايتىپ، ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇپ قىلىشنى خالايدۇ. بۇ تەبىئىي ئىش، دېدى.

—— شۇنداق بولمايچۇ، —— دېدى ئانام.

دادام بىلەن چوڭ ئانام ئۈن-تىنسىز ئولتۇردى.

يەكشەنبە كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئادىشىم ۋاسكا پاگانىنىنى① ئۆيگە باشلاپ كەلدىم.

پاگانىنى ئۇنىڭ لەقىمى ئىدى، ئەلۋەتتە. ۋاسكا كىچىك ئىسكى‑رىپكا چېلىشنى ئۆگىنىۋاتاتتى، ساز چېلىش تالانتى بارلارغا ئاتاپ سېلىنغان ھېلىقى مەكتەپتە ئوقۇيتتى.

— سېرگېي پروكوفىيېۋنى② ياخشى كۆرەمسەن؟ — دەپ سورىدىم ئۆيىمىزدىكىلەر جەم بولغاندا ۋاسكادىن.

— ئەلۋەتتە! — دېدى ۋاسكا جاۋابەن.

— سېرگېي راخمانىنوۋنىچۇ③؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ئۇنى كىممۇ ياخشى كۆرمىسۇن؟

— سېرگېي پوتاپوۋنىچۇ؟

— بۇ ئادەمنى بىلمەيدىكەنمەن...

— ئېتنى بىر قېتىممۇ ئاڭلاپ باقمىغانمۇ؟ ئوبدان ئويلاپ باق! ئەسلەپ كۆر...

— ئاڭلاپ باقمىغان، زادى ئاڭلاپ باقمىغان. ئەتەي بۇ ئادەمنى سوراپ قالدىڭغۇ؟... فامىلىسى نېمە ئىدى؟ نېمىشقا بۇ ئادەمنى سورايسەن؟ — ۋاسكا بىز بۇنىڭدىن 15 مىنۇت ئىلگىرى مۇنچىدا

① پاگانىنى (1782 — 1840) — ئىتالىيە ئىسكىرىپكىچىسى ۋە كومپوزىتورى، رومانتىك مۇزىكىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ئىسكىرىپكا سەنئىتى تارىخىدا يېڭى دەۋر ئاچقان.

② سېرگېي پروكوفىيېۋ (1891 — 1953) — سوۋېت ئىتتىپاقى كومپوزىتورى، روياڵچىسى، رۇس فېدېراتسىيىسىنىڭ خەلق سەنئەتكارى.

③ سېرگېي راخمانىنوۋ (1873 — 1943) — روسىيىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر كومپوزىتورى، روياڵچىسى، دىرىژورى.

كېلىشۋالغان گەپلەرنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، راستتىلا ھەيران قالغان بولۇۋالدى.

— قاراڭلار، ئۇنى پاگاننىمۇ بىلمەيدىكەن! — دېدىم ئۆيدىكەلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن خۇشال ھالەتتە.

ئەمما، ئانامنىڭ ئۆتمۈشى قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولغىنى، چېكىنگىنى يوق!

بىركۈنى پوچتىخانىدىن بىزنىڭ مەكتەپتىن سېلىنغان ئىككى ئاتكىرىتكا كەلدى. ئادەتتە، ئاتا-ئانامغا مەكتەپتىن خەت كەلسە ئاچچىقىم كېلىپ قالاتتى. مەقسەتسىزلا كۆرگەندەك بولۇۋېلىپ خەتنى كۆردۈم...خەتتە مەن توغرۇلۇق يېزىلمىغاندى، بەلكى بىزنىڭ مەكتەپ بىلەن مۇزىكا مەكتىپى بىرلىشىپ ئاچقان ئەنئەنىۋى مەكتەپداشلار "بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش" كېچىلىكىگە تەكلىپ قىلىپ ئاتا-ئانامنى چاقىرغانىكەن. باغاق مۇددەتتىن بىر ھەپتە بۇرۇن تارقىتىلدى، باغاقنى تاپشۇرۇۋالغانلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى بولىدىغانلىقنى ئۆزى ھېلىھەم ئالاقىلىشۋاتقان ساۋاقداشلىرىغا ئېيتىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمىز، دېيىلگەنىدى.

سېرگېي پوتاپوۋنىڭ كېچىلىككە قاتنىشىدىغانلىقى دەرھال كاللامغا كەلدى. "كېچىلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ مەقسەت ساۋاقداشلارنى خۇشال جەم قىلىش، — دەپ ئويلىدىم مەن، — ئەمما، كېچىلىكتە ئانام ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ كەتسە، دادامغا خۇشاللىق نەدە؟ ئانامنىڭ ئۆتمۈشنى ئەسلىشى تۇرغانلا گەپ...بىردەملىك بولسىمۇ ئەسلەيدۇ... بۇنداق بولسا، دادام كارىدورغا چىقماي، ئۆيدىلا تاماكا چېكىشكە چۈشىدۇ..."

ئاتكىرىتكىنى جىلتامغا سۇقۇپ قويدۇم.

ئەنئەنىۋى "بىرلەشمە كۆكۆل ئىچىش" كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى يوغان ئۇقتۇرۇشنى مەكتەپنىڭ ئىچىدىكى دالاندىلا كۆردۇم. ئۇقتۇرۇشتا "پۈتۈن روسىيە بويىچە مۇسابىقىدە مۇكاپاتلانغان سېرگېي پوتاپوۋ ئىسىل ئويۇن كۆرسىتىدۇ" دەپ يېزىلغانىدى.

مەن ئويغا چۆكتۇم: "ئىنىقلا تۇرمامدۇ...ئۇ ئەل-جامائەت ئالدىدا سەنئەت ماھارىتىنى كۆرسىتىدىكەن. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئالقىش ياغدۇرىدۇ. ئەمما دادامغا ئەل-جامائەتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىش ئىمكانىيىتى يوق. چۈنكى ئۇنىڭ سەھنىدە مەلۇم بىراۋنىڭ سوقۇر ئۈچەيىنى كېسىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ياكى، توغرىراقىنى ئېيتقاندا، سوقۇر ئۈچەينى كېسىش... شۇنداق، سېرگېي پوتاپوۋنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتىدۇ."

جىلتامنى ئېچىپ، ئاتكىرىتكىلارنى تېخىمۇ ئاستىغا تىقىۋەتتىم.

ئەنئەنىۋى كۆكۆل ئىچىش كېچىلىكى بولغاندىن كېيىن ئەتىسى تا ھازىرغىچە ئانامنىڭ فىگۇرىسىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ كەلگەن ئەدەبىيات مۇئەللىمىز مەندىن:

— كۆكۆل ئىچىشقا ئاناڭ نېمىشقا كەلمىدى؟ — دەپ سورىدى.

مەن دادىسىز ئادەمدەك، ئۇنىڭ ئانامنىلا سوراۋاتقىنىنى. مەن ئۇقمايمەن دېگەن مەنىدە ئىككى قولۇمنى ساڭگىلاتتىم.

يالغانچىلىق قىلىشنى، "ھەئە" ياكى "ياق" دېيىشنى خالىمىغان چېغىمدا، ئىككى قولۇمنى ساڭگىلىتىپ ئۇقمايدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈشنى ئاللىبۇرۇنلا ئۆگىنىۋالغانىدىم. خەق نېمە دەپ ئويلىسا ئويلىمامدۇ!

شۇ كۈنى ئانام ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېلىپلا مەن تۇرىدىغان

ئۆيگە كىرىپ كەلدى، قارىسام پەلتوسىنىمۇ سىيىلىۋەتمەپتۇ. ئۇ كارىدوردا توختىمايلا ئىچىتىك كىرىپ كەلگەن چاغلاردا، مەن ياخشى گەپ ئىشتمەيتتىم.

— داداڭ بىلەن ماڭا مەكتەپتىن بىرنەرسە ئەۋەتكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ. مىكى-مىكى دەپ قولۇمنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇۋېلىپ ئۆتكۈزۈۋېتەي دەپ تۇرۇۋىدىم، ئانام مىختەك قادىلىپ قاراپ يەنە سورىدى:

— بىرنەرسە ئەۋەتمىدىما؟

— بىرنەرسە ئەۋەتكەندەك قىلغانىدى، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— بىرنەرسە دېگىنىڭ نېمە دېگىنىڭ؟ ئوبدان ئويلىنىپ باق، زادى نېمە ئىدى؟

— ھە، دۇرۇس، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى! ئىككىڭلەرگە ئىككى ئاتكىرىتكا ئەۋەتىپتىكەن. بىخەستىلىك قىلىپ جىلتامغا سىيلىپ قويغانچە ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. شۇ كۈنى بىزنىڭ ئىمتىھانىمىز بار ئىدى، نېمىشقىدۇ، مەن...

— نېمە دەۋاتىسەن، ھازىر سىلەردىن ھەر كۈنى ئىمتىھان ئالامدۇ؟

— ھەر كۈنى ئالمىسىمۇ، ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر ئېلىپ تۇرىدۇ. مانا، مۇشۇ ئىككى ئاتكىرىتكا...كۆرۈپ بېقىڭ!

ئاتكىرىتكىلارنى ئانامغا ئۇزاتتىم. ئانام قاراپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆزلىرىمگە مىختەك قادالغانىدى، كۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشقا بولمىدى!

— بىزنىڭ مەكتەپكە بېرىشىمىزدىن شۇنچە قورققۇدەك نېمە ئەسكىلىك قىلدىڭ؟

— ھېچقانداق ئەسكىلىك قىلمىدىم. قورقىدىغان يېرىممۇ يوق.
ئۇنتۇپ قاپتىمەن شۇ.
— سىلەرنىڭ مەكتەپتە ئۇقتۇرۇش چىقارغانمىشقۇ؟
— مەن دىققەت قىلماپتىمەن...
— ئۇنتۇپ قاپتىمەن، دىققەت قىلماپتىمەن! بۇ گەپلىرىڭنىڭ نەقەدەر قاملاشمىغان گەپلەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن. دېمەك، سەن ماڭا كۆڭۈل بۆلمەيدىكەنسەن. بۇنىڭدىن كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى! دوستلىرىم بىلەن بىر يەردە بولسام قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتىدىغانلىقىمنى بىلمەمسىنا؟ ئۇلار بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولۇپ كەتكەن تۇرسا!...
ئانام پەلتوسىنى سالماستىن، ھەتتا پەلتونىڭ تۈگمىسىنىمۇ يەشمەستىنلا ئورۇندۇقتا دوققىدە ئولتۇردى.
ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىم مۇمكىن؟
بەختىمگە دەل مۇشۇ چاغدا ئۆيگە چوڭ ئانام كىرىپ قالدى ۋە:
— ئايال قوشنامنىڭ ئوغلى يەنە بەش نومۇر ئاپتۇ، مۇرابىبا قاينىتىشنىمۇ ئۆگىنىۋاپتۇ! — دېدى.

## 2. يىراق تۇغقان

بەزىدە يېرىم كېچىدە تېلېفون غەلىتىلا جىرىڭلاپ كېتەتتى، تېلېفون يا بەك قىسقا، يا بەك ئۇزاق ۋاقىت جىرىڭلايتتى. بۇ تېلېفونلار دادامنىڭ قولىدا داۋالانغانلاردىن ياكى دادامنىڭ ساۋاقداشلىرىدىن (باشقا شەھەردىن) كېلەتتى. دادام ئۆيدىكىلەرنىڭ ئويغىنىپ قالغانلىقىنى پەرۋا قىلمايدىغاندەك، تېلېفون

بەرگۈچىلەر بىلەن بىرھازاغىچە سۆزلىشىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ يېرىم كېچىدە تېلېفون بەرگەنلىكىدىن ئانام ھەيران قالاتتى، دادام چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيتتى:

— ئۇلار سۆزلەشمەكچى بولغان ئادەمنى دەل مۇشۇ پەيتتە بەك ئاسان تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ-دە! ئۇلاردىن ئاغرىنىشقا بولامدۇ؟

ياكى بولمىسا مۇنداق دەپ چۈشەندۈرەتتى:

— ئۇلاردىن ئاغرىنىشقا بولامدۇ؟ شۇنچە يىراقتىن تېلېفون بېرىۋاتسا! ئۇ يەردە تاڭ ئېتىپ بولغان-دە. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

— ئۇلارمۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى چۈشەنسۇن-دە، بۇ يەردە تېخى يېرىم كېچە، — دەپ جاۋاب بېرەتتى ئانام.

— ئۇلاردىن ئاغرىنىشقا بولامدۇ؟ — دادام بۇ گەپنى تەكرارلاۋېرەتتى.

— ئاقىلغۇچى بولسىڭىز بولىدىكەن، — دېدى بىركۈنى ئانام.

— ئەرز قىلغۇچى بولغاندىن ئاقىلغۇچى بولغان كۆپ ياخشى.

— بۇنىڭدا ئەھۋالغا قاراش كېرەك! — دەپ رەددىيە بەردى ئانام.

دادام ئۆزىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرلۇقىنى قىلىپ يۈرىۋەردى.

بەزىدە يېرىم كېچىدە بەك قىسقا ياكى بەك ئۇزاق جىرىڭلىغان تېلېفوندا دادامغا بىرەر دوستىنىڭ بىز تۇرۇۋاتقان شەھەرگە كېلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلاتتى.

— بەك بەلەن بوپتۇ، — دەيتتى دادام بۇنداق ئەھۋالدا، —

ۋوگزالدىن ئۇتتۇرلا ئۈيۈمگە كەل! بىزدە قاتلانما كارۋات بار.

— ھېلىمۇ ياخشى، ئۈيدە بىرلا قاتلانما كارۋاتنىڭ بولغىنى! — دەيتتى ئانام ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — قىزىق ئادەملەركىنا! يالغاندىن بولسىمۇ ۋاي بولدى، رەھمەت، دەپ قويمايدىكەن. تۈزۈت - پۈزۈت قىلىشنىمۇ ئۇقمايدىكەن! مېھمانخانا دېگەن ساماندەككۇ...

— بوش ئۆي بولۇشى ناتايىن، — دەيتتى دادام جاۋابەن، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممە ئادەمنىڭ يېقىن ئادىمى بىلەن تۇرغۇسى كېلىدۇ.

— يېقىنمىش! چىرايىنىمۇ ئېسىڭىزگە ئالالماسسىزمىكىن.

ئەتىسى چوڭ ئانام دادامغا ئادەتتىكىدەك ئۇسۇلى بويىچە ئەقىل ئۆگەتكىلى تۇردى.

— ئايال قوشنامنىڭ ئېرى، — دېدى ئانام، — ئايالى بىلەن مەسلىھەتلەشمەي تۇرۇپ خەقنىڭ تەلىپىگە ھېچقاچان ماقۇل دېمەيدۇ. بۇ: بىلىپ قوي، سەنمۇ ئۆز بېشىمچىلىق قىلما، دېگەنلىك ئىدى.

— پېتە سىزدىن ئىككى سىنىپلا يۇقىرى ئىدى، ھازىر پروفېسسور بوپتۇ، — دېدى چوڭ ئانام، — ئۇ كالللىسىنى ئىلىم - پەن تەتقىقاتىغىلا ئىشلىتىدىكەن، ئىشقا دەخلى يەتكۈزىدىغان بۇنىڭغا ئالاقىسىز ئادەملەرنىڭ كېلىشىگە ھەرگىز يول قويمايدىكەن!

بۇ گەپلەردىن دادام: باشقا يەردىكى دوستلىرىڭنى بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلمىساڭ، سەنمۇ تېزلا پروفېسسور بولۇپ قالىسەن، دېگەن خۇلاسە چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن تۇرۇپ توختاپ، تۇرۇپ جىرىڭلايدىغان



www.uyghurkitap.com
كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

ئۈزۈن يوللۇق تېلېفون ئۈزاققىچە جىرىڭلاپ، بىزنى تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتسىلا، ئانام ماڭا "قاتلانما كارىۋاتنى تەييارلا!" دەيتتى.

ئانامنىڭ سۆزى توغرا بولۇپ چىقاتتى، چۈنكى ئاردىن بىر مىنۇت ئۆتۈپلا، دادام تېلېفون تۇرۇپكىسىغا مۇنداق دېدى:

— قانداق، نېمە ئىش بار؟! كەلسۇن...بىزنىڭ ئۆيدە تۇرىدۇ، بىرنەچچە مۇتەخەسسىسنى ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا تەكلىپ قىلىمەن! زۆرۈر بىيتى بولسا...— ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ قويغاندىن كېيىن، ئانامغا:

— ئوغلىنىڭ كېسىلى بەك ئېغىر ئىكەن، — دېدى.

— تىببىي ئىلىم ئۇلارنىڭ شەھىرىگە بېرىپ بولالماپتۇمۇ؟

— ئۇلار بىر كىچىك شەھەردە تۇرىدۇ، ئۇ يەردە چوڭ مۇتەخەسسىس يوق ئىكەن.

— چوقۇم چوڭ مۇتەخەسسىسكە كۆرسىتىش شەرتمىكەن؟

— ئۇ ئاغرىپ قالسا، — دېدى دادام مەن تەرەپكە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، — تىت - تىت بولمامسىزا؟ بالىنىڭ ئانىسى تېلېفوندا: "بالامنى داۋالاپ قويسىڭىز" دەپ يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپ كەتتى...ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا بولامدۇ؟

ئانام ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ھېچنېمە دېمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئانام سورىدى:

— ھېلىقى ئايال كىم...كېچە سىزگە تېلېفون بەرگەن ئايال؟

— يىراق تۇغقانلاردىن بىرى.

— بەك يىراق تۇغقانمۇ؟

— بەك يىراقتىنەك تۇرىدۇ.

— زادى قانداق تۇغقىنىڭىز؟

ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدا دادام ھەرقانچە ئويلاپمۇ قانداق توغقان ئىكەنلىكىنى ئېسىگە كەلتۈرەلمىدى.

— دادا جەمەت توغقان ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن، — دېدى ئۇ، — بىراق، قانداق توغقان ئىكەنلىكى بۇ ئىشقا ئالاقىسىزغۇ... ئۇ ئايالنىڭ بالىسىنىڭ كېسىلى ئېغىر بولسىچۇ؟

ئۈچ كۈندىن كېيىن ھېلىقى بالا كەلدى. ئۇ 30 ياشلاردىكى ئەر ئىكەن.

— سىلەرنىڭ ئىسىم-فامىلەڭلارنىلا چاقىراي، — دېدى ئۇ، — چۈنكى، ئانام ھەرقانچە ئويلاپمۇ بىزنىڭ قانداق توغقان ئىكەنلىكىمىزنى يادىغا كەلتۈرەلمىدى.

— قىزىق ئىش! بىزمۇ يادىمىزغا كەلتۈرەلمىگەندۇق، — دېدى ئانام.

— بۇنداقمۇ دەمدىغان؟ — دېدى دادام ئانامنىڭ گېپىگە قوشۇلماي، — قانداقلا بولمىسۇن، بىز دېگەن ئۇرۇق-توغقان، دادا جەمەت توغقان ئىكەنلىكىمىزنى ئېنىق بىلىمەن.

— بۇ چۈشىنىشلىك، — دېدى كەلگەن كىشى، — بىراق توغقان ئادەتتىكى يېقىن تونۇشلاردەك بولمايدۇ. ئالايلۇق، تونۇش-بىلىشنى كۆرۈپ تۇرىدىغان گەپ، بىراق توغقاننى ئۆمۈر بويى كۆرمەيدىغان، ئېتىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىشمۇ بولىدۇ. راست گەپنى قىلسام، دوختۇر "قىياسىي دىئاگنوز پىكرى"نى ئانامغا ئېيتمىغان بولسا، سىلەرنىڭ ئۆيىگە مۇنداق يۈرەكلىك كېلەلمىگەن بولاتتىم. "قىياسىي دىئاگنوز پىكرى"نىڭ قىلچە ئاساسسىز قىياس ئىكەنلىكىنى ئانامغا ئىتتىكرەك ئېيتىپ قويمىسام بولمايدۇ.

— خەق... سىزنى نېمە كېسەل دەپ قىياس قىپتۇ؟ — دەپ

سورىدى ئانام، ــ نېمە كېسەلكەن؟

ــ ھېلىقى كېسەل ئىكەن! ــ دەپ جاۋاب بەردى كەلگەن كىشى، ئۇنىڭ ئېتى ئىگنات ئىدى، بۇ ئىسىم كۆپ ئۇچرىمايتتى.

ــ قانداق كېسەل ئۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئانام چۈشەنمەي.

ــ سەۋەبىنى ھېچكىم ئۇقمايدىغان، ئاقىۋىتىنى بولسا ھەممە ئادەم بىلىدىغان، بۇ كېسەل بىلەن ئاغرىغانلارنىڭ ئوندىن توققۇزى ئۆلۈپ كېتىدىغان كېسەل.

ــ نېمىشقا "ئوندىن توققۇزى ئۆلۈپ" كېتىدىكەن؟ ــ دەپ باشقىچە پىكىردە بولدى چوڭ ئانام، ــ بۇ ساھەدە نۇرغۇن كەشپىياتلار بارلىققا كەلدى!

ئادەتتە بوش گەپ قىلىدىغان ۋە چوڭ ئانام تىبابەتچىلىك ھەققىدە ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئېيتقان چاغلاردا دائىم دېگۈدەك كارىدورغا چىقىپ تاماكا چېكىدىغان دادام بۇ قېتىم ئۆيدە تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ "دۇرۇس، گېپىڭىز تامامەن توغرا!" دەپ ئۇنلۇك ئاۋازدا ماقۇللىدى.

بىشىنىڭ ئاغرىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چوڭ ئانام ھازىرغىچە كېسەل بولۇپ باقمىغانىدى، ئەمما چوڭ ئانام ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن بىرەركىمنىڭ ئاغرىپ قېلىشىدىن بەك ئەنسىرەيتتى.

ئۇ گېزىتلەردىكى «دوختۇر تىبابەتچىلىك توغرىسىدا» دېگەن سەرلەۋھىدىكى ماقالىلەرنى بىر خەتنىمۇ قالدۇرماي ئوقۇپ، تەپسىلىي تەتقىق قىلاتتى. ئۇ ھەربىر ماقالىنى تەتقىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆيدە ھېچكىم بىرنەچچە كۈنگىچە يۆتەلمەيتتى ياكى چۈشكۈرەلمەيتتى.

ــ مەن كۆرگەن ماقالىلەردە يېزىلىشىچە، دوختۇرلار ئاتاپ

ئۆتكەن كېسەللەرنىڭ ئاغرىقى ئادەتتىكى بۆتەلدىن باشلانغان-كەن، — دەيتتى چوڭ ئانام.

چوڭ ئانام ئىگناتقا مۇنداق دېدى:

— سىز ئۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەمگە زادىلا ئوخشمايسىز، سىزنى مۇشۇ كېسەل بىلەن ئاغرىپسىز دېگەن دوختۇرلار خاتا دىئاگنوز قويۇپتۇ. تونۇشلىرىمدىن ئۈچى مۇشۇنداق كېسەلگە مۇپتىلا بولغانىدى...رەڭگىرويىڭىز ئۇلارنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇ ئۈچى ساقىيىپ كەتتى، ئوپېراتسىيىدىن كېيىن ساقايدى...ھازىر كۆتەكتەك يۈرىدۇ!

— "قىياسىي دىئاگنوز" ھەققىدىكى گەپنى نەدىن ئۇقتىڭىز؟ — دەپ سورىدى دادام.

— دوختۇرلار كېسەللىك ئەھۋالىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن نېمىشقىدۇ بىردىنلا پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئۇلار ماڭا: بىزنىڭ گېپىمىزگە ئىشىنىڭ، كېسىلىڭىز ئېغىر ئەمەس، دېيىشتى. مەن تىت-تىت بولمىدىم، دوختۇرلار ئۆزلىرى ھە دەپ كۆڭلۈمنى ياساشتى. كېيىن ئۇلارنىڭ كېسەل تارىخى يازىدىغان خاتىرىسىنى ئوقتۇرماي كۆرۈۋالدىم. كۆرۈپ قورقۇپمۇ كەتمىدىم. دىئاگنوزنىڭ يېنىغا يوغان سوئال بەلگىسى قويۇلغانىدى. دوختۇر سوئال بەلگىسى قويغان تۇرسا، مەن ئۇنىدەش بەلگىسى قويىمەن دەپ نېمە ئاۋارە بولۇپ يۈرەي؟ ئۇلارنىڭ ئانامغا نېمىشقا دەپ قويغىنىنى بىلىپ بولمايدۇ. ئانامغا دەپ قويغىنىغا بەك ئاچچىقىم كەلدى! ئۇنىڭغا دەپ نېمە قىلىدۇ؟

— رەسمىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىشى توغرا، — دېدى دادام، — ئائىلە تاۋابىئاتىغا ئۇقتۇرۇش

لازىم.

— شۇغىنىسى، ئۇلار ئائىلە تاۋابىئاتىمغا ئەمەس، ئانامغا ئۇۋۇتۇرۇش قىپتۇ ئەمەسمۇ! — دەپ توۋلاپ كەتتى ئىگىنات، — شۇڭا، ھېلىقى دېئاگنوزغا ئانام ئىشەنمىسۇن دەپ بۇ يەرگە كەلدىم، ئۇقتۇڭلارمۇ؟ ئۇسسۇپ كېلىپ سىلەرنى پاراكەندە قىلدىم. ئەمما، ئەندىشە قىلماڭلار! ئاشخانىدا ياتساممۇ بولىدۇ، كارىدورغا قاتلانما كارىۋات قويۇپ بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ.

— قاتلانما كارىۋاتتا ئاۋۇ ياتىدۇ...، — دېدى ئانام ماڭا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، — سىز مۇشۇ ئۆيدە كارىۋاتتا يېتىڭ.

— ھەرگىز مېنى دەپ ئاۋارە بولۇپ كەتمەڭلار، بولمىسا، دىئاگنوزى راست ئىكەن دەپ قالىمەن، — دېدى ئىگنات، — بىلەمسلەركىن، — ئىگنات سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنى ئانام يالغۇز چوڭ قىلدى... مېنىڭ دادام يوق. ئانام بەك جاپا تارتتى جۇمۇ. ئانام ئىككىمىز كۈنلەرنى سانايتتۇق: "ئوتتۇرا مەكتەپتە يەنە ئىككى يىل ئوقۇسام، ئاندىن ئالىي مەكتەپتە بەش يىل ئوقۇسام، يەنە يەتتە يىل ئوقۇيدىكەنمەن!" دەيتتىم. شۇنداق قىلىپ، يىللار ئۆتتۈۋەردى. ئاخىر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، خىزمەت قىلىشقا باشلىدىم، نەدىن بىلەي، ئۇششتۇمتۇت...شۇنداقمۇ بولارمۇ؟ ئانام شۇنچە يىللار كۈتۈپ كەلگەن ئەمەسمۇ! ئاخىر ئەمدى ئۇھ دەپ تۇرغاندا، ئۇنىڭغا مۇشۇنداق سوۋغات بەردىم ئەمەسمۇ! بۇ ئانامغا ۋاپاسىزلىق قىلغانلىق، تاش يۈرەكلىك بىلەن ۋاپاسىزلىق قىلغانلىق! ئانامغا: "ياخشى سۈپەتلىك ئىكەن! يېقىندىلا قايتىمەن!" دەپ تېلېگراممىا بېرىۋەتسەم بولاتتى.

— تېلېگراممىغا ئىشەنمەيدۇ، — دېدى ئانام.

— ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ قەسەم بېرىمەن. ئۇنىڭ قەسەمگە ئىشىنىدىغان ئاجىزلىقى بار. مەنچۇ، بىرەر ئىش بولسا ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن قەسەم بېرىمەن. ئۇ: سالامەتلىكىم ئۈچۈن قەسەم بەرسەڭ، مېنى گوللىمايدىغان بولسەن، دەيدۇ. ئادەتتە بۇنداق قەسەم بېرىشتىن قېچىپ يۈرەتتىم، بۇ قېتىم ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش قىلىدىغان بولدۇم.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە دادام ئىگناتنى مەلۇم بىر تىببىي شۆيۈەنگە ئاپىرىدىغان، ئاندىن ئۆزى ئىشلەيدىغان دوختۇرخانىغا ئاپىرىدىغان بولدى.

— نەتىجىسىنى ئاخشاملىققا بىلىسلەر، — دېدى دادام بىزگە.

— ياق، ئاخشام بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرمايلى، ئىدارەمگە تېلېفون بېرىڭ، — دېدى ئانام، — ئىشخانىدا بولماي قالسام، ئىشخانىدىكىلەرگە: ھەممە ئىش جايىدا، دەپ ئېيتىپ قويۇڭلار، دەپ قويۇڭ.

— يا بولمىسا ھەممە ئىش بەتتەر، دېسۇن، — دېدى ئىگنات كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! — دېدى ئانام ئۈنلۈك ئاۋازدا، — بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل...

— ھەرقانداق كېسەلگە قارشى كۈرەش قىلىش كېرەك، — دېدى دادام تولۇق ئىشەنچ بىلەن.

— كۈرەشتە غەلىبە قىلىش مۇمكىنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىگنات.

— مۇمكىن بولمايچۇ... غەلىبە قىلىش مۇمكىن! ئانىڭىزنىڭ قورقۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئۇ قەسەم كۈتمەكتە! ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا بولامدۇ؟ ئەمما، سىز دېگەن ئوغۇل بالا،

بۇنداق كېسەللىك ئۈستىدىن غالىب بولۇپ چىقىشنىڭ بولۇپ تۇرىدىغان ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىڭىز كېرەك.

— بۇنداق كېسەلنىڭ چاپلاشمىغىنى ياخشى، — دېدى ئىگنات.

ئۇ كۆلۈمسىرەپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە تىت-تىت بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇردۇم.

— مېنىمۇ خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇڭ، — دەپ ئىلتىماس قىلدىم. دادام بېشىنى لىڭشىتتى.

بەشىنچى سائەتلىك دەرستىن كېيىن فوتو گۇرۇپپىسى — بىزنىڭ گۇرۇپپىنىڭ پائالىيىتى بار ئىدى، مەن قاتناشمىدىم.

چوڭ ئانام ئادەتتە ھەر كۈنى كەچتە ئانامغا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرگىلى كېلەتتى. بۈگۈن كۈندۈزى كەلدى، كېلىپلا كارىدوردىكى تېلېفون تۇرۇپكىسىنى دەسمال بىلەن ئېرتتى، ئاندىن تېلېفون قويۇلىدىغان يۇمىلاق شىرەچاقنى، ئاندىن يۇمىلاق شىرەچاقنىڭ يېنىدىكى سەرەمجانلارنى سۈرتۈپ چىقتى.

چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىدە تېلېفون يوق ئىدى، شۇڭا ھەر ئاخشىمى ئانامغا ئىش-كۈش قىلىشىپ بەرگىلى كەلسىلا، بىزنىڭ ئۆيدىكى تېلېفون بوشىمايتتى، سىرتتىن بىزنىڭ ئۆيگە تېلېفون بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم تېلېفون بېرىپ بولۇپ، كىمگە تېلېفون بەرگەنلىكىنى بىزگە دەپ قوياتتى. بۇ ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەر قېتىم دېگۈدەك: «ئوتتۇرا مەكتەپتىكى قىز ساۋاقدىشىمغا تېلېفون بەردىم!» دەپ قوياتتى ۋە گېپىنى تۈگىتىپلا جەزمەن ئۇھ تارتىپ قوياتتى. گويا يېقىندىلا ئوتتۇرا سىنىپتا ئوقۇغان ئادەمدەك، چوڭ ئانامنىڭ قىز ساۋاقداشلىرى شۇنچە كۆپ ئىدى. ئەمەلىيەتتە، چوڭ ئانام كونا جەمئىيەتتە ئوتتۇرا

مەكتەپتە ئوقۇغانىدى.

ئەمما، شۇ كۈنى چوڭ ئانام ھېچكىمگىمۇ تېلېفون بەرمىدى. ئۇ تېلېفون كېلەمدىكىن دەپ ئولتۇردى، مەنمۇ تېلېفون كۈتۈپ ئولتۇردۇم.

ئاخىر بىز كۈتكەن تېلېفون كەلدى، دادامدىن تېلېفون كەلدى. ئادەتتە چوڭ ئانام چوڭلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما دەپ تۇراتتى. بۇ قېتىم ئۇ دادامنىڭ ھەممە گېپىنى ماڭا دەپ بەردى.

— ئىنگناتىنىڭ كېسىلى ئۇنداق ئەمەس ئىكەن. دىئاگنوز قويۇلۇپتۇ. شۇغىنىسى، كېسىلى بەك ئېغىر كەن. مۇرەككەپ ئوپېراتسىيە قىلىش توغرا كېلىدىكەن. ئەمما، ھېلىقى كېسەل ئەمەس ئىكەن! — چوڭ ئانام "خۇداغا شۈكۈر" دېدى - دە، ئۆيگە كىرىپ، سافادا ياتتى، ئۇ بەك چارچىغاندەك كۆرۈنەتتى.

نېمىشقىدۇ، مەنمۇ بىردىنلا چارچاپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم...

ئارىدىن يېرىم سائەت ياكى قىرىق مىنۇت ئۆتكەندە، قىسقا ۋە ئۈزۈقچە غەلىتە جىرىڭلايدىغان تېلېفون ئاۋازى ئاڭلاندى. كارىدورغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم.

— ئىنگنات تۇرۇشلۇق بازاردىن كەلگەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئىكەن، — دېدىم چوڭ ئانامغا، — ئۇ تېلېفوننى ئۈزۈۋەتمە، تۇرۇپ تۇر، دېدى. خۇش خەۋەرنى ئۇنىڭ ئانىسىغا تۇنجى بولۇپ مەن يەتكۈزەي... تۇنجى بولۇپ!

— ئايال قوشنامنىڭ ئوغلى ھېچقاچان چوڭلارنىڭ ئالدىدا شاپاشلىمايدۇ، — دېدى چوڭ ئانام.

بۇ گەپنى تۇرۇپكىنى ماڭا بەر دېگەنلىكى دەپ چۈشەنسەم

بولاتتى. ئەمما مەن تۇرۇپكىسنى بەرمىدىم. چوڭ ئانامۇ سافادىن تۇرمىدى، خۇش ياقمىغاندەك، بېشىنى سەللا كۆتۈرۈپ قويدى. ئۇ ماڭا يول قويغانىدى.

— ھايات ياشىشىدا گەپ يوق، سالامەت بولۇپ كېتىدۇ! — مەن تۇرۇپكىغا ۋارقىرىدىم، — ئۇنداق كېسەل ئەمەس ئىكەن، دىئاگنوز قويۇپ بولۇشتى! ئۇنداق كېسىلى يوقكەن. ئۆز سالامەتلىكىم ئۈچۈن، شۇنداقلا سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن قەسەم بېرىمەن!...

تېلېفوندىن ئىگناتىنىڭ ئانىسىنىڭ يىغا ئاۋازى كەلدى.

بۇ چاغدا تېلېفون ئۇلىغۇچى ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ بىرنېمە دېمەكچى بولدىيۇ، "سىلەر..." دەپلا گېپىنى توختىتىۋالدى. ئەسلىدە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇلىغۇچىلار باشقىلار تېلېفون بىرىنىۋاتقاندا خالىغانچە گەپ قىلالايتتى.

ئىگناتىنىڭ ئانىسى يىغلاۋاتاتتى.

مەن ئاۋازىمنى ئۇنىلۈك چىقىرىپ خۇشال ھالەتتە مۇنداق دېدىم:

— ئۇنىڭ كېسىلى بەك ئېغىر ئىكەن! مۇرەككەپ ئوپېراتسىيە قىلىش توغرا كېلىدىكەن! ئەمما، ھېلىقىدەك كېسەل يوق ئىكەن. ئۆزەمنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، شۇنداقلا سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن قەسەم بېرىمەن! ئالدىرىماڭ. ئۇ ساپساق ياشايدۇ!

مەكتەپ بىزگە دائىم «قانداق ئادەم بولىسىز؟» دېگەن تېمىدا ئىنشا يازدۇراتتى. بۇ تېمىغا ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىز ئامراق ئىدى.

يازغان ئىنشالىرىم ئوخشاپ قالمىسۇن دەپ، بىر قېتىمدا گېئولوگ بولۇشنى بەك ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمنى يازدىم، ئىككىنچى قېتىمدا بىئولوگ بولىدىغانلىقىمنى، ئۈچىنچى قېتىمدا ئالەم ئۇچقۇچىسى

بولۇشنى خالايدىغانلىقىمنى يازدىم. ئەمەلىيەتتە، مەن تېخى كەسىپ تاللىۋالمىغانىدىم.

ھېلىقى كۈنىمۇ كەلگۈسىدە نېمە بولىدىغانلىقىم ھەققىدە ئېنىق قارارغا كېلەلمىگەنىدىم. ”ئەمما، بۇنداق بولسا نېمىدېگەن ياخشى،— دەپ ئويلىدىم مەن، — ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدىن ياكى رېنتگېن بۆلۈمىدىن چىققاندا، كېسەلنى كۆرگەن ئانىنىڭ كۆزلىرى قورقۇنچ، ئۈمىد ئارقىسىدا نۇرسىزلىنىدۇ، مەن ھارغىن ھالەتتە كۈلۈمسىرەيمەن ۋە پەس ئاۋازدا ئانىغا مۇنداق دەيمەن: ’ئۇ ياشايدۇ... ساقىيىپ كېتىدۇ. تىت - تىت بولماڭ...ئۇ تۈزۈككىنە ياشايدۇ.‘“

## 3. ئەڭ بەختلىك ئۆتكەن بىر كۈن

ئايال ئوقۇتقۇچى ۋالېنتىنا گېئورگىيېۋنا مۇنداق دېدى:

— ئەتىدىن باشلاپ ئەتىل. ئەتىل ۋاقتىدا ھەربىر كۈنۈڭلارنىڭ جەزمەن بەختلىك ئۆتىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىمەن. كۆرگەزمىخانىلار ۋە مۇزېيلار سىلەرنى قاچان كېلىدىكىن دەپ تۇرىدۇ! ئەمما، شۇ بەختلىك كۈنلەرنىڭ ئىچىدە ھامىنى ئەڭ بەختلىك ئۆتكەن بىر كۈن بولىدۇ. بۇنىڭدىن قىلچە شۈبھىلەنمەيمەن! شۇ كۈندىكى ئىشتىن بىر ئىنشا يېزىڭلار. بۇ ئەتىل تاپشۇرۇقى بولۇپ قالسۇن. ھەممىدىن ياخشى يېزىلغىنىنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىمەن، دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىمەن! تېمىسى «مېنىڭ ئەڭ بەختلىك ئۆتكەن بىر كۈنۈم» بولسۇن!

يېڭى يىلنىڭ ھارپا كۈنى دادام بىلەن ئانام قىزىرىشىپ قالدى. ئۇلار بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىدە ھارپىنى ئۆتكۈزگەچكە، ئۇلارنىڭ



www.uyghurkitap.com

نېمشقا قىزىرىشىپ قالغانلىقىنى ئۇقماي قالدىم، ئۇلار ناھايىتى كەچ بولۇپ كەتكەندە ئۆيگە كەلگەنىدى، ئەتىگىنى بىر-بىرىگە ماي تارتىشىپ يۈردى...

ماي تارتىشىپ يۈرۈش ھەممىدىن يامان! ۋارقىرىشىپ قالسىغۇ، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەپلىشىپ قالىدىغان گەپ. ئۇلار نېمشقىدۇ ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىشنى ئاجايىپ بىلىدىكەن، ماڭا گەپ قىلىسىمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك، نېمە ئۈچۈندۇ بوش گەپ قىلاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا بىرەر ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سېزىۋالالايتتىم. بىراق بۇنداق ھالەتنىڭ قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. چۈنكى، ئۇ ئىككىسى بىر-بىرى بىلەن گەپلەشمەيتتى! بۇ ئىش كېسەللىككە ئوخشايتتى...تۇيۇقسىز قىزىتما ئۆرلەپ كېتىپ، 40 گرادۇسقا چىقسا، بۇ ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس، چۈنكى دورا يېسە قىزىتما پەسىيىدۇ. ئومۇمەن، قىزىتما قانچە ئۆرلىسە، نېمە كېسەل ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىماق شۇنچە ئاسان، ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن كېسەلنى ساقايتىۋالغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم...بىركۈنى، دوختۇر ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى ۋە نېمشقىدۇ بىرھازاغىچە ئىنجىقلاپ تۇرۇپ، ئاندىن ئانامغا: "بۇنىڭ تېنىغۇ قىزىماپتۇ..."دېمەسىمۇ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تېنىم ئاغرىغاندەك بولۇپ كەتتى.

قىسقىسى، قىشلىق تەتىلنىڭ بىرىنچى كۈنى بىزنىڭ ئۆيدە ھەممە نېمە شۇنداق جىم، شۇنداق يېنىك بولۇپ كەتتىكى، نورۇزنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان كەچلىك يىغىنغا قاتنىششقىمۇ رايىم بارمىدى.

دادام بىلەن ئانام ئۇرۇشقانلىكى چاغدا كۆڭلۈم بەك يېرىم

www.uyghurkitap.com

بولاتتى. ئەمما، بۇنداق چاغلاردا، مەن نېمە دېسەم، ئۇلار شۇنى قىلىپ بېرەتتى! مەسىلەن، نورۇز كېچىلىكىگە قاتناشقۇم يوقلۇقىنى ئېيتىۋىدىم، دادام سېنى ئاسترونومىيە سارىيىغا ئاپىرايمۇ دەپ تەكلىپ بەردى. ئانام مۇز تېيىلىش مەيدانىغا ئاپىرىشقا رازىمەن دېدى. ئۇلار غىڭ-غىڭلىشىپ قالغاندا، ئۆزلىرىنىڭ ماي تارتىشىپ قېلىشىنىڭ مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا زادىلا تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى، ماڭا يۈك بولۇپ قالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتى...

مېنىڭ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولۇپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماق يەۋاتقاندا دادام مېنىڭدىن:

— ئاناڭنىڭ يېڭى يىلنى مۇبارەكلەشنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟! — دەپ سورىدى. كۆڭلۈم سوۋۇپ قالدى، بۇنداق ھېسسىياتنى كۆڭۈلدىن چىقىرىۋېتىش تەس ئىدى.

كېيىن ئانام دادامغا قارىماستىن، ماڭا مۇنداق دېدى:

— گېزىتنى ساندۇققا سالغاندا چىققان شىرىق-شىرىق ئاۋازنى ھېلى ئاڭلاپ قېلىۋىدىم، گېزىتنى داداڭغا ئەكىلىپ بەرگىن.

ئانام "داداڭ" دەپ كەمدىن كەم ئاتايتتى، بۇ — بىر تەرەپ. ئىككىنچى تەرەپ، ئۇلار ئىككىلىسى: "بىزنىڭ ئارىمىزدا نېمە ئىش بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئىش بىز بىلەنلا توگەيدۇ!" دېگەن قاراشقا مېنى يەنە بىر قېتىم ئىشەندۈرمەكچى بولدى.

ئەمما، ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىش ئۇلار بىلەنلا توگىمەي، ماڭىمۇ تەسىر قىلاتتى، ھەتتا ماڭا قاتتىق تەسىر قىلاتتى! ئاسترونومىيە سارىيىغا بېرىشتىن يالتايدىم، مۇز تېيىلىش مەيدانىغىمۇ بارمايدىغان بولدۇم... "ئۇلارنىڭ ئايرىلمىغىنى ياخشى. ھەرقايسىسى ئۆز يولىغا ماڭىدىغان ئىشنى توسىمەن! — دېگەن نىيەتكە كەلدىم، — كەچكىچە

خوپ بولۇشۇپ قالسمۇ ئەجەب ئەمەس.»
بىراق، كەچمۇ بولدى، دادام ئانامغا قارىمايتتى، ئاناممۇ دادامغا گەپ قىلمايتتى.
ئۆيدە چوڭ ئانام بولغان بولسىغۇ ئانام بىلەن دادام ئەپلىشىپ قالاتتى، چوڭ ئانامنىڭ كۆڭلىنى ئايىشىدۇ ئەمەسمۇ، دەپ ئويلىدىم. ئەمما، چوڭ ئانام باشقا شەھەردىكى «قىز ساۋاقدىشى»نىڭ يېنىغا ئون كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن كېتىپ قالغانىدى.
چوڭ ئانام نېمىشقا يازلىق تەتىلدىمۇ، قىشلىق تەتىلدىمۇ ھېلىقى قىز ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىگە بارىدىكىن؟ ئۇلار تەتىل ۋاقتىدا كۆرۈ-شۈۋالمىسا، باشقا چاغلاردا كۆرۈشىدىغانغا ۋاقتى چىقمايدىغان ئوقۇغۇچى بولمىسايا.
ئاتا-ئانامنى كۆز ئالدىمدىن بىر مىنۇت بولسىمۇ يوقىتىپ قويماسلىققا تىرىشتىم. ئۇلار ئىشتىن يېنىپ كېلىشى بىلەنلا ئۇلارغا تۆرلۈك تەلەپلىرىمنى ئېيتتىم، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىشكتىن چىقماس-لىققا، ھەتتا بىر ئۆيدە بىللە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. مېنىڭ تەلەپلىرىمنى بولسا تولۇق قاندۇردى. بۇ جەھەتتە ئۇلار بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئىككىيلەن بېشىمنى سىلاپ قوياتتى، ئەمما ئىككىلىسى بىر-بىرىگە بىلىندۇرمەي، ئاستاغىنا سىلاپ قوياتتى. «ماڭا ئىچى ئاغرىۋاتىدۇ، ماڭا تارتىنىشىۋاتىدۇ...، — دەپ ئويلاپ قالدىم، — دېمەك، چوڭراق ۋەقە چىققان ئوخشايدۇ!»
ۋالېنتىنا گېئورگىيېۋنا مۇئەللىم قىشلىق تەتىل كۈنلىرىمنىڭ ئىنتايىن بەختلىك ئۆتىدىغانلىقىغا مېنى ئىشەندۇرمەكچى بولغان، «بۇنداق بولۇشىدا گەپ يوق!» دېگەنىدى. ئەمما، قىشلىق تەتىل بولغىلى ساق بەش كۈن بولدى، بىرەر كۈنۈممۇ بەختلىك ئۆتكىنى

يوق.

”بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدىغان ئادىتى بار ئوخشايدۇ، كېيىنكى كۈنلەر...“ دېگەن ئوي خىيالىمغا كەلدى ۋە ئويلىغانسېرى قورقۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئانام بىلەن دادامنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش قارارىغا كەلدىم.

چاپسان، قەتئىي بولۇشۇم كېرەك. ئەمما، نېمە قىلىمەن؟...

كىتابتىن كۆردۈممۇ، ياكى رادىئودىن ئاڭلىدىممۇ، ئەيتاۋۇر خۇشاللىق بىلەن ئازاب ئادەملەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدۇ، دېگەن گەپ ئېسىمدە قالغانىدى. ئەلۋەتتە، ئادەمنى خۇشال قىلىش ئازابلاشتىن قىيىنراق. ئادەمنى خۇشال قىلىش، بەختىيار قىلىش ئۈچۈن جىق ھەشەم كېتىدۇ، پۇرسەت، ئامال تېپىش لازىم بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش بولسا ھەممىدىن ئاسان! ئەمما، مەن بۇنداق قىلىشنى خالىمايمەن...مەن ئىشنى ئۇلارنى خۇشال قىلىشتىن باشلاش قارارىغا كەلدىم.

تەتىل ۋاقتى بولمىغان بولسىغۇ ماڭا بەك تەس كېلىدىغان بىر ئىشنى جەزمەن قىلغان يەنى گېئومېترىيىدىن توت نومۇر ئېلىپ، خۇشال قىلغان بولاتتىم. ماتېماتىكا مۇئەللىمىمىز ماڭا: سەندە ”ماكان ئۇقۇمى“ دېگەن نەرسە زادىلا يوقكەن، دېگەنىدى، ھەتتا دادامغا يازغان خېتىدىمۇ ئاشۇنداق دېگەنىدى. تۇيۇقسىزلا توت نومۇر ئالسام-ھە! ئانام بىلەن دادام چوقۇم خۇشاللىقىدا مېنى سۆيۈپ كەتكەن، ئاندىن بىر-بىرىنى سۆيۈشكەن بولاتتى.

ئەمما، بۇ خام خىيال ئىدى: تەتىل ۋاقتىدا ھېچكىمنىڭ نومۇر ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى!

ئۇنداقتا، مۇشۇ كۈنلەردە ئاتا-ئانامنى قانداق خۇشال قىلسام

بولار؟

ئۆينى تازىلاي دېگەن يەرگە كەلدىم. ئۆيدىكى جاھازلارنى خېلىغىچە سۈرتتۈم. ئەپسۇسكى، يېڭى يىلنىڭ ھارپا كۈنى ئانام بىر كۈن تازىلىق قىلغانىدى. يۇيۇلغان پولنى يەنە يۇسام، پاكپاكىز ئىشكاپنى يەنە سۈرتسەم، بۇ ئەمگىكىمنى ھېچكىم بىلمەي قالاتتى. ئاتا-ئانام كەچتە قايتىپ كېلىپ، پاكىز پولغا سەپسالماي، پاسكىنا بولۇپ كەتكەن ماڭا دىققەت قىلىپ قالدى.

— تازىلىق قىلدىم! — دېدىم ئىشىمدىن دوكلات قىلىپ.

— يارايسەن، ئاناڭغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ياردەملىشىپسەن، — دېدى دادام، ئەمما ئانامغا قارىمىدى.

مەن ئاتا-ئانىسىز يېتىمدەك، ئانام مېنى سۆيۈپ قويىدى، بېشىمنىمۇ سىلىدى.

ئەتىلى كۈنلىرى بولسىمۇ، ئەتىسى ئەتىگەن سائەت يەتتىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، رادىئونى ئاچتىم، گىمناستىكا ئوينىدىم، بەدىنىمنىمۇ سۈرتتۈم، بۇرۇن مەن ئاساسەن بەدىنىمنى سۈرتمەيدىغان. ئۆيدە پولنى تېپىپ، كۆچەپ نەپەس ئېلىپ، بەدىنىمگە سۇ قۇيدۇم.

— داداڭمۇ تېنىنى سۈرتسە بولاتتى، — دېدى ئانام، ئۇمۇ دادامغا قارىمىدى.

دادام بوينۇمنى سىلاپ قويدى... يىغلىۋېتەيلا دەپ قالدىم.

قىسقىسى، خۇشاللىق ئۇلارنى ئىناق قىلالمىدى، ئۇلارنى خوپ قىلالمىدى... ئۇلار ئۆز ئالدىغا خۇشال بولۇش بىلەنلا ئىش تۈگىدى.

ئەمدى يەنە بىر قۇتۇپقا مېڭىشقا مەجبۇر بولغانىدىم، ئۇلارنى ئازاب ئارقىلىق ئىناقلاشتۇرۇش قارارىغا كەلدىم.

ئەلۋەتتە، ئازابلاشنىڭ ھەممىدىن ئەلا چارىسى مېنىڭ ئاغرىپ قېلىشىم ئىدى. ئاتا-ئانام ئۆزئارا گەپلىشىدىغانلا بولسا، ھەممە ئىش بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىدىغانلا بولسا، تەتىل كۈنلىرىدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىشقا، خۇدۇمنى بىلمەي جۆيلۈپ يېتىشقا، ھەرقانداق دورىنى يېيىشكە رازى ئىدىم...شۇنداق، ئاغرىپ قالغان، يەنە كېلىپ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغاندەك، قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالغان بولۇۋېلىشىمدىنمۇ ياخشى چارە يوقلۇقىدا گەپ يوق. ئەپسۇسكى، بۇ دۇنيادا تېرمومېتىر ۋە دوختۇر بار-دە.

يەنە بىر بىردىنبىر يول ئۆيدىن چىقىپ كېتىش، ۋاقتىنچە يوقاپ كېتىش ئىدى.

ئاخشىمى ئاتا-ئانامغا:

— گۆرىستانلىغا بارىدىغان مۇھىم ئىشىم بار ئىدى! — دېدىم.

دوستۇم ژىنكانىڭ لەقىمى گۆرىستان ئىدى. ژىنكا ھەرقانداق گېپىنىڭ بېشىدىلا: "ئەمىسە كېلىشتۇق، ئارىمىزدا بولۇنغان گەپلەرنى ھېچكىمگە دېمەيمىز!" دەيتتى. مەن ماقۇل دەيتتىم. ئۇ يەنە: "گۆرىستانلىغا بارىدىغاندىمۇ بۇ ۋەدەڭدىن يېنىۋالمامسەن؟" دەپ سورايتتى، مەن: "يېنىۋالمايمەن!" دەپ جاۋاب بېرەتتىم.

ژىنكاغا قانداقلىكى گەپ قىلسا "گۆرگە كىرگۈچە ھېچقاچان بۇ گەپنى بىركىمگە تىنمايمەن!" دەپ ۋەدە بېرەتتى. ھەممە ئادەمگە مۇشۇنداق ۋەدە بېرىۋېرەتتى. كۈنلەر، ئايلار، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇنىڭغا "گۆرىستان"دېگەن لەقەم سىڭىپ قالدى.

شۇ ئاخشىمى ماڭا سىر ساقلىيالايدىغان بىر ئادەم لازىم بولۇپ قالغانىدى.

— قاچان قايتىپ كېلىسەن؟ — دەپ سورىدى دادام.

— ئۇزاق تۇرمايمەن، 20 مىنۇتچە كېتەرمىكىن، ئۇنىڭدىن كۆپ تۇرمايمەن! — دېدىم جاۋابەن ۋە دادامنى لېۋىمنى چىڭ بېسىپ سۆيۈپ قويدۇم.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئانامنى سۆيۈپ قويدۇم، مەندە ئۆزەمنى ئالدىنقى سەپكە كېتىدىغاندەك ياكى شىمالىي قۇتۇپقا بارىدىغاندەك بىر تۇيغۇ بار ئىدى. ئانام بىلەن دادام بىر-بىرىگە قاراپ قويىدى. ئەمما، ئۇلارغا تېخى ئازاب كەلمىگەنىدى. ھازىر ئۇلار ھاڭ-تاڭ قالغانىدى، خالاس. ئەمما، ئۇلار بۇرۇنقىدىن سەل يېقىنلاشقانىدى. بۇنى سەزدىم. شۇنداق قىلىپ، مەن ژىنكانىڭ يېنىغا كەتتىم.

ژىنكانىڭ ئۆيىگە كەلسەم، تۇرقۇمغا قاراپ ژىنكا ئىختىيارسىز سوراپ قالدى:

— ئۆيدىن قېچىپ چىقتىڭمۇ نېمە؟

— ھەئە...

— توغرا قىپسەن! بۇرۇنلا قېچىشىڭ كېرەك ئىدى! خاتىرجەم بول، مەن گۆرگە كىرگۈچە ھېچكىم بىلمەيدۇ قاچقىنىڭنى!

ژىنكا مېنىڭ ئەھۋالىمدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى، ئەمما ئۇ ئۆيدىن قېچىشقا، سۇقۇنۇپ يۈرۈش، يوقاپ كېتىشكە ئامراق ئىدى.

— يولىغا قاراپ تۇرغانىدىم، ھېچ كەلمەيدۇغۇ، دەپ ھەر بەش مىنۇتتا بىر قېتىم ئانا-ئانامغا تېلېفون بەرگىن...ئۇقتۇڭمۇ؟ ئۇلار تىت-تىت بولۇپ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ قالدى، دەپ ئويلىغىنىڭغا قەدەر تېلېفون بەرگىن. ئەلۋەتتە، بۇ دېگىنىم راستلا پۈتى كۆيسۇن دېگىنىم ئەمەس...

— نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىكەنمەن؟ قويە! ھېچكىمگە دېمەيمەن! ھەرگىز دېمەيمەن! گۆرگە كىرگۈچە ھەرگىز دېمەيمەن!...

بىلسەڭغۇ...

شۇغىنىسى، بولغان ئىشنى ”گۆرىستان“غا دېيىش مۇمكىنمۇ؟

ژىنكا تېلېفون بەرگىلى تۇردى، تېلېفوننى بىردەم ئانام، بىردەم دادام ئالاتتى، كىم كارىدوردا بولسا، شۇ ئالغان چېغى، كارىدوردىكى شىرەچاقتا تېلېفونىمىز بار ئىدى.

ژىنكا بەش قېتىم تېلېفون بەرگەندىن كېيىن، ئانام بىلەن دادام كارىدوردىن نېرى كەتمىدى.

كېيىن ئۇلار ئۆزلىرى تېلېفون بېرىشكە باشلىدى...

— تېخىچە بارمىدىمۇ؟ — تېلېفوندىن ئانامنىڭ ئاۋازى كەلدى، — بۇنداقمۇ بولامدۇ! دېمەك، بىرەر ئىش چىققان ئوخشىمامدۇ...

— مەنمۇ تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى ژىنكا جاۋابەن، — مەسلىھەتلىشىدىغان موھىم بىر ئىشىمىز بار ئىدى! ھەر ھالدا ھاياتتۇ - ھە؟...

— قاندىق مۇھىم ئىشتى ئۇ؟

— بۇنى دېگىلى بولمايدۇ، مەخپىي! دېمەسلىك توغرىسىدا قەسەم ئىچكەنمەن. ئىنتىك بارىسەن دەپ...بىرەر چاتاق چىققان ئوخشايدۇ!

— ئانامنى بەك قورقىتىۋەتمە، — دېدىم گۆرىستاننى ئاگاھلاندۇرۇپ، — ئانامنىڭ ئاۋازى تىترەك چىقتىمۇ؟

— ھەئە.

— بەك تىترىدىمۇ؟

— تېخى ئۇنچە بەك ئەمەس. ئەمما، مەن ئۇنى راسا تىترىتىمەن! خاتىرجەم بول، بۇ جەھەتتە مەن...

— ھەرگىز ئۇنداق قىلما!

ئانام بىلەن دادامغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئەمما، مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمۇ ئالىيجاناب مەقسەت ئۈچۈن ئىدى! مەن ئۆيىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالماقچى. شۇڭا، رەھىم قىلمىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىقىم كېرەك.

ئارىدىن بىر سائەت ئۆتتى.

— نېمە دېدى؟ — دەپ سورىدىم ئانامدىن يەنە تېلېفون كەلگەندىن كېيىن ژىنكادىن.

— بەك ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمىز دەيدۇ، — دېدى خۇشال بولۇپ كەتكەن ژىنكا. ئۇ خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغانىدى.

— بەك ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمىز دېدىمۇ؟ "بىز" دېدىمۇ؟ ئېنىق ئاڭلىدىڭمۇ؟

— خاتا بولسا ھازىرلا جېنىم چىققاي! ئۇلارنى يەنە ئازابلاش كېرەك، — دېدى ژىنكا، — ئۇلار ساقچى ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىشسۇن، ئىسمى نامەلۇملارنىڭ جەسەتلىرىنى قويىدىغان يەرگە بارسۇن...

— ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ!

ئۆيگە قاراپ ئۇچقاندەك چاپتىم!...

ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچقۇچتا ئاستا ئاچتىم ـ دە، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ مېڭىپ، ئۇن ـ تىنسىز دېگۈدەك كارىدورغا كەلدىم.

چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەن دادام بىلەن ئانام تېلېفوننىڭ ئىككى يېنىدا دىققەت بولۇپ ئولتۇراتتى. ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تىكىلىپ ئولتۇرغانىدى... ئىككىلىسى ئازاب چەكمەكتە ئىدى. ئەجەب ئوبدان بولدى دەپ ئويلىدىم.

مېنى كۆرۈپ، ئىككىلىسى ئورۇنلىرىدىن شاققىدە تۇرۇپ كەتتى...
مېنى باغرىغا بېسىپ سۆيدى، ئاندىن ئۇزلىرى قۇچاقلىشىپ
سۆيۈشتى.
تەتىلدە ئەڭ بەختلىك ئۆتكەن كۈنۈم شۇ كۈن بولدى.
كۆڭلۈم تىنچلاندى. ئەتىسى تەتىل تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەشكە
باشلىدىم. ترېتياكوۋ رەسىمخانىسىغا بۇنىڭدىن بىر يېرىم يىل
بۇرۇن بارغان بولساممۇ، ئىنشا يازغاندا ترېتياكوۋ رەسىمخانىسىغا
بارغانلىقىم ئەڭ بەختلىك ئۆتكەن كۈنۈم بولدى دەپ يازدىم.

## 4. 29 ـ فېۋرال

كىشىلەر مۇھەببەت ئادەمنى ئالىيجاناب قىلىدۇ دېيىشىدۇ. بىراق،
مەن ھىجران پىراقىدا كۆيىدىغان بولۇپ قالغىنىمدىن باشلاپ
يالغانچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. مەن قەستەن شۇنداق قىلغىنىم
يوق، باشقىلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا سەممىي جاۋاب بېرەلمەسلىكىمدىن شۇنداق قىلغانمەن.
— چېچىڭنى ئەجەب ئۇزاق تاراپ كەتتىڭغۇ؟ كۆڭلىكىڭنى
ھەر كۈنى دېگۈدەك ئالماشتۇرىدىغان بولۇپ قالدىڭغا؟
— مەكتىپىمىزدىكى تازىلىق ھەيئىتى تازىلىق تەكشۈرىدىكەن.
— نېمە ئويلاپ يۈرىسەن؟ كۆزلىرىڭدىن بىر خىل ئەندىشە
چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇھ تارتىپ كەتكىنىڭ نېمىسى؟
— ئىمتىھاندا تۆۋەن نومۇر ئاپتىمەن... ئىككى نومۇر ئېلىپ
قالدىم.
— نەدە ئىككى نومۇر ئالدىڭ؟ ئىككى نومۇر دېگىنىڭ قانداق

گەپ؟

— مەن مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق ئويلىنىۋاتىمەن.

ئەمەلىيەتتە مەن لىلىيە تاراسوۋانى ئويلاۋاتاتتىم.

بۇ قىز بىزنىڭ مەكتەپكە باشقا مەكتەپتىن كەلگەنىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، تەنەپپۇس ۋاقتىدا ۋلادىك بابۇكىن مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، ناھايىتى سىلىق تەلەپپۇزدا ماڭا مۇنداق دېدى:

— سەندىن بىر ئىشنى سوراپ باقماقچىمەن... يېڭى كەلگەن قىزنى كۆردۈڭمۇ؟

— قايسى يېڭى كەلگەن قىز؟

— ھېلىقىچۇ... قىز ئوقۇغۇچى. يېنىڭدا بوش ئورۇن بار، ئۇ قىز سېنىڭ يېنىڭدا ئولتۇرماقچى بولسا، ئادەم بار، دەپ قويغىن. ماقۇلمۇ؟ مېنىڭ قېشىمدا ئولتۇرسۇن، مېنىڭ يېنىمدىمۇ بوش ئورۇن بار... بولامدۇ؟

— نېمىشقا بۇنداق قىلىمەن؟

— بۇنى چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن... بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقىغا ئىشەنسەڭلا بولدى.

بەش مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يېڭى كەلگەن قىز ئوقۇغۇچى يېنىمغا كېلىپ سورىدى:

— بۇ يەردە ئادەم بارمۇ؟

قىزغا قارىۋىدىم، بېشىم پىررىدە قىلىپ قالدى. مەن ھېچ بولمىغاندا ۋلادىكنى ۋە ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئۇنتۇپلا كەتكەنىدىم.

— ئولتۇرسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بولىدۇ، — دېدىم بوش ئاۋازدا. مۇشۇ سائەتلىك دەرستە تۇنجى قېتىم ئىككى نومۇر ئالدىم. بەش نومۇر ئالسام دەپلا ئويلاپ

ئىككى نومۇر ئېلىپ قالدىم. لىلىيە تاراسوۋانىڭ ئالدىدا بەش نومۇر ئالاي دەپ ئويلىغانىدىم.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ قىزغا كۆرستىپ تۇرۇپ ئاللىقانداق قالتىس ئىش ياكى ياخشى ئىش قىلىشنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. قىسقىسى، ئۇنىڭدا ياخشى تەسىرات قالدۇرماقچى بولدۇم.

ئويلىنا ـ ئويلىنا، مۇز تېيىلىش جەھەتتە ئۇنىڭدا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇشنى قارار قىلدىم. چۈنكى مەن مۇز تېيىلىشقا ئۇستا ئىدىم! شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇنى بىرلىكتە مۇز تېيىلىشقا تەكلىپ قىلدىم.

قايسىبىر كىتابتىن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ "چىرايى باشقىچە بولىدۇ" دەپ ئوقۇغانىمەن. لىلىيە باشقىلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى! ئۇنىڭ جىلتىسمۇ يۇمشاق ئىدى، جىلتىسى گىلاس رەڭگىدە بولۇپ، ئىككى قۇلۇپلۇق ئىدى.

ئۇ قىز دەپتەرلىرى بىلەن كىتابلىرىنى قىزىل سىزىقلىق قەغەز بىلەن تاشلىۋالغان بولۇپ، سىياھ تەگمىگەنىدى، تىرناقچىلىك مەينەت يەرمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ قەلىمى ئەپچىلگىنە بولۇپ، قېرىنداشنىڭ ئۇچىدا سارغۇچ ئۆچۈرگۈچى بار ئىدى، خاتىرە دەپتىرى بەك چىرايلىق ئىدى، ئىچىدا كالېنداrmۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىچۇ تېخى!...

لىلىيە خاتىرە دەپتىرىنىڭ ئىچىدىكى كالېندارغا قاراپ قويۇپ:

— 28 ـ فېۋرال شەنبە ئىكەن. بەك ئوبدان بولدى! يەكشەنبە كۈنى — 29 ـ فېۋرال كۈنى مۇز تېيىلىشقا بارايلى، — دېدى.

— نېمىشقا 29 ـ فېۋرالنى كۈتىمىز؟

— بۇ ھوقۇقنى ئەمەلىي ھەرىكىتىڭ بىلەن قولغا كەلتۈرۈشۈڭگە ۋاقىت چىقىرىپ بېرىش ئۈچۈن!

— نېمه... هوقۇق؟

— مەن بىلەن مۇز تېپىلىش هوقۇقى! — دېدى ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ، ئاندىن سورىدى، — ماڭا نېمىلەرنى قىلىشنى خالايسەن؟

— ھەممىنى! — دېدىم جاۋابەن.

— ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى! سېنى سىناپ باقاي. بىرىنچىسى، مېنىڭ بىر تەلىپىمگە ماقۇل دەمسەن؟

— ھەرقانداق تەلىپىڭگە ماقۇل دەيمەن! — دېدىم ئۇنلۇك قىلىپ.

— بۇرۇن ۋالە بىلەن ئوبدان دوستلىشىپ ئۆتكەنىدىم. كېيىن ئۇرۇشۇپ قالدۇق. مەن ۋالەدىن بىر كىتاب ئۆتنە ئالغانىدىم. ئۇنىڭغا ئۆزەم ئاپىرىپ بېرىشكە كۆڭلۈم بارمايدۇ...

— ئۇقتۇم! — دېدىم ئۇنلۇك ئاۋازدا، — ۋالەنىڭ ئۆيى نەدە؟ ئۇنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى دەپ بەرسەڭلا بولدى. كىتابنى مەن ئاپىرىپ بېرەي، قانداق چىقىم تارتسام مۇ رازىمەن!

— ئۇنداق بولسا بەك ياخشى! ۋالەنىڭ ئۆيى بىزنىڭ ئۆينىڭ ئاستىدا، ئىككىنچى قەۋەتتە...

— ئۇنداقتا سەن ئۈچىنچى قەۋەتتە تۇرىدىكەنسەن - دە؟ — مەن دەرھاللا بۇنى بىلىۋالغانىدىم.

شۇ ئەسنادا: مانا ئەمدى ئۇ تۇرۇشلۇق بىنانى كۆرىدىغان بولدۇم، ئۇ ھەر كۈنى چىقىپ - چۈشىدىغان پەلەمپەيدە ماڭىدىغان بولدۇم، دەپمۇ ئويلىدىم.

بۇ ئىش ماڭا شۇنداق ئەھمىيەتلىك ئىش دەڭا! بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتى راستىلا بەك چوڭ، شۇڭا، ئاۋۋال يەتتىنچى قەۋەتكە

چىقتىم، ئاندىن ئۈچىنچى قەۋەتكە چۈشتۈم، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە بىرپەس تۇردۇم، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدۇم - دە، ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشتۈم...

13-14 ياشلاردىكى بىر بالا ماڭا ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. كىشىلەرنىڭ ئەرلەرنىڭ چىرايى مۇھىم ئەمەس دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. شۇنداقتىمۇ بۇ بالىغا دەرھال دىققەت قىلدىم، قارىسام ئۇنىڭ بويى مېنىڭكىدىن ئېگىز ئىدى، چىرايىمۇ مېنىڭكىدىن چىرايلىق ئىدى. كۆڭلۈم غەش بولدى...شۇنداقتىمۇ ئۆپكەمنى بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ۋاله بارمۇ؟ ئۇ قىزنىڭ كىتابىنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى ئىدىم.

— ۋاله قىز بالا ئەمەس، ئوغۇل بالا! — ئۇ بالا گەپ قىلىۋېتىپ كىتابنى ئەكەل دېگەندەك قولىنى سوزدى.

ئەسلى مۇنداقكەن - دە، ئەسلىدە بۇ بالا ئۇنىڭ ياخشى دوستى ئىكەن - دە؟ كۆڭلۈم پەرىشان بولدى.

— سەن ئۇنىڭ بالا خىزمەتكارىمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاله.

ئېگىز بويلۇق ۋە چىرايلىق ئادەملەر ھەرقانداق سوئال سوراشقا ھەقلىق ئىدى.

گەپ - سۆز قىلماي ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم...

ئۆيدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىمنى بىلگەنلىكى ماڭا مەلۇم ئىدى. چوڭ ئانام ماڭا ئەقىل ئۆگەتمەكچى، ئۆگەتكەنلىرىمۇ ئادەتتىكىدەك، ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئۆگەتمەكچى بولۇپ تىرىشاتتى.

— ئايال قوشنىمىزنىڭ ئوغلى يەتتىنچى سىنىپتا ئوقۇيدۇ، ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ داشۆگە چىقماقچى، داشۆنى پۈتتۈرۈپ، ئاياغ بېسىپ تۇرالىغۇدەك بولغاندىن كېيىن باشقا ئىشلار توغرۇلۇق

ئويلانماقچى ئىكەن! ــ دېدى چوڭ ئانام.

چوڭ ئانامنىڭ بۇ گېپىدىن داشۆنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن لىلىيە تاراسوۋانى مۇز تېيىلىشقا تەكلىپ قىل دېگەن مەنە چىقاتتى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى چوڭ ئانام ئانامغا مۇنداق دېدى:

ــ سىز كىچىك چېغىڭىزدا سېرىيوشا پوتاپوۋنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. بۇنىڭ سىزنىڭ ياراملىق ئوقۇغۇچى بولۇشىڭىزغا پايدىلىق بولغانلىقى، جاسارەت بىلەن ئالغا بېسىشىڭىزغا مەدەت بولغانلىقى هازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ!

چوڭ ئانامنىڭ بۇ گېپىنىڭ مېنىمۇ يارامىلىق ئوقۇغۇچى بول دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

ئەتىسى فىزىكىدىن "3-" نومۇر ئالدىم.

ــ نېمە بولدۇڭ؟ ــ دېدى فىزىكا مۇئەللىمىمىز.

نېمە بولغىنىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيتتىم!

بىركىم بىلەن پىكىرلىشىۋالسام بولاتتى، كىم بىلەن پىكىرلىشەر-مەن، دەپ ئويلاپ تۇرغىنىمدا گېئولوگىيە شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىسى يۇرا ئېسىمگە كەپقالدى، ئۇنىڭ ئۆيى ياندىكى هويلىدا ئىدى. يۇرانىڭ ئاتا-ئانىسى گېئولوگ بولۇپ، دائىم باشقا يەرلەرگە ئىشقا كېتىپ قالاتتى. بىر قېتىم ئۇلار سىرتقا ئىش بىلەن كەتكەندە، يۇرا خېلى بەكلا ئاغرىپ قالغانىدى.

ئۇ ئاغرىپ قالغاندا مەن خەۋەر ئالدىم، كېسىلىنىڭ ماڭا يۇقۇپ قېلىش ئېهتىمالى بولسىمۇ، ئۆزەمنىڭمۇ ئاغرىپ قالغۇدەك دەرىجىدە يۇقتۇرۇۋېلىشىمدىن قورقۇپ كەتمىدىم، چوڭ ئانامنىڭ نارازى بولۇشىغىمۇ پىسەنت قىلمىدىم، يۇراغا دورا-دەرمەك سېتىۋېلىشتىن قالمىدىم، ئۇبدان خەۋەر ئالدىم، هەتتا بىر قېتىمدا دورا چاپلاپمۇ

www.uyghurkitap.com

قويدۇم.

— تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق تارتىپ قالغۇدەك بولساڭ مېنىڭ يېنىمغا كەل، — دېگەنىدى يۇرا.

ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ھەممە ئىشنى ئۇنىڭغا دېدىم. ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئوھوي، بۇرادەر، شۇنىمۇ قىيىنچىلىق دېگىلى بولامدۇ! ئالتىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقانسەن؟ مەن ھەرگىز لەۋزىمدىن يېنىۋالمايمەن، ھەرگىز...مەن قىيىنچىلىق تارتىپ قالساڭ ياردەملىشىمەن دېگەنىدىم. ھازىر سېنىڭ دېگىنىڭ قانچىلىك ئىش؟ سەن خەۋپتىن قورقماي ماڭا ياردەم قولۇڭنى سوزدۇڭ، بۇ ياخشىلىقىڭنى ياندۇرىمەن، مەنمۇ ساڭا لازىم بولسا خەۋپتىن قورقماي ياردەم قىلىمەن. ئەمما، سەن ھازىر ئېيتقان ئىشقا زادىلا ياردەم كېرەك ئەمەسكەن. ئۇ ئىش ئۆزى يوقايدۇ، تامامەن يوقايدۇ، تۇتۇن ۋە سەھەردىكى تۇمان تارقاپ يوقىغاندەك يوقاپ كېتىدۇ.

بىر ھەپتىچە ئۆتكەن بولسا كېرەك، لىلىيە ماڭا مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ ھويلىدا دىجورنى بولۇپ تۇرۇشنى خالامسەن؟

— خالايمەن، ئەمما، نېمىشقا دىجورنى بولۇپ تۇرۇش زۆرۈر بولۇپ قالدى؟...

— تويۇقسىز سېنىڭ ياردىمىڭگە موھتاج بولۇپ قالسام قانداق قىلىمەن؟ يېنىمدا، دەرۋازا تۈۋىدە تۇرساڭ...

— بىر سوتكا تۇرۇشقا رازىمەن!

— ئۇنچە ئۇزاق تۇرۇپ نېمە قىلىسەن؟ ھەر كۈنى بىر يېرىم سائەت ياكى ئىككى سائەت تۇرساڭلا كۇپايە!

ئۇ مېنى يەنە سىنىغلى تۇردى.

— خاتىرجەم بول، ئىچىڭ پۇشۇپ قالمايدۇ! — دېدى لىلىيە، — ۋلادىك بابۇكىنمۇ سەن بىلەن بىللە دىجورنى بولىدۇ.

بۇ گەپچە، ۋلادىك بابۇكىنمۇ سىناقتىن ئۆتمەكتە ئىكەن - دە.

ۋلادىك ئىككىمىز دىجورنىلىق قىلىشقا باشلىدۇق. لىلىيە بىنادىن چۈشكەندە بىز ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ماگىزىنغا ياكى بازارغا باراتتۇق. بىز ئۇنىڭ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كەينىدىن ماڭاتتۇق. ھويلىدىن ئۆتۈۋاتقىنىدا، ھەر قېتىم ئىككىنچى قەۋەتتە ئولتۇرۇشلۇق ۋاله كالتەك توپ ئويناۋاتقان بولاتتى.

ۋاله ھەر قېتىم ئويناشتىن توختاپ، كالتىكىنى پۇلاڭلىتاتتى، يا بولمىسا ۋلادىك ئىككىمىزگە "شەرەپلىك قوغدىغۇچى"، "ئارقىدىن پايپاسلىغۇچىلار"، "بېزەكلەر"... دېگەندەك ناملارنى قوياتتى.

ھەر كۈنى دەرۋازا ئالدىدا بىزنى كۆرگىنىدە:

— نېمە بولدى؟ ئىشقا چۈشتۈڭلارمۇ؟... — دەپ سورايتتى.

مەن چىداپ يۈردۈم. 29 - فېۋرالنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدىم!...

مەن مەدەنىي ئارام ئېلىش باغچىسىدا بىر ناتىقنىڭ مەن مۇشۇ يېشىمدا بىر قىزغا كۆيۈپ قالسام، ئۇ قىزنىڭ چېچىنى تارتىمەن، ھەتتا ئۇ قىزنى ئۇرىمەن دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.

لىلىيە تاراسوۋانىڭ چېچىنى تارتىش خىيالىمغا تامامەن كېلىپ باققىنى يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ تارتقۇدەك ئۆرۈمە چېچىمۇ يوق. ئۇنىڭ بىلەن مۇز تېيىلىشنىلا ئويلايمەن. ھېلىقى كۈننىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتىمەن...

— بۇ يەردە، دەرۋازا تۈۋىدە بىرلا ئادەم تۇرسا كۇپايە دەپ

ئويلىمامسىلەر؟ ــ بىركۈنى بىنادىن چۈشكەن لىلىيە ئاشۇنداق دەپ سورىدى.

ــ كىم قالدۇ؟ ــ دەپ سورىدىم مەن.

ــ ئوچۇق-ئاشكارا جەڭ ئارقىلىق بىر قارارغا كېلىڭلار. ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلىڭلار-دە!

ۋلادىك ئالدىمغا كېلىپ، بۇرنۇمغا بىر مۇشت سالدى...

شۇ چاغدا لىلىيە ئىككىمىزچى قەۋەتكە يۈگۈرۈپ چىقىپ:

ــ ۋاله، هوي ۋاله، ئاۋۇ ئىككىسىنى ئاجرىتىپ قوي! ئۇرۇشۇپ قالدى! ــ دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى.

ۋاله بىنادىن ئالدىرىماي چۈشۈپ، بۇرنۇمغا قارىدى ۋە:

ــ قارىغىنا لىلىيە، سېنى دەپ بۇرنى قاناپتۇ! ــ دېدى.

ئۇ لىلىيەگە بىر خىل ئېھتىرام بىلەن، ھەتتا ئېھتىرام دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلەش ئازلىق قىلىدىغان بىر خىل ھېسسىيات بىلەن قاراپ تۇراتتى...

قول ياغلىقىم قان بولدى. ئەمما، قانغىمۇ، ئاغرىققىمۇ پىسەنت قىلمىدىم، چۈنكى بۇ ئىش شەنبە كۈنى، 28-فېۋرال كۈنى يۈز بەرگەنىدى.

ئاخشىمى لىلىيە تاراسوۋاغا تېلېفون بەردىم:

ــ بۈگۈن 28-فېۋرال. دېمەك، ئەته 29-فېۋرال...ئەته مۇز تېيىلغىلى بارىمىز!

ــ يېڭىلىشتىڭ، ــ دېدى لىلىيە، ــ ئەته 1-مارت!

ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ...ئېسىمدىن چىقىپلا كېتىپتۇ، بۇ يىل كەبىسە يىلى ئەمەسلىكى، بۇ يىل 29-فېۋرال دېگەن كۈن يوقلۇقى ئېسىمدىن چىقىپلا كېتىپتۇ.

— مىنىڭمۇ ئىسمىدىن چىقىپ كېتىپتۇ، — دېدى لىلىيە، ئاندىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟...بەرىبىر ئەتە يەكشەنبە! — دېدىم مەن، — 29 - فېۋرال بولسا نېمە بوپتۇ، 1 - مارت بولسا نېمە بوپتۇ، پەرقى يوققۇ؟

— پەرقى چوڭ! — دېدى لىلىيە، — مەن 1 - مارت كۈنى بىركىم بىلەن كۆرۈشمەكچى. بىللە مۇز تېيىلماقچى بولغان...

— كىمگە ماقۇل دېدىڭ؟ — مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتىم.

ئۇ جاۋاب بېرىش ئورنىغا قاقاقلاپ كۈلدى. مەنمۇ ئوخشاشلا قاقاقلاپ كۈلۈپ جاۋاب بېرەلىسەمچۇ كاشكى.

ئەتىسى ئەتىگەندە لىلىيەنىڭ ئۆيىگە ماڭدىغان دوقمۇشتا ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى پايلاپ تۇردۇم...

ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى. ئەمما مەن ئىسسىپ كېتىۋاتىمەن...

لىلىيە ئىككىنچى قەۋەتتىكى ۋالە بىلەن بىللە كوچىغا چىقتى.

بۇنداق بولۇشىنى ئاللىقاچان پەملىگەنىدىم! ۋالەنىڭ قولىدا ئىككى جۈپ كانكا بار ئىدى. ۋالە تونۇگۇنكىدەكلا، ئېھتىرام دېگەن سۆز بىلەن سۇپەتلەش ئازلىق قىلىدىغان بىر خىل ھېسسىيات بىلەن لىلىيەگە قارايتتى...لىلىيە بولسا كۈلۈمسىرىمەكتە ئىدى.

مانا ئەمدى بىلدىم، سۆيگۈچىلىكى بار ئادەمنىلا سۆيۈش لازىملىقىنى بىلدىم.

بۇنى ئېنىق ۋە قەتئىي بىلدىم...ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن قىلچە يېنىكلەپ قالغىنىم يوق.

گېئولوگىيە شۆبىۋەنىنىڭ ئوقۇغۇچىسى يۇرانىڭ يېنىغا باردىم ۋە ئۇنىڭغا دېدىم:

— سىز: تۇرمۇشتا بەك قىيىنچىلىق تارتقاندا...

— يەنە ھېلىقى ئىشمۇ؟

— ھەئە...

— دەرھال بولدى قىل! چاقچاق قىلغاندەكلا ئىش قىپسەن. سەنچىلىك ئادەمنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتقا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس!

مەن ھەقىقىي ھېسسىياتقا كەلگەندىم. يەنە كېلىپ، ھېسسىياتىمنىڭ ھەقىقىيلىقىدىن ئەتىسى يەنە ئىككى نومۇر ئالدىم. تېكىستنى ئوبدان ئوقۇمىغانلىقىمدىن ئەمەس، كاللامغا لىلىيەلا كىرىۋالغانلىقىدىن ئىككى نومۇر ئالدىم. قىسقىسى، كاللام تورمۇزسىزلانغاندى...

## 5. سالامەتمۇسىز؟

چوڭ ئانام گېپىنى ئېنىق دېمىگەن بولسىمۇ، دادامنى قابىلىيەتسىز چىقىپ قالدى دەپ قارايتتى. ئۇ پات-پات بىزگە دادامنىڭ تېببىي شۆبىۋەندە بىللە ئوقۇغان ھەممە ساۋاقداشلىرىنىڭ قېرىشقاندەكلا باش دوختۇر، پروفېسسور بولغانلىقىنى، ئەڭ تۆۋەنلىرىنىڭمۇ تېببىي پەنلەر بويىچە كاندىدات دوكتور بولغانلىقىنى دەپ بېرەتتى، دادامنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن خۇشال بولاتتى. چوڭ ئانام ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۈنلۈك جاكارلىغىنىدا، ئۆي ئىچى تىمتاس بولۇپ كېتەتتى، ئۆينى بىر خىل سۈرلۈك كەيپىيات قاپلايتتى. بىز ئۇنىڭ گېپىدىن دادام "قالاق" ئىكەن دەپ قالاتتۇق...

— ئۇلار ئۆز زامانىدا سىزدىن سورايتتى. سىز ئۇلارغا ئىمتىھان

ۋاقىتتا جاۋابىنى قانداق يېزىشنى دەپ بېرەتتىڭىز! — دېدى چوڭ ئانام نېمىشقىدۇ ئاۋازىنى ئۈنلۈك چىقىرىپ.

— ئۇلار ھازىرمۇ ماقالىلىرىنى بۇ كىشىگە كۆرسىتىپ پىكىر ئالىدۇ، — دېدى ئانام، بۇ گەپتىن ئانامنىڭ دادام ئۈچۈن پەخىرلىنىۋاتقانلىقى ياكى دادامغا كايىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى، — ئۇلارغا ئىلمىي ئەسەر يېزىش ئۈچۈن ۋاقىت بېرىلگەن. بۇ كىشى بولسا ئادەتتىكى دەم ئېلىش ۋاقتىنىمۇ ئۇدا ئۈچ يىل دەم ئالماي ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئاشۇ دوختۇرخانىسىنىلا بىلىدۇ، ھەر كۈنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ. ئوپېراتسىيە بىلەنلا بەند... كاللىسىدا بۇنىڭدىن باشقا نەرسە يوق. بىرەر ھەپتىلىك دەم ئېلىش قەغىزى ئالسىمۇ بولىدۇغۇ: بىرەر كېسەل باھانىسى بىلەن ئارام ئېلىۋالسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ...

ئانامنىڭ بۇ ئارزۇسى تېزلا ئەمەلگە ئاشتى: دادام تارقىلىشچان زۇكام بولۇپ قالدى.

دوختۇر ئۇنىڭغا دورا يېزىپ بەردى.

— يەنە بىر ئىش، — دېدى دوختۇر، — جىم ئارام ئېلىڭ.

ئەمما، ئۆيىمىزدىكى تېلېفون ئىككى مىنۇتتا بىر جىرىڭلاپ ئارام بەرمەس بولۇۋالدى...

— سالامەتلىكى قانداق؟ ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ — ناتونۇش ئاۋازلار ئاشۇنداق دەپ سورايتتى.

دەسلەپ، تېلېفون كېلىۋېرىپ دادام ئۇخلىيالمىدى دەپ ئويلاپ، بۇنداق تېلېفونلارنىڭ كېلىۋېرىشىدىن سەپرايىم ئۆرلەپ قالدى. كەچتە ئانام ئىشتىن قايتىپ كېلىۋىدى، ئانامغا ئېيتتىم:

— بەك جىق تېلېفون كەلدى، 20 قېتىمچە كەلدىغۇ دەيمەن!

— نەچچە قېتىم؟ — ئانام سورىدى.

— 30 نەچچە قېتىم، — دەپ ئون قېتىمنى قوشۇپ قويدۇم، مەن ئانامنىڭ خۇشاللىقتا ھەيران قالغانلىقنى بىردىنلا تۇيۇپ قېلىپ ئون قېتىمنى قوشۇپ قويغانىدىم، — تېلېفون جىرىڭلاۋېرىپ دادامنى ئۇخلاتمىدى.

— ئۇقتۇم. دېمەك، ئۇلار پايپېتەك بولۇشقان ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق بولماي! بەزىلەر يىغلاي-يىغلاي دەپلا قالدى... پايپېتەك بولۇپ قالغانلىقى ئېنىق... مەن ئۇلارغا خاتىرجەم بولۇڭ دېدىم.

— قاچان تېلېفون كەلدى؟ — دەپ قىزىقسىنىپ سورىدى چوڭ ئانام.

— سىز دورا ئەكەلگىلى كەتكەندە. سىز ئاشخانىدا چاغدا كەلدىغۇ دەيمەن... كونكرېت ۋاقت ئېسىمدە قالماپتۇ.

— ئېھتىمال... تېلېفون راستلا خېلى كۆپ جىرىڭلىغان، — دېدى چوڭ ئانام ۋە ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن دادام ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىگە قاراپ قويدى.

چوڭ ئانام بۇنچە جىق تېلېفون كېلىشنى ئويلاپ يەتمىگەنىدى. ئاناممۇ ئويلاپ يەتمىگەنىدى!...

"دادام ئاغرىپ قېلىپمۇ ياخشى بولدى! — دەپ ئويلىدىم مەن، — دادامنى چوڭ ئانام بىلەن ئانام بىلىپ قويسۇن... ئەمدىغۇ چۈشىنىپ قالار. بولۇپمۇ ئانامنىڭ بىلىپ قويۇشى زۆرۈر!" شۇنداق، دادامنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىغا باشقىلارنىڭ قانچىلىك تىت-تىت بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئانام بىلسە ئىدى دەپلا ئويلايتتىم.

— بىركۈنى شۈيۈەن ئوقۇغۇچىسى يۇرانىڭ ھالىدىن خەۋەر

ئالغانىدىم، يېنىمىزدىكى ھويلىدا ئۆيى بار ھېلىقى...، — دېدىم مەن، — ئېسىڭلاردىمىكىن؟ — ئانام بىلەن چوڭ ئانام بېشىنى لىڭشىتىپ ئېسىمىزدە دېگەن مەنىنى ئىپادىلىدى، — ئۇمۇ تارقىلىشچان زۇكام بولغانىدى. ئۇنىڭغىمۇ تېلېفون كەلگەن. بىر كۈندە ئىككى - ئۈچ ئادەمدىن تېلېفون كېلەتتى. بۇنىڭدىن جىق ئەمەس، كۆپ بولغاندا شۇ ئىككى - ئۈچ ئادەم. ئەمما، بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن تېلېفوننىڭ جىقلىقىدىن ئادەم پايپېتەك بولۇپ كېتىدىكەن.

مۇشۇ چاغنىڭ ئۆزىدە تېلېفون جىرىڭلىدى.

— سىزنى ئاۋارە قىلدىم...، — دېدى تېلېفوندا بىر ئايال ئاۋازىنى پەسەيتىپ بوش ئاۋازدا، — سىزكىم بولىسىز؟

— ئوغلى.

— ئوبدان بولدى...سىز كۆڭلۈمنى چۈشىنىسىز. مېنىڭمۇ بىر ئوغلۇم بار. ئەسلىدە ئەتە ئوپېراتسىيە قىلدۇرماقچى ئىدى. دادىڭىز ساقايغاندا ئاندىن بىرگەپ بولار دېگەن يەرگە كەلدىم. مۇمكىن بولسا...تەلىپىمنى دادىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويسىڭىز. مۇشۇ بىرلا ئوغلۇم بار ئىدى. ھازىر كۆڭلۈم پاراكەندە. دادىڭىز ئوپېراتسىيە قىلسا خاتىرجەم بولاتتىم...مۇمكىن بولسا، ئوپېراتسىيىنى دادىڭىز قىلسا كۆڭلۈم تىناتتى.

— بۇ تەلىپىڭىزنى ئايالىغا، يەنى ئانامغا ئېيتىڭ...، — دېدىم مەن، — تېلېفونغا مانا ھازىرلا چاقىرىپ قوياي.

شۇنداق قىلىپ ئانامنى چاقىرىپ قويدۇم.

بىر سائەت ياكى 40 مىنۇتتەك ئۆتتىمىكىن، بىر ئەر كىشى تېلېفون بېرىپ سورىدى:

www.uyghurkitap.com

— مەن بىلەن سۆزلىشۋاتقان كىم بولىدۇ؟

— ئوغلى.

— بەللى، بەللى! ئۇنداق بولسا سىز چۈشەنمەي قالمايسىز. خوتۇنۇم ئۆت خالتىسى ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرماقچى ئىدى، ئوپېراتسىيىنى سىزنىڭ دادىڭىز قىلىدىغان بوپتىكەن، شۇڭا، خوتۇنۇمنى مۇشۇ دوختۇرخانىغا ئەكەلگەنىدىم، بولمىسىغۇ باشقا دوختۇرخانىغا ئاپىرىش ئىمكانىيىتىم بار ئىدى. ئەمما، بۇ دوختۇرخانىدىكىلەر سىزنىڭ دادىڭىزنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىدىغانلىقىنى...ئەپسۇسكى، بىردىنلا مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىك بولغىنىنى! بۇ راستمۇ؟ دادىڭىز ئىتتىك ساقىيىپ كەتسە بولاتتى! ئالاھىدە دورا كېرەكمۇ؟ قىس دورىلاردىن لازىممۇ؟ مەن تېپىشىپ بېرەلەيمەن...قىسقىسى، دادىڭىز ئوپېراتسىيە قىلسا رازى بولاتتىم. دوختۇرخانا دېگەن تىياتىرخانا ئەمەس: مەن كاندىدات ئارتىسنىڭ ئويۇنىدىن رازى بولمايمەن!...

— ماڭا دېگەن بۇ گەپلىرىڭىزنى ئايالىغا يەنە بىر دەڭ،...قالدۇرماي دەڭ! ئۇ ياردەم بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئانامنى يەنە چاقىردىم.

شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە دادامنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىگە مۇنداق دېدىم:

— ئېنىق ئەھۋالنى ھازىر ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. كەچتە تېلېفون بېرىپ بېقىڭ، خوتۇنى كەچتە كېلىدۇ! ئۇ سىزگە ھەممە ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئانام ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كارىدوردىكى تېلېفون قويۇلغان شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىچە مەن كۈندۈزى كەچقۇرۇن تېلېفون بېرىڭ دەپ قويغانلار بىلەن كېيىنى-كەينىدىن

سۆزلىشىپ كەتتى.

تۇرۇپ - تۇرۇپ چوڭ ئانامغا:

— سىز بىردەم تېلېفون ئالسىڭىز قانداق؟ — دەيتتىم.

شۇنىڭ بىلەن چوڭ ئانام كارىدوردىكى كىچىك شىرەنىڭ يېنىدا ئانامنىڭ ئورنىدا ئولتۇردى. دادامغا تېلېفون بەرگەن كېسەللەر، دوختۇرلار ۋە سېستىرالار ھەر قېتىمدا "قىزىسى قالدىمۇ؟" دەپ سورايتتى.

ئەپسۇسكى، دادامنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتمىگەنىدى. مەن باشقىلارنىڭ دادامنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن تىت - تىت بولۇۋېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم!

بىر قېتىم مەن مۇنداق دېدىم:

— قىزىتمىسىمۇ؟ ئۇقمايدىكەنمەن...تېرمومېتىر سۇنۇپ كېتىۋىدى. پېشانىسى قول كۆيگۈدەك ئىسسىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە پاراموش ھالەتتىلا تۇرماقتا!...

شۇ كۈنى تېلېفون بەرگەنلەرگە ئاشۇنداقلا جاۋاب بېرىۋەردىم. دادام ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ، كارىدوردا ئاۋازىمنى بوش چىقىرىپ سۆزلىدىم.

پەس ئاۋازدا گەپ قىلغىنىمنىڭ رولى چوڭ بولدى، تېلېفون بەرگۈچىلەرمۇ ئاران ئاڭلىنىدىغان پەس ئاۋازدا ماڭا گەپ قىلدى:

— تېخى ساقايمىدىمۇ؟

— ھەئە...كەچتە تېلېفون بېرىڭ، كەچتە خوتۇنى قايتىپ كېلىدۇ.

كەچتە بىزگە بىراقلا ئۈچ تېرمومېتىر سوۋغا قىلىندى.

— ئۇنىڭ قىزىتمىسىنىڭ نورمال بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلى-

مەن، ــ دېدى ئوغلىنىڭ قايسىدۇ بىر يېرىنى دادام ئوپېراتسىيە قىلماقچى بولغان ئايال ماڭا بىر تېرمومېتىرنى سۇنۇۋېتىپ، ــ ئۇ ھېلىمۇ پاراموش ھالدىمۇ؟

ــ ياق، ياخشى بولۇپ قالدى، ــ دېدىم مەن، ــ كۆپ ياخشى بولۇپ كەتتى، ئەنسىرىمەڭ...

ــ مۇشۇ تېرمومېتىر بىلەن دادىڭىزنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ تۇرۇڭ، ــ دەپ تەلەپ قىلدى ئايال. بۇ ئايال دادامنى تېرمومېتىر ساقايتالايدۇ دەپ ئويلىغانمىكىن.

ــ سالامەتلىكى ئوبدانلا ياخشىلىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، ــ بۇ ئايالغا يەنە بىر قېتىم تەسەللى بەردىم.

ــ ئايال قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كەتتى...

ــ سىلەرچە، ــ دېدىم ئانام بىلەن چوڭ ئانامغا، ــ چوڭ ئىسكىرىپكىچىڭلار تارقىلىشچان زۇكام بولۇپ قالسا، شۇنچە جىق ئادەم ئۇنىڭغا تېلېفون بېرەرمۇ؟ شۇنچە كۆپ تېرمومېتىر تەقدىم قىلارمۇ؟...

ــ نېمىلەرنى دەيدىغانسەن!...بۇنىمۇ سېلىشتۇرغىلى بولامدۇ؟ ــ دېدى چوڭ ئانام ئۇنلۇك قىلىپ، ــ داداڭنىڭ سالامەتلىكى باشقىلارنىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ـ تە!

ــ شۇنداق! كىشىلەر دادامغا موھتاج! ــ دېدىم مەن.

ــ ئەلۋەتتە! ــ دېدى ئانام ئۇنلۇك قىلىپ.

دادام ۋىرۇسلۇق زۇكام بولۇپ قالمىغان بولسا، ئانام بۇنداق گەپنى ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئۇنلۇك دېمەيتتى. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ بۇنداق گەپنى قىلغان تەقدىردىمۇ، ئاۋازى

بۇنداق چىڭ، كۈچلۈك چىقماس ئىدى.

گېزىتلەردە ۋىرۇسلۇق زۇكامغا قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىش كېرەك دېيىلگەنىدى. ئەمما مېنىڭ بۇ ۋىرۇسلارغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، ھەتتا ئامراقلىقىم كەلدى...چۈنكى، بۇ ۋىرۇسلار مېنىڭ قېيىنچىلىقىمنى ئاسان قىلىپ بەرگەن تۇرسا، بۇنىڭغا نېمە چارە!

شۇ كۈنى: بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيدە مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئىش بولۇپ قالسا، مەنمۇ جەزمەن ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىۋالاي، ياخشىسى ۋاقىتلىق ئۆلۈپ قالاي...قانداق ئادەمدىن مەھرۇم بولۇپ قالغىنىنى ھەممىسى بىلىپ قالسۇن! دېگەن نىيەتكە كەلدىم. ئەمما، بىر تۇرۇپ مۇنداقمۇ ئويلىدىم: ئەپسۇسكى، ئۆلگەن ئادەم تىرىلەلمەيدۇ، ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالاي! سىنىپتىكى ھەممەيلەن (43 ئوقۇغۇچى) ماڭا تېلېفون بەرسۇن. مۇشۇنداق بولۇشقا بارلىق كۈچۈم بىلەن تىرىشىمەن! شۇ چاغدا، ئۇلار دەرھال بىلىدۇكى...

## 6. ئېگورۇۋ

— مەن داۋالىغان ئاغرىقنىڭ دەردىنى جىسمانەن تۇيغانىدەك بولۇۋاتىمەن، ئۇقتۇڭمۇ، — دېگەنىدى دادام بىر كۈنى. ئانام بىلەن چوڭ ئانامنى ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ، ئۇ بۇ گەپنى بەك بوش قىلغان. ئۇ ھەتتا ئانام بىلەن چوڭ ئانامغا بۇ گەپلەرنى بوش قىلىشتىن ئۇيىلاتتى، ئۇ ھەرقانچە بوش گەپ قىلسامۇ، ئۇلار ئاۋازىنىڭ چىڭ چىقتى دەيدۇ دەپ ئويلىسا كېرەك. ئەمما، ئۆزىنىڭ "جىس-

مانەن» دەرد تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئانامنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

دادام ماڭا ھەرقانداق گېپىنى دەۋېرەتتى! ھەتتا ئۆزىنىڭ ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئانامغا كۆيۈپ يۈرگەنلىكىنى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆمرىدە ئانامنىلا ياخشى كۆرۈپ كەلگەنلىكىنى دەپ بەردى.

— بەزى دوستلىرىم ئىككىنچى بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ باقمىغانلىقىمدىن بەكمۇ ھەيران، — نېمىشقىدۇ دادام شۇنداق دېدى.

— ھەيران قېلىشسۇن! — دېدىم ئۈنلۈك ئاۋازدا. بۇ بىچارىلەر ئانامدەك ئايالنى كۆرۈپ باقمىغان-دە...

قىسقىسى، دادام مەندىن ھېچنېمىنى يوشۇرمايتتى.

بىر چاغلاردا ماڭا: قولۇڭغا پىچاق ئال، بۇ چوڭ ئوپېراتسىيىنى سەن قىل، دەيدىغان بولسا، ئوپېراتسىيىنى جەزمەن ئاسانلا قىلىپ قويىمەن، دەپ ئويلايتتىم. چۈنكى، دادام ماڭا ئۆزى قىلغان ھەممە چوڭ ئوپېراتسىيىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي دەپ بەرگەندى، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوپېراتسىيىنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆڭلۈمگە ئوبدان پۈككۈۋالغانىدىم.

دېمىسىمۇ، دادام ئۆزىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق بىرەركىم بىلەن پاراڭلىشىشى كېرەك-تە! ئۇ ئۆيدىكى ئاياللارغا مالاللىق كەلتۈرۈشنى خالىمايتتى، ئۆيدە دادام بىلەن پاراڭلاشقۇدەك باشقا ئەر كىشى يوق ئىدى، شۇڭا ماڭا ھەممە گەپلىرىنى دەيتتى.

بىزنىڭ ئۆيگە كەينى-كەينىدىن تېلېفون بېرىۋەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئېغىر كېسەللەرنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى بىلەتتىم. دادام ئۇلارغا مۇنداق دەيدىغانىدى:

— بۈگۈن ئېرىڭىزنى ئۆرۈپ قويدۇق!

— ئوغلىڭىز ماڭالايدىغان بولدى! شۇنداق، يەنە ماڭالايدىغان بولدى...دېرىزە تۈۋىگىچە بارالايدۇ! سىزگە مۇبارەك بولسۇن!

— دوختۇرخانىلاردا ئىش سوراش بۆلۈمى يوق ئوخشايدۇ، — دېگەنىدى چوڭ ئانام.

— ئاغرىقلارنىڭ ئۆرۈق-تۇغقانلىرى بەزىدە ئوپېراتسىيە قىلىنىدىغان شۇ ئاغرىقتىنمۇ بەك ئازابلىنىدۇ، — دېگەنىدى دادام، — چۈنكى، ئۇلار ناركوزلانمىغان! شۇڭا، تېلېفوندا بارلىق ئىمكانىيەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئازابىنى يوقىتىمەن.

ئاغرىقلارنىڭ نەدە ئىشلەيدىغانلىقىنى، نېمە ئەمەلى بارلىقىنى، غايىسى نېمە ئىكەنلىكىنى، نەچچە بالىسى بارلىقىنى دادام تولۇق بىلەتتى.

— ئاغرىقلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى بىلمەي تۇرۇپ كېسەلنى قانداق داۋالىغىلى بولىدۇ! — دېگەنىدى دادام، — بىز تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرلىرى خۇسۇسەن تېخىمۇ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك...

دادام ئانام بىلەن چوڭ ئانامنى ئەندىكىپ كەتمىسۇن دەپ بەك تەپتارتىپ كەلگەنىدى. شۇڭا، دادام ئەتىگىنى خۇشلۇقى تۇتۇپ ئۇنىلۇك ناخشا ئېيتسا، دادامنىڭ بىرەرغېمى بار ئىكەن دەپ قالاتتىم، ياكى، ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا، كۆڭلى پاراكەندە بوپتۇ دەپ قالاتتىم. شۇنىڭ بىلەن، دادامنى ئاستاغىنا ئاشخانىغا تارتىپ سورايتتىم:

— نېمە بولدى، بۈگۈن مۇرەككەپ ئوپېراتسىيە بارمۇ؟ ئەندىشە قىلىۋاتامسىز؟

www.uyghurkitap.com

— ئاددىي ئوپېراتسىيە مەۋجۇت ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرەتتى دادام ھەمىشە دىگۈدەك، ئاندىن مۇنداق دەيتتى، — باش قېتىنچىلىقى بولىدىغان ئىش كۆپ. — يا بولمىسا، دادام مۇشۇ- نىڭغا ئوخشاش گەپلەرنى قىلاتتى...

شۇنىڭ بىلەن، دادامغا ئىشەنچىم كامىللىقىنى ئېيتاتتىم، دادامنىڭ كۆڭلى بىراقلا خاتىرجەم بولۇپ قالاتتى-دە، ناخشا ئېيتمايتتى.

كۈندۈزى چوڭ ئانامغا:

— يېنىكا نىڭ گېئومېترىيە سوئاللىرىنى قانداق ئىشلىگەنلىكىنى ئۇقۇپ باقاي، — دېدىم.

دوختۇرخانىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى چۆرۈۋىدىم، تېلېفوننى دادام ئالدى، دادامدىن:

— قانداق، سوئاللارغا جاۋاب بېرەلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

دادام مەقسىتىمنى دەرھال چۈشەندى. بىز بىر-بىرىمىزنى چۈشىنىشىپ كەلگەنىدۇق.

كەچتە دادام ئۆيگە يېنىپ كېلىۋىدى، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا ئەگەشمە كېسەلنىڭ يوقلۇقىنى، قىزىتمىسىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكى ياكى ئۆرلىمىگەنلىكىنى... بىلىۋالدىم.

ئەمما، كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادامنىڭ چىرايىدىن ھېچ نەرسىنى بىلەلمىدىم. چىرايىدىن پەرىشانلىقمۇ، خۇشاللىقمۇ ئەكس ئەتمەيتتى، گويا ھېسسىياتسىز ئادەمدەك تۇراتتى. مېڭىشلىرىمۇ باشقىچە ئىدى، ئېنىقراقى، يول مېڭىشنى بىلمەيدىغان ئادەمدەكلا بولۇپ قالغانىدى... مەن قورقۇپ كەتتىم.

— بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ — دەپ بوش سورىدىم.

— ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى دادام.

— كىم؟

— ئېگوروۋ... ئىۋان پاۋلوۋىچ.

بۇ ئىسمنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. دادام ئەتىگەنىدە پەرىشانمۇ بولمىغان، ناخشىمۇ ئېيتمىغانىدى. ئانام بىلەن چوڭ ئانام يېزىغا ئۈچ كۈن تۇرۇپ كېلىمىز دەپ كەتكەنىدى، مەن دادامنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيۇپ تۇراتتىم.

— قانچە ياشقا كىرىپتىكەن؟

— ھەي... ئادەم ئۆلسىلا يېشىنى سوراش ئادەت بولۇپ قالدى. ياشانغان بولسىمۇ، ياش بولسىمۇ، بۇنىڭ كارايىتى يوق! ئۇ تېخى ياششى كېرەك ئىدى.

— قانداق ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بوپتىكەن؟

— ئېغىر كېسلى يوق، گەپ مانا مۇشۇ يەردە، ئېغىر كېسلى يوق ئىدى! ئوپېراتسىيە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولغان، ئەمما كېيىن... ساڭا نېمە دەپ چۈشەندۈرسەم بولار؟ تومۇرنىڭ بىر يېرىدە ئازراقلا قېنى ئۇيۇۋاپتۇ... قان نوكچىسى.

— دېمەك، سىزدىن كۆرگىلى بولمايدىكەن، — دېگەنىدىم، دادام ماڭا يالتىدە قارىدى، — ياق، مەن بۇنداق دېمەكچى ئەمەس، سىزنى ئوپېراتسىيىنى توغرا قىلغان دېمەكچى! — دېدىم.

— ئۇ ئۆلدى. بۇرناكۈن ئانىسى مېنىڭ قېشىمغا كىرگەن... ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئەمىسە، ئۇ ئادەم تېخى ياش ئىكەن - دە؟

— 57 ياشتا ئىدى.

— تېخى... ئانىسى بارمىكەنا؟

— ئانىسى 78 ياشقا كىرىپتۇ. لېكىن پۇت، قولىدىن قۇۋۋەت

www.uyghurkitap.com

كەتمەپتۇ، كۆزلىرىمۇ روشەن ئىكەن... ئانىسى: "ھېلىمۇ ياخشى، ۋاسىلىنىڭ خوتۇنى ساناتورىيىدە، بالىلىرى باشقا يەردە ئىدى. بولمىسا، ئۇنىڭ كېسىلى يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قالسا، ئۆلۈپ قۇرۇپ كېتەتتى!" دېگەن. مەن چاقچاق قىلىپ: بۇ كېسەل قوزغىلىپ قالسا قۇرۇپ كەتكۈدەك يېرى يوق، بىز پەسەيتىپ قويىمىز، دېگەنىدىم.

— ئانىسى ئوغلىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى بىلەمدۇ؟...

— ئۇنىڭغا بەش كۈندىن كېيىن ئوپېراتسىيە قىلىمىز دېگەنىدىم. جان ئۈزۈش ئالدىدا ئېگوروۋ مۇشۇنداق دېيىشىنى مەندىن تەلەپ قىلغان. ئانىسىنى دەرھاللىققا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدۇ دەپ...

"بۇ گەپچە، ئىۋان پاۋلوۋىچ ئۆلۈش ئالدىدىمۇ ئانىسىنى قانداق ناركوزلاشنى ئويلىغانىكەن-دە،" دەپ ئويلىدىم-دە، دادامدىن سورىدىم:

— ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

— ھازىر ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ھەممە ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئۆزۈم ئېيتىمەن.

— مەنمۇ بارىمەن!

— ماقۇل، بىللە بارىلى، يىراق ئەمەس. "تاڭ نۇرى" كىنوخانىسىنىڭ قورۇسىدىلا... ئانىسى ماڭا: ۋالە دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆيىمىزگە پات-پات كېلىپ تۇرۇڭ، دېگەن...

دادامنى قولىدىن يۆلەپ ئېلىپ ماڭدىم. ئۇ ھەيران قالمىدى، قولىنىمۇ تارتىۋالمىدى. دېمەك، ئۇ ماڭا موھتاج ئىكەن! ياكى بولمىسا، ئۇ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايدىغان بولغانمىدىكىن شۇ چاغدا.

— ئۇ ئايال ئوغلى توغرۇلۇق ماڭا تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن.

ئانىلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق، ئانىلار مېنىڭ ئوغلۇمنى ئۆزىڭىزنىڭ ئوغلىدەك كۆرۈپ، بارلىق ئاماللار بىلەن ساقايتىپ قويىسىز...دەپ ئۈمىد قىلىشىدۇ...

دادام گويا ئېگوروۋ مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىكتەك، ئۇنىڭ ئانىسى بولسا مېنىڭ ئانام بىلەن تەڭ دېمەتلىكتەك تەلەپپۇزدا ئېگوروۋ ھەققىدە سۆزلەيتتى.

— دۇنيادىكى ئانىلارنىڭ ھەممىسى بالىلىرىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىشىدىن بەك قورقىدۇ، — دېدى دادام، — ئۇلار بىز دوختۇرلارنىڭ بۇنداق ئۆلۈمىنىڭ بولۇشىغا يول قويمايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىدۇ. ھالبۇكى، قارىمامسەن، ھازىر بۇ ئىش بولدى...

كېتىۋېتىپ ئويىغا چۆكتۈم: ”نېمىشقا كىچىككىنە قان نوكچىسى دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن غالىب؟ نېمىشقا ئادەمنىڭ ھاياتى قىلدەك بىرەر تومۇرغا باغلىق؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟“ بۇ ئويۇمنى دادامغا ئېيتىۋىدىم، دادام مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بىز ھايات مەلۇم تومۇرغا باغلىق بولۇپ قالمىسۇن دەپ بارلىق كۈچىمىز بىلەن تىرىشىمىز.

دادامنىڭ مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشىۋاتقانلىقى ماڭا مەلۇم ئىدى...

— دەپ بېقىڭە، بۇنداق بولۇشىنى سىز ئويلاپ كۆرگەنمۇ؟

— دوختۇر دېگەن ھەممىنى ئويلايدۇ، — دەپ ئاچچىقلاپ جاۋاب بەردى دادام.

مەن يەنە سوراۋەردىم:

— بۇنداق ئىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولامدۇ؟...سىز ئالدىنى ئالالامسىز؟

— ئالدىنى ئېلىش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم!
بىردىنلا چۈشەندىم: دادام ماڭا ئەمەس، ئۆزىگە ئاچچىقلىنىۋېتىپتۇ، ئۆزىگە خاپا بولمايدىغان قىلىشىم كېرەك ئۇنى!
— سىزنىڭ مۇشۇنداق قىلىش مەسئۇلىيىتىڭىز بارمۇ ياكى شۇنداق قىلالىغۇدەك قابىلىيىتىڭىز بارمۇ؟ دەڭا...
— سەن ھېچقاچان دوختۇر بولالمايدىكەنسەن، — دېدى دادام.
— نېمىشقا؟
— سەن مېنىلا، يەنى ئۆزەڭنىلا ئويلايدىكەنسەن. ئويلاشقا تېگىشلىكى... بەس، بولدىلا، سۆزلىمەيلا قوياي! — دەپ قولىنى سىلكىدى دادام.
— ئۆزىڭىز توغرۇلۇق ئۆزىڭىز ئويلىمىغاندىكىن، باشقىلار سىزنى ئويلىشى كېرەك-تە، — دېدىم ئانامنىڭ ئاغزىدىن كۆپ ئاڭلىغان بۇ گەپنى تەكرارلاپ.
ھويلىغا كىردۇق. دادامنىڭ ھېلىقى ئايالىنىڭ قايى بىنادا، قايسى ئۆيدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى مۇشۇ چاغدىلا بىلدىم. دادام كىنوخانا ھويلىسىدا دېگەن گەپنىلا ئېسىدە ساقلاپتۇ، بىنا نومۇرىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.
بېشى ئۇچىدەك ئاقارغان بىر ئەر كىشى دەل-دەرەخ ۋە گۈل-گىياھلارغا سۇ قۇيۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ سۇ ناسوسىنى تۇتۇشلىرىغا قاراپ، بۇ ھويلىغا قارايدىغان ئادەم ئەمەسكەن، ئۆزىچە سۇغىرىۋېتىپتۇ دېگەن پىكىر دەرھال كاللامغا كەلدى. ئۇ ئادەم ئۇ يان، بۇ يانغا قاراپ تۇرغان بىزنى كۆرۈپ قالدى.
— كىمنى ئىزدەيسىلەر؟
— ئېگوروۋنىڭ ئۆيى قايسىكىن؟ — دەپ سورىدى دادام.

— ھە...ئوغلىڭىزنى ئۇنىڭغا تەربىيىگە ئەكىلىپ بەرمەكچىمۇ؟ — ھېلىقى ئەر كىشى نېمىشقىدۇ خۇشال بولۇپ كەتتى، — بىزنىڭ بۇ بىنادىكى بالىلار خاتالىق ئۆتكۈزسىلا، چوڭلار ئۇلارنى ئۇۋان پاۋ-لوۋغا ئاپىرىدۇ. ئۇنىڭ بالىلارغا نەسىھەت قىلىشتا ئامالى بار! ئوھوي، ئەمدى باشقا بىنادىكىلەرمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدىغان بولغان ئوخشى-مامدۇ؟...ئۇنىڭ ئۆيى بىرىنچى ئىشكتە. ئىككىنچى قەۋەت...قايسى ئۆيلۈكى يادىمدا قالماپتۇ. ئەمما، ھازىر ئۆيىدە يوق، دوختۇرخا-نىغا كىرىپ كەتكەن، — دېدى ئەر كىشى خورسىنىپ. ناسۇستىكى سۇ بىر دەرەختكە قۇيۇلۇۋەردى، — ئۇ دوختۇرخانىغا كىرىپ كەتكەن-دىن كېيىن، بالىلار ھويلىدىكى شىرەنى بۇزۇۋېتىپتۇ...شىرەنىڭ پۇتىلا قاپتۇ. مۇشۇ كەپسىز بالىلارنىزە! ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقمى-غۇچە شىرەنى ئوڭلىمايمىز. بالىلار ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىدا توۋا قىلسۇن! ئۇ ئۆيدە بولىدىغان بولسا، بالىلار شىرەنى بۇزۇۋەتمەيتتى. زادىلا بۇزۇۋەتمەيتتى! بالىلار ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ...بالىلار گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخلەرنى بەك ئاسرايتتى! نېمىشقا دېمەمسىز؟ چۈنكى، ھەممىسى ئۇۋان پاۋلوۋىچ تىككەن! مۇشۇ ئالمىنىمۇ ئۇ تىككەن...ئۇنىڭ ئۆيى بىرىنچى ئىشكتە...، — بۇ چاغدا بىرمۇنچە بوپا كۆتۈرگەن بىر ئايال يېنىمىزدىن ئۆتۈپ قالدى، ھېلىقى ئەر كىشى ئۇنىڭدىن سورىدى:

— قايسى ئۆيدە تۇرىدۇ؟

— كىمنى دەيسىز؟

— ئېگوروۋنى.

ھېلىقى ئايال بوپىلىرىنى دەرھال يەرگە قويدى. ئۇنىڭ بوپىلارنى قويۇشلىرىدىن بوپىلارنىڭ خېلى ئېغىرلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئۇنىڭ ئۆيى ئاۋۇ ئىشىكتە! يەتتىنچى نومۇرلۇق ئۆيدە. كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بوپقالدى. ئوغلۇمنىڭ ماتېماتىكىغا كاللىسى ئانچە ئىشلىمەيتتى. ئەمما، ئۇ ئىۋان پاۋلوۋىچقا بەك ئامراق، ئىۋان پاۋلوۋىچنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ ماتېماتىكىغا ئامراق بولۇپ قالدى. تۆت نومۇر ئالدى. ئوغلۇم چوڭ بولمىغۇچە بۇ يەردىن ھەرگىز كۆچۈپ كەتمەيمەن! سىلەرنى مەن باشلاپ ئاپىراي، ئانىسى ئۆيدىغۇ دەيمەن...

دادامنى "ئىۋان پاۋلوۋىچ ئالەمدىن ئۆتتى" دەپ سالامدىكىن دېگەن ئەندىشىدە تۇراتتىم، دادام ئۈنچىقمىدى. دادام ئېگوروۋ بۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە ئۇزاقراق ياشىۋالسۇن دېگەن بولسا كېرەك.

ھېلىقى ئايالنىڭ كەينىدىن ماڭدۇق. بۇ ئايالنىڭ بىر بوپىسىنى مەن كۆتۈردۈم، بىر بوپىسىنى دادام كۆتۈردى. ئايال توختىماي سۆزلەيتتى:

— ئوغلۇمنىڭ يېنىغا ساۋاقداشلىرى كېلىپ تۇردۇ. ئۇلار ئىۋان پاۋلوۋىچنى سېغىنىپ كەتتى. مەنمۇ ئوقۇغان ئادەم. ھازىرغىچە ئېسىمدە... ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىشى چىقىپ قىلىپ، بىزنى مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەن چېغىدا، خۇشاللىقىمىزدىن نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي قالاتتۇق. ئەمما ھازىر بۇ ئوقۇغۇچى بالىلار غەمدە. ھەممىسى دوختۇرخانىغا بېرىپ ئىۋان پاۋلوۋىچنى يوقلىماقچى. مېنىڭ ئۆيۈم مۇنۇ بىرىنچى قەۋەتتە،...سىلەر ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىسىلەر. ئۇنىڭ ئۆيى ئۈستۈنكى قەۋەتتە.

ئايال قارىماستىنلا بارمىقى بىلەن ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ كونۇپكىسىنى باستى. قوشنا ئايال چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى، چىرايىدىن خاپا بولغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

— ئاچقۇچنى ئېلىۋالسىڭىز بولامدۇ؟ خەقنى ئاۋارە قىلىپ...
— بولار، ئىۋان پاۋلوۋىچنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچىكەن، — دېدى بوپا كۆتۈرۈۋالغان ئايال، ئۇنىڭ نېمشقا بۇنداق دېگەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى.

ئىۋان پاۋلوۋىچنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلەرنىڭ ئالدىدا قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرۇش نومۇستەك، ھېلقى قوشنا ئايال چىرايىنى ئاچتى.

— ئىۋان پاۋلوۋىچنىڭ ئۆيى ئۈستۈنكى قەۋەتتە، بىزنىڭ ئۆينىڭ تۆپىسىدە!

بىز ئۈستۈنكى قەۋەتكە قاراپ ماڭدۇق... ماڭغاندىمۇ گويا پەلەمپەينى ساناۋاتقاندەك ياكى ئېغىر كېسەلدىن ئەمدىلا ساقايغان ئادەمدەك ناھايىتى ئاستا ماڭدۇق.

قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە «ئۇ ھايات... ھايات... ئۇ ئۆلمىدى! ئۇ ھايات ياشاۋاتىدۇ...» دېگەن سادا ياڭرىماقتا ئىدى.

## 7. «چوڭلارنىڭ كەچلىك ئولتۇرۇشى»

مەن: ئادەم بالىلارغا ئەتىگىنى قويۇلىدىغان كىنونى كۆرۈشتىن قېلىپ، كەچلىك ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنىدىغان بولغاندىلا چوڭ بولغان بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم.

بىركۈنى دادام مېنى دوختۇرخانىدىكى بايراملىق كەچلىك ئولتۇرۇشقا قاتنىششقا تەكلىپ قىلدى، دېمەك، مەن دادام ئىشلەيدىغان ئورۇنغا بارىدىكەنمەن... مەن ماقۇل بولدۇم — نېمشقىدۇ ئۆزەمنىڭ چوڭ بولغانلىقىغا تېخىمۇ ئىشەندىم.

ماڭىدىغان چېغىمىزدا ئانام بىلەن چوڭ ئانام بېشىمىزدىن تاپىند-

مىزغىمچە بىرقۇر سەپسېلىپ چىقتى، ماڭا دوختۇرخانىدا ھەرگىز ئەخمەقلىق قىلىپ، قالايمىقان سۆزلىمەسلىكنى، ئالتىنچى يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىمنى دائىم ئەستىن چىقارماسلىقىمنى ئېيتتى. ئەمەلىيەتتە، مەن ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتەي دېسەممۇ، ئولتۇرۇشتا ئۇنتۇپ كېتىشكە بولمىدى، چۈنكى، دادامنىڭ خىزمەتداشلىرى:

— نەچچىنچى يىللىقتا ئوقۇيسىز؟ — دەپ سورايتتى.

— ئالتىنچىدە، — دەپ جاۋاب بېرەتتىم.

— ئوھوي، قالتىسقۇ!

ئاندىن دادامنىڭ خىزمەتداشلىرى دادامغا بۇرۇلۇپ باركاللا ئېيتىشتى:

— ئوغلىڭىز چوپچوڭلا بولۇپ كېتىپتىغۇ؟! ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ... بىراق، سىزگە بەك ئوخشايدىكەن. قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايدىكەن!

كىشىلەرنىڭ ئانامغا، ئوغلىڭىز سىزگىلا ئوخشايدىكەن، دېگىنىنىمۇ كۆپ ئاڭلىغانمەن. شۇڭا، مېنىڭ زادى كىمگە ئوخشايدىغانلىقىم ھەققىدە بىر قارارغا كېلىشىم زادىلا مۇمكىن بولمىدى.

ئانام چىرايلىق ئايال ئىدى، بىركۈنى دادام توغرۇلۇق گەپ بولغاندا چوڭ ئانام:

— ئەلۋەتتە، ئۇنى چىرايلىق دېگىلى بولمايدۇ...، — دېگەنىدى.

— دېگىلى بولمىسا، دېمەيلا قويۇڭ! — دېگەنىدىم مەن، — كەچۈرۈڭ... ئىشقىلىپ ھەممەيلەن ئۇنى ياخشى كۆرىمىز!

— سېنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە تالىشىۋاتقىنىم يوق، — دېگەنىدى چوڭ ئانام، — سەن نېمە ئولتۇرالماي كەتتىڭ؟ ئەرلەرنىڭ سەت

ياكى چىرايلىق بولۇشىنىڭ كۆپ ئەھمىيىتى يوق.

"راستلا كۆپ ئەھمىيىتى يوق" دەپ ئويلىدىم مەنمۇ. چۈنكى، زالدىكى ئاياللار قاتار تىزىلىشىپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى دادامنىڭ ئالدىغا كېلىشەتتى، دادامغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن قىسما - قىسما قىلىقلارنى قىلاتتى، دادامغا: ئوغلىڭىز سىزگىلا ئوخشايدىكەن دېيىشەتتى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ھەممەيلەن ماڭىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشتى. دادام بىلەن بىللە كەلگىنىمگە شۇنداق قىلدى دەپ قارىمايمەن... ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىز بىزگە — ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇمكىنقەدەر ئۆزەڭلارغا خاس "روشەن خاسلىق"نى ھازىرلاڭلار دەيتتى. تەشۋىقات رەسىملىرى ۋە گۈللەر بىلەن شۇنچە چىرايلىق قىلىپ بېزەلگەن بۇ زالدا ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم مۇئەللىمىمىز ئۈمىد قىلغان تەلەپنى ئورۇندىغان بولدۇم. چۈنكى، زالدا مېنىڭدىن بۆلەك ئالتىنچى يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۆزەمدە روشەن خاسلىق تامامەن ھازىرلانغان دەپ ئويلايتتىم.

ئاخىر ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى... فامىلەمنى چاقىرىدى، دەرسخانىدىكىدەك "بار!" دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىشكە تاسلا قاپتىمەن. ئەسلىدە دادامنىڭ ھەيئەت رىياسەت ئەزاسى بولۇپ سايلانغانلىقىنى ئېلان قىلغانىكەن.

— سايلاپ ئوبدان قىپتۇ! — دېدى يېنىمدا ئولتۇرغان موماي. بۇ مومايىنىڭ چىرايى سۇرلۇك بولۇپ، كۆزلىرى گويا بىرەر قۇسۇر تاپماقچى بولغاندەك ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇراتتى. بۇنداق ئادەمنىڭ ماختىشى ئادەمنى ئالاھىدە خۇشال قىلىدۇ.

فامىلە ئوقۇلغاندا، باشقىلار ئاۋازىنى چىقىرىپ باركاللا ئېيتىم-

سىمۇ، گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ قارىشىنىڭ بۇ موماينىڭكىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىلدىم.

”ئەتتەڭ، بۇ كۆرۈنۈشنى ئانام بىلەن چوڭ ئانام كۆرەلمەي قالدى-دە، — دەپ ئويلىدىم، — ئەلۋەتتە، مەن ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىشىم مۇمكىن... ئەمما، بىرىنچىدىن، دادامنىڭ سۆزلەتكۈزمەيدىغانلىقى چوقۇم، يېرىمىنى دەپ بەرگەن ھالەتتىمۇ، دادام مېنى كۆپتۈرۈۋەتتىڭ دەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا دېگەن ماقالنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ!“

ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم دوكلات ئاڭلىدىم! دوكلات ناھايىتى قىسقا بولدى...

— يارايدۇ! — دېدى يېنىمدا ئولتۇرغان ھېلىقى سۇرلۇك موماي. ئۇ دوكلاتچى دوكلات بەرگەن مۇنبەرگە (دوكلاتچى مۇنبەردىن كېتىپ قالغانىدى) بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. — قىسقا، مېغىزلىق بولدى، دەيدىغان گەپنى بىر دەمدىلا دەپ بولدى.

بىراق، مەن داۋاملىق ئاڭلاشنى خالايتتىم!

— ئەمدى دوختۇرخانىمىزدىكى مۇنەۋۋەر خىزمەتچىلەر توغرىسىدا توختىلىمىز! — دەپ جاكارلىدى يىغىن رەئىسى.

زالدا بىردىنلا تىمتاسچىلىق ھۆكۈم سۈردى، ھەممەيلەن دىققىتىنى مۇنبەرگە يىغدى. مەنمۇ ھاياجانلاندىم. ئەمما، ئۆزەم ئۈچۈن ئەمەس، ئەلۋەتتە... دادام ئۈچۈن ھاياجانلانغانىدىم.

— دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىقلاردىن تەكلىپ قىلغاندۇق، — دەپ سۆزنى داۋاملاشتۇردى رەئىس، — شۇلار سۆزلىسۇن...

تۆت ئەتراپىمغا زېھنىم بىلەن سەپسالدىم، ئاغرىقلارنى ساقلار-



www.uyghurkitap.com

دىن پەرقلەندۇرمەك تەس ئىدى.

— بۇ يەردە كىم...ئاغرىق؟ — دەپ ئاستا سورىدىم ھېلىقى سۇرلۇك مومايدىن.

— پەرق ئېتەلمىدىڭمۇ؟

— ياق...

— ئىشىنىڭ ياخشى بولغان يېرى مۇشۇ! — موماي شۇنداق دەپ بولۇپ جىم بولۇۋالدى. كېيىن لەۋلىرى ئاستا ئېچىلدى، كۈلۈمسىرەۋاتقانىمكىن.

گەۋدىلىك بىر ئادەم مۇنبەرگە چىقتى. ماڭا زالدىكىلەرنىڭ ھېچقايسى ئۇنىڭدەك ساغلام ئەمەستەك بىلىنىپ كەتتى.

— بۇ كىشى ئاندرىيۇشا...، — دېدى موماي. ئۇ باياتىنقىدەكلا كۈلۈمسىرىدى.

زالدا تۇشمۇتۇشتىن پىچىرلاشلار ئاڭلاندى:

— ئاندرىيۇشا...ئاندرىيۇشا...

— ئۇنى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى تونامدۇ؟ — دەپ سورىدىم مومايدىن.

— تونۇمايچۇ! بۇرۇن كېسەل دەستىدىن قورايدەكلا بولۇپ قالغان، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپلا قالغان...

دادام بۇ ئاغرىق توغرۇلۇقمۇ ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى.

— ئۇنى ساقايتىشمىغا نېسىپ بولار! بۇقىدەك قاۋۇل بولۇپ كەتكەي! — دېگەنىدى شۇ چاغدا دادام، — ئىشىم ئوڭىغا تارتقاي!... — ئۇ مۆۋەپپەقىيەت قازانغانىدى...بۇرۇنقى ئاغرىق بۈگۈن دېگەندەكلا بۇقىدەك قاۋۇل بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇستىلىنىڭ ئېگىزلىكى ئاندرىيۇشانىڭ بېلىگىلا كېلەتتى. ئۇ گويا

www.uyghurkitap.com

ئۇستەلىنى دەس كۆتۈرىدىغان ئادەمدەك ئىككى قولىدا ئۇستەلنىڭ ئىككى تەرىپىنى تۇتۇۋالغانىدى.

— هازىر يەنە ئىشقا كىرىشىپ كەتتىم! — دەپ جاكارلىدى ئاند-رىيۇشا مۇنبەردە، — چاۋغان توپ ئوينىيالايدىغان بولدۇم! بۇنداق بولۇشۇم دۇنيادا شۇنداق ئادەملەرنىڭ... شۇنداق ئادەمنىڭ بولغان-لىقىدىن بولدى...

رەئىس سەھنىسىدە ئولتۇرغانلارغا قاراپ چىقتىم-دە، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ كىم توغرۇلۇق كېتىۋاتقانلىقىنى دەرھال بىلدىم، دادام كۆرۈنمەيتتى. ئەسلىدە سەھنىنىڭ ئارقا رېتىدە ئولتۇرغان دادام هازىر پەس بولۇۋېلىپ، خەقنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغانىدى.

بۇرۇنقى ئاغرىقلاردىن يەنە ئىككىسى سۆز ئېلىپ، دادامنىڭ يار-دىمىدە "يېڭى هايات"قا ئېرىشكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئۇلارنىڭ دادامنىڭ ياردىمىدە يەنە بىر قېتىم يېڭى هاياتقا ئېرىشىش ئۈمىدىدە ئەمەسلىكىنى مەن ئەلۋەتتە بىلمەن... ئەمما، ئۇلارنىڭ دادامغا مېھىر-مۇھەببەت بىلەن قاراشلىرى ئۇلارنىڭ دادامنى مەلۇم گۈزەل ئەسلىمىلەر بىلەن باغلىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. دادام مۇشۇ ئادەم-لەرنى ئوپېراتسىيە قىلغان-دە...

ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ يوقىلاڭ خىياللارغا بېرىلدىم. خىيالىمغا مۇنۇلار كەچتى: "هەممە دەرستىن بەش نومۇر ئالسام — ئەمەلىيەتتە بۇنداق بولۇشى ئۈمۈر بويى مۇمكىن ئەمەس — مەكتەپ بويىچە ئېچىلغان چوڭ يىغىندا تۇيۇقسىزلا تەقدىرلەنسەم، بىرمۇنچە ساۋاقداشلىرىم خۇشال بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل..." ئەمما بۇ يەردە هەممە دوختۇر، سېستىرا ۋە سانىتارلار گويا بۇرۇنقى ئاغرىقلارمۇ شۇلارغا رەھمەت ئېيتىۋاتقاندەك خۇشال

ئولتۇردۇ. "نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ ئويلىدىم، — بۇلار دادامنى بەك ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايدۇ... ياخشى كۆرۈشى ھەقلىق. دادامنى ياخشى كۆرمەسلىك مۇمكىنمۇ؟"

كېيىن كونسېرت نومۇرلىرى كۆرسىتىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن تانسا بولدى... ئاياللار كېلىپ دادامنى تانسىغا تارتتى. مەن ئانام بىلەن چوڭ ئانامنىڭ بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرەلمىگەنلىكىگە كۆڭلۈم بەك يېرىم بولۇپ ئولتۇردۇم.

— مەن تانسا ئوينىيالمايمەن...، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى دادام، — ئاندرېيۇشا بىلەن ئوينىسىڭىزكەن.

— ئۇنى تارتىدىغانلار بەك كۆپ بولۇپ كەتتى! — دېدى ئاق خالات كىيىۋالغان ئايال دادامنىڭ گېپىگە جاۋابەن. بۇ ئايال دىجورنىلىك قىلىۋېتىپ كۆرۈپ باققىلى زالغا كىرگەن بولسا كېرەك.

ئاندرېيۇشانى تانسىغا تارتىدىغانلار راستىلا بەك كۆپ ئىدى. ئۇ ھەممە ئادەمدىن جىق ئوينىدى، ھەممە ئادەمدىن ياڭراق كۈلدى، ھەممە ئادەمدىن ئۈنلۈك گەپ قىلدى. بۇ ھەرىكەتلىرى ئۆزىگە ئۆزى مەن ھەممىنى قىلالايدىغان بولدۇم دەپ ئىسپاتلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى...

دادام كۆڭلۈمنى ئايىدى: سائەتكە بىر قېتىممۇ قاراپ قويمىدى، ئۇخلايدىغان ۋاقتىڭ بولدى ياكى تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلە، ئەمدى قايتىپ كېتەيلى، دېگەن گەپلەرنى ئاغزىدىن چىقارمىدى. بىز كەچ-لىك ئولتۇرۇشقا قاتناشقان ھەممە ئادەم قاتارىدا كىيىم بۆلمىسىگە كەلدۇق.

بىز پەسكە چۈشۈپ بولغان، دادام كىيىملىرىنىڭ نومۇرى سېلىن-غان تاختىنى چىقارغان بىر پەيتتە، ئاق خالاتلىق بىر ئەر كىشى

www.uyghurkitap.com

دادامنىڭ قېشىغا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە يېتىپ كەلدى ـ دە، قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى.

ـــ ئوغلۇمنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويساڭلار،،،، ـــ دېدى دادام. دادام ئاندرېيۇشاغا گەپ قىلىۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى، سۆرۈن تەلەت ھېلىقى مومايغا ياكى باشقا بىراۋغا گەپ قىلىۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى.

ھەممەيلەن مېنى ئاپىرىپ قويۇشقا ماقۇل بولدى.

ـــ بىر دەملىك ئىشىم بار،،، ـــ دادام شۇنداق دېدى ـ دە، ھېلىقى ئاق خالاتلىق ئەر كىشى بىلەن بىللە ئىتتىك كېتىپ قالدى.

ـــ نېمىشقا... قېچىۋالدۇ؟ ـــ دەپ سورىدىم مەن.

ـــ ئىشى بار ـ دە، ـــ قاراشلىرىدىن قۇسۇرچى ئادەمدەك كۆرۈنىدىغان ھېلىقى موماي جاۋاب بەردى.

ـــ نېمە ئىش؟

ـــ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرىدىغان ئىش...

كوچىدا كېتىۋاتىمەن، بايرامغا يەنە ئۈچ كۈن بولسىمۇ، كوچا بايرام كەيپىياتىغا چۆمگەنىدى. يېنىمدا دادام بۇرۇن داۋالاپ ساقايتقان ئاندرېيۇشا مەن بىلەن بىللە ماڭماقتا ئىدى. ئۇ رەڭگارەڭ گۈللۈك چىراغلارنى كۆرۈپ، گويا بۇنداق چىراغلارنى كۆرۈش ئۈمىدى ئۈزۈلگەن كۈنلىرى بولغان ئادەمدەك شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتى.

بىزنىڭ بىنانىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئاندرېيۇشا ئاخىر تاقەتسىزلەنگەنىمكىن، ماڭا:

ـــ داداڭغا بەك ئوخشايدىكەنسەن! راست گەپ قىلىۋاتىمەن... بەك ئوخشايدىكەنسەن! ـــ دېدى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا بىرىلگەن مۇكاپات ئىدى.

بۇ چاغدا مەن مۇنداق ئويلىدىم: مېنىڭ چىرايىملا دادامغا ئوخشايدىغاندۇ. ياكى بولمىسا، ماقالىلاردا ئېيتىلغىنىدەك، تېشىم ئوخشايدىغاندۇ..."ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئوخشاش بولۇش ئۈچۈن، مەن تېخى...باشقىلارنى بەختلىك قىلسام بولىدۇ. بۇ ئۇنداق ئاسانغا چۈشمەيدۇ!"

(«چەت ئەل ھېكايىلىرىگە نەزەر»
نىڭ 1989 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇللا ئابلىز
تەرجىمە مۇھەررىرى: ئوسمان موللەك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# مۇستەبىت

## [مىسىر] نەجىب مەھفۇز

نەجىب مەھفۇز جامائەتچىلىك ئېتىراپ قىلغان مەشھۇر ئەرەب پروزىچىسى بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ پروزىچىلىق تارىخىدىكى "ئەھرام" دەپ ئاتالغان. ئۇ 1988 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ ھىندىستانلىق تاگور، ياپونىيىلىك چۇەندۇەن كاڭچېڭدىن كېيىن مۇشۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن شەرق يازغۇچىسىنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر.

نەجىب مەھفۇزنىڭ ئىجادىيەتتە بېسىپ ئۆتكەن يولى ئەرەب پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى مەلۇم دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھازىرغىچە ئۇ يازغان پوۋېست ۋە رومانلار 27 گە، ھېكايىلەر توپلىمى 17 گە يەتتى، بۇلارنىڭ تارقىتىلغان ئومۇمىي سانى بولسا بىر مىليون پارچىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى ۋە ئەسەرلىرىنى ئەرەب دۇنياسىدىكى ھەممە ئادەم دېگۈدەك بىلىدۇ. ئۇنىڭ بەزى مۇھىم ئەسەرلىرى ئىنگلىز، نېمىس، فرانسۇز، رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى، مەملىكىتىمىزدە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىرىمۇ ئونغا يېقىن.

نەجىب مەھفۇز ئۆزىنىڭ بارلىق مۇھەببىتىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلىغان. «ئىككى قەسىر ئارىسىدا»، «ئوردا ئىشتىياقى» ۋە «تاتلىق سۇ» دېگەن ئۈچ ئەسەر ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«مۇستەبىت» ھېكايىسى ئۇنىڭ ئېسىل ھېكايىلىرىدىن بىرى بولۇپ، «مىسىرنىڭ ھازىرقى زامان ئېسىل ھېكايىلىرى»گە كىرگۈزۈلگەن. بۇ ھېكايىدە باش قەھرىمان ئەبۇلخەيرگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىش ئارقىلىق، "نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان بۇ دۇنيادا" ھەققانىيەت يورۇقلۇقىغا

چىقالمايۋاتقان، بۇزۇقلۇق ـ ئەسكىلىك، زورلۇق ـ ئۆكتەملىك ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان پاجىئەلىك بىر ۋەقە بايان قىلىنىپ، بىگۇناھىنىڭ "گۇناھى ئۇنىڭ باشقا بىر ئادەمنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغانلىقى بولدى" دېگەن ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان پەلسەپىۋى داۋلى ئېچىپ بېرىلىدۇ. تىلى ئاددىي ۋە ئىخچام، تەسۋىرلىرى تەپسىلىي ۋە جانلىق بولغان بۇ ھېكايە ھېكايىلەرنىڭ ياخشىسى دېيىشكە ئەرزىيدىغان ھېكايىدۇر.

ئاخىر يېزا كۆرۈندى. تۈن پەردىسى ئاسمان گۈمبىزىدىن ئاستا ـ ئاستا چۈشۈشكە باشلىدى، كىشىلەر ئۇلاغلىرىنى ھەيدەپ، ھارغىن قىياپەتتە قايتىپ كېلىۋاتاتتى، گوگۇم جىمجىتلىقى يىراق ـ يىراقلارغا كەتكەنىدى. ئەبۇلخەير ئىششىپ كەتكەن پۇتلىرىنى سۆرەپ، يېزىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ قاتتىق قورقۇنچتىن ھوشىنى يوقىتىپ قويغاچقا، ئەمدى قورقمايدىغان بولۇپ قالغان، چىدىغۇسىز ئاغرىق دەستىدىن ئەمدى ئاغرىۋاتقان يېرىنىمۇ سەزمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. يېزىغا قايتىپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ئۇنىڭغا قاتتىق تەئەججۇپلىنىش نەزىرى بىلەن قارىشاتتى، ئۇنىڭغا قاراپ پىچىرلىشىپ، بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى دوستلىرى بولسا ئۇنى كۆرمىگەن بولۇۋېلىپ، باشقا يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ كىشىلەردىن يىراقلاپ، پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تەقدىردىكى قارارگاھىغا قاراپ ماڭدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان قارىسىغا قاراپ قېلىشتى، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ چۈشىدە بولۇپ ئۆتكەندەك ئىدى. كىشىلەر ئېچىنغان ھالدا بېشىنى چايقىشىپ: "ئەبۇلخەير چۈشكۈنلىشىپتۇ!...ئەمدى ئۇ تۈگەشتى!" دېيىشەتتى.

ئەبۇلخەيرنىڭ بۇ بەختسىزلىككە ئۇچرىشى تامامەن تاسادىپىي بولغانىدى. ئەھۋالنىڭ جەريانى مۇنداق ئىدى: بىركۈنى ئاخشىمى، ئۇ كىشىلەر مۇستەبىت دەيدىغان خوجايىنىنىڭ جاڭزىدىكى ئاشلىق ئامبىرىدا ئۇخلاپ قالغانىدى، ئالىلقانداق بىر ئاۋازدىن ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. باشتا ئۇ ئۆزىنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇرغانلىقىنىلا سەزدى: بۇ قەيەر؟ قايسى ۋاقىت بولغاندۇ؟...ھە دېگەندە ئۇ ھېچ نېمىنى بىلمەي قالدى، بىردەمدىن كېيىن، ئامبارنىڭ پۇرىقىدىن ئۆزىنىڭ نەدە تۇرغانلىقىنى بىلدى. بايا ئۇنى ئويغىتىۋەتكەن ئاۋاز ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى، قاراڭغۇدا ئۇ كۆزى بىلەن ھېلىقى ئاۋاز چىققان تەرەپنى ئىزدەشكە باشلىدى. بىردىنلا ئۇنىڭغا:

"ياق...ياق...بېگىم، يامان بولىدۇ..." دەپ ئالاقزادىلىك ئىچىدە يالۋۇرۇۋاتقان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئۇ بۇ ئاۋازنى تونۇدى، بۇ ئەلۋىنىڭ قىزى زەنۇبىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ قىزنىڭ ئاۋازى خۇددى چايناپ يۇتماقچى بولغان بىر يىرتقۇچ ھايۋاندىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەندەك چىقاتتى. ئەبۇلخەير بېرىپ قىزنى قۇتقۇلدۇرماقچى بولۇپ سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى، دەل مۇشۇ چاغدا بىردىنلا ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈش ۋە ھودۇقۇش بىلەن "ئۇنۇڭنى چىقارما!" دەپ ۋارقىرىغان قوپال بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئەبۇلخەير تۇرۇپلا قالدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى بوشىشىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ بۇ ئاۋازنىمۇ تونۇدى، بۇ دەل ئۇنىڭ خوجايىنى ئابدۇجەلىلنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئابدۇجەلىل بولسا مۇشۇ يېزىدا ئۆلتۈرمەن دېگەننى ئۆلتۈرىدىغان، بولايمەن دېگەننى بولايدىغان بىر زالىم ئىدى. ئەبۇلخەير زەنۇبىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنىڭ نېمىشقا بۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىغا سەۋەب كۆرسىتىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى،

ھازىر ئۆزىنىڭ بىردەملىك بىخەستىلىك تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ۋە ئۆزىمۇ ئېنىق دەپ بېرەلمەيدىغان مۇشكۇل ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ قالدى. باشقىلار مەندىن سورىسا، نېمە دېيىشىم كېرەك، دەپ ئويلايتتى ئۇ...ھايال ئۆتمەي، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىغا يالغۇز زەنۇبىلا سەۋەب بولمىغانلىقىنى، ئۆزى ئۆتكۈزگەن گۇناھنىمۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقى بىلەن ھېچقاچان كارى بولمايدىغان زالىمدىن كۆرمەي، ئۆزىدىن كۆرۈشى كېرەكلىكىنى چۈشەندى: كىم مېنى مۇشۇ نەس باسقان يەردە ئۇخلىسۇن دەپتۇ؟ ئۇ قاراڭغۇدا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا سەپسالدى، ئاخىردا ئۇ ئاستا ئىرغاڭلاۋاتقان يوغان بىر كۆلەڭگىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ ھېلىقى مۇستەبىت بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ چۈجىنى قامالىۋالغان ساردەك ھېلىقى قىزنى قۇچاقلىۋالغانىدى. قىز ۋارقىراپ يىغلايتتى، قۇتۇلۇش ئۈچۈن تېپچەكلەيتتى، مۇستەبىت بولسا خۇددى قارا بوران يوپۇرماقلارنى ئۇرغاندەك، قىزنى ۋەھشىيلەرچە كاچاتلايتتى. ئەبۇلخەير ۋەھىمىگە چۈشتى، كۆڭلى ئاينىدى، ئۈمىدسىزلەندى، ئاللا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ چۈشۈرگەن توپان بالاسىنى يەنە بىر قېتىم چۈشۈرگەن بولسىمۇ بوپتىكەن دەپ ئويلىدى. شاپۇر-شۇپۇر قىلغان جىددىي ئاياغ تىۋىشىدىن كېيىن، بىرنەرسە سۈركەشكەندەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ئازابتىن ئىڭرىغان ۋە ئۆكسۈپ يىغلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى...

ئەبۇلخەيرگە قاراڭغۇلۇق قاتتىق بېسىم ئاستىدا نەرە تارتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، ئۇنىڭ تومۇرلىرى يېرىلىپ كېتەي دەپلا قالدى، ئۇ ئەمدى بۇ ئازابقا چىدىماي سەكرەپ تۇرۇپ، تۇۋلىماقچى

بولۇۋاتاتتى، مۇستەبىتنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى بىلەن تەڭلا توختاپ قالدى، بۇ ئاۋازنىڭ بېشى ئىنچىكە چىقىپ، ئايىغى خىرقىراپ قالدى، ئاخىردا ئۇ "سەن شۇم خوتۇن..." دەپ، شىرغا ئوخشاش ھۆركىرەپ كەتتى.

"چاڭ" قىلغان تەستەك ئاۋازىدىن كېيىن، ئۈمىدسىزلەنگەن ئىنجىق ئاۋازى بىلەن ئاجىز بىر گەۋدىسىنىڭ "گۈپ" قىلىپ يىقىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مۇستەبىت: "سەن دەيۈزگە ئۆزەمنى بىر تونۇتۇپ قويىمسام، ئۆزەمنى بىر تونۇتۇپ قويىمسام..." دەپ كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىرايتتى.

ئۇ گۈندىدەك ئېغىر پۇتلىرى بىلەن ئىنجىقلىغۇچىنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ تۇرۇپ، "ساڭا ئۆزەمنى بىر تونۇتۇپ قويىمسام!" دەپ توۋلايتتى.

ئىنجىق ئاۋازى ئاستا-ئاستا پەسىيىپ، ئاخىر توختاپ قالدى، ئارقىدىن ئاستا ھاسىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، مۇستەبىت بولسا تېخىچە توختىماي: "خەپ، ساڭا ئۆزەمنى بىر تونۇتۇپ قويىمسام، ئۆزەمنى بىر تونۇتۇپ قويىمسام..." دەپ تەلۋىلەرچە كاركىرايتتى.

ئەبۇلخەير ئىختىيارسىزلا توۋلىۋەتتى: "خۇدادىن قورقساڭچۇ!"

"كىم؟..." دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز كەلدى ئۇ تەرەپتىن.

ئەبۇلخەير دەرھال ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن ئىچكىرىگە ئاينىڭ يورۇقى چۈشتى، ئەبۇلخەير ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. مانا شۇ چاغدا ئۇ مۇستەبىت: "مەن سېنى تونۇۋالدىم، ئەبۇلخەير، توختا..." دەپ توۋلاپ قالدى.

قورقۇنچ ۋە ئۈمىدسىزلىك غايەت زور بىر كۈچكە ئايلاندى-دە،

www.uyghurkitap.com

بۇ كۆچىنىڭ تۆرتكىسىدە ئەبۇلخەير مىلتىقتىن چىققان ئوقتەك ئېتىلىپ كەتتى. مۇستەبىت بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن: "ھارامزادە، ئەبۇلخەير...، ھۇ جىنايەتچى، توختا..." دەپ كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىرايتتى.

خوجايىن توختىماي توۋلاۋەرگەچكە، ئاۋازنى ئاڭلىغانلار كەلگىلى تۇردى، بىردەمنىڭ ئىچىدە پۈتۈن يېزىدىكى ئادەملەر چۆچۈپ ئويغىنىشتى.

ئەبۇلخەير بىردەم يۈگۈرۈپ، بىردەم سوكۇلداپ مېڭىپ، ئېتىزلىقتا تاۋۇز ساقلاۋاتقان ئاغىنىسىنىڭ كەپىسى ئالدىغا كەلدىدە، كىرىپلا ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى، ئۇ ھە دەپ ھاسىرايتتى. ئۇنىڭ ئاغىنىسى ئۇنىڭغا بىرقاچا سۇ ئەكىلىپ بەردى، ئۇ سۇنى ئىچىپ بولۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇدى، ئاندىن باياتىن قاراڭغۇدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن پاجىئەنى ئاغىنىسىگە بىرقۇر سۆزلەپ بەردى، ئاخىردا بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ سورىدى:

— مەن ھازىر ساقچى ئىدارىسىدە گەپ قىلىۋاتامدىمەن؟

ئاغىنىسى بېشىنى چايقىدى ۋە ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەگەر سېنىڭ ئۇستۇڭدىن سوتقا ئەرز قىلىدىغان بولسا، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

— ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەنسىزلىك بىلەن.

— يوشۇرۇنۇۋال...

— مەڭگۈگە يوشۇرۇنۇۋالامدىمەن؟

ئاغىنىسى بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي، بېشىنى كۆتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

ئاسمانغا قارىدى.

— قىزىم بىلەن ئانىسى يېزىدا ئىدى، — دېدى ئەبۇلخەير، — ئۇلار ئاشۇ مۇستەبىتنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولدى.

— بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىڭنى ئويلىغىنا.

— قانۇن نەدە قالدى؟ — دەپ ئۇھ تارتىپ قويدى ئۇ كۆڭلى غەش بولغان ھالدا.

— قانۇن تاۋۇزنىڭ ئىچىدە ئۇخلاۋاتىدۇ...، — دەپ ئاچچىققىنا كۈلۈپ قويدى ئۇنىڭ ئاغىنىسى.

ئەتىسى ئۇنىڭ ئاغىنىسى پۈتۈن يېزىدا تارقىلىپ يۈرگەن، ئەبۇلخەير ھېلىقى قىزغا باسقۇنچىلىق قىلىپ ھەم ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ؛ ئۇنىڭ خوجايىنى ئابدۇجەلىل مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ، خەقلەرمۇ بۇ گەپلەرگە قىلچە گۇمانلانماي چىنپۇتۇپتۇ؛ ئۇ قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەر قاتتىق يىغا-زار قىلىشىپتۇ، قىزنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوست-ئاغىنىلىرى، ھەقەمسايىلىرىمۇ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، يېزىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر قىزنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا قەسەم ئىچىپتۇ، ھۆكۈمەت بۇ ئىشنى تەكشۈرۈشكە باشلاپتۇ، بىردىنبىر گۇۋاھ — مۇستەبىتنىڭ بىر تەرەپلىمە ئىسپاتىغا ئىشىنىپتۇ؛ ئەبۇلخەيرنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزى خەقنىڭ يۈزىگە قارىيالماي، قايغۇ ۋە نومۇستىن گەپ قىلالماي قاپتۇ... دېگەندەك سۆزلەرنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

— مېنىڭ گۇناھىم باشقا بىر ئادەمنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغىنىم بولدى...

— سەن نېمىشقا ئاشلىق ئامبىرىدا ئۇخلىغان بولغىيتىڭ؟

— ۋاي تاڭەي!

— ھەر ھالدا ئاۋۋال يوشۇرۇنۇپ تۇرغىن، — دېدى ئاغىنىسى ئېچىنغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ.

خوجايىنىنىڭ يالاقچىلىرى ئەبۇلخەيرنى ئىزدەپ تاۋۇزلۇققا كەلدى، قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەرمۇ كەلدى. ئەبۇلخەير مۆكۈۋالغان يېرىدە تۇرۇپ، كەلگەنلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى، ئۇ قولاق كەستىلەرنىڭ ۋەھشىي ئەپتىنى ۋە قانغا تولغان كۆزلىرىنى كۆردى.

— مەن بۇ يەردىن كەتمىسەم بولمىغۇدەك...

— شۇنداق قىلماي بولمىدى، سېنى ئاللا ئۆز پاناھىدا ئاسرىسۇن...

— يېنىمدا بىر تىيىنمۇ پۇل يوق ئىدى...

— مەندىمۇ يوق...، —دېدى ئۇنىڭ ئاغىنىسى خىجىللىقتىن بېشىنى سىلاپ.

ئەبۇلخەير ئايىغى چىقماس قاراڭغۇلۇقتا مەقسەتسىزلا يۈگۈرۈپ كېتىۋەردى، ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆز يېزىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقمىغاچقا، دۇنيا توغرىسىدا ھېچ نەرسە بىلمەيتتى. قوشنا يېزىدىكىلەر ئۇنىڭ ھېلىقى مۇستەبىت تۇتۇشقا ئۇقتۇرۇش چىقارغان جىنايەتچى، ھۆكۈمەت قوغلاۋاتقان قاچقۇن ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنى توختاتمايتتى، ئۇنىڭ ئۆزى بولسا پاكىتنى ئېنىقلاشقا ئامالسىز ئىدى. ئۇزاققا قالماي، ئۇنىڭ خەلقى ئالەم ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ قېلىشى، قاپقارا ملتىق ئاغزى ھە دېگەندىلا ئۇنىڭغا توغرىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. قاراڭغۇ كېچە ئۇزاققا بارمايتتى، كۈندۈز يېتىپ كېلەتتى،

ئۇ كۆپكۆندۈزدە كىشىلەر تاياق ـ توقماق ۋە ئەسكى كەشىنى ئېلىپ قوغلاۋاتقان چاپانغا ئوخشاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. كىم ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزىدىن خەۋەر ئالىدۇ؟ نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان بۇ دۇنيادا كىممۇ ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ؟... ئۇ ئۆزىنىڭ قىلچە مەقسەتسىز مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلدى، بارلىق شەيئىنىڭ ــ سۆگەت ۋە خورما دەرەخلىرى، كۆز يەتكۈسىز زىرائەتلىكلەر، شارقىراپ ۋە پارلىداپ ئېقىۋاتقان ئۆس-تەڭلەرنىڭ ئېھتىيات بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بىلدى... ئۇ بىردىنلا ھوشىنى يىغدى، بىر ئوي ئۇنىڭ كاللىسىدىن غىل-پاللا ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ بىپايان ئاسمانغا قارىدى، ئاي ئۇپۇق سىزىقىنىڭ سەل نېرىسىغا ئېسىپ قويغاندەك تۇراتتى ۋە بەكمۇ يوغان كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە چۈشۈپ تۇرغان سۆپسۈزۈك ئاي نۇرى ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى. ئۇ بىر قەدەم بېسىپ، كەينىگە بىر قاراپ قوياتتى. ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازلىرى ئادەمنىڭ تىنىقى ئاڭلانغۇدەك بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى ۋە بۇ ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرىدىن ئۇ قورقۇپ تىترەيتتى. قايناق قاھىرە شەھىرى نەدە قالدى؟ ئۇ مېغىلداپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىغا قىس-تىلىپ كىرىپ، بىرەر پاناھ جاي تېپىۋېلىشنى، يېگىلى بولغۇدەك بىرەر لوقما تائامغا ئېرىشىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. تېز پويىز بىلەن تۆت سائەت ماڭىدىغان يولنى ئىششىپ كەتكەن پۇتلىرى بىلەن قاندا-چىلىك ۋاقىتتا مېڭىپ بولالايتتى ئۇ؟ چارلاپ يۈرگەن ئەسكەرلەرنىڭ توۋلىغان ئاۋازى خۇددى پويىزنىڭ گۈدۈكىگە ئوخشاش، جىمجىت-لىقنى بۇزۇپ تاشلىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى گويا توختاپ قالغاندەك بولدى، ئۇلار ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ، نېمە كەسىپ قىلىدىغانلىقىنى ۋە

www.uyghurkitap.com

نەگە باردىغانلىقىنى سورىشى مۇمكىن ئىدى... ئۇ ئالدىغا مېڭىۋې-
رىشكە پېتىنالماي، بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئاستىغا كەلدى ۋە
مۇشۇ ئەنجۈرنىڭ ئاستىدا خۇددى كىچىك بىر تاغدەك مىت قىلماي
تۇرۇۋېلىپ، چارلىغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ يوروق چىرىغىدىن ئۆزىنى
دالدىغا ئالدى. ئەمما... ئۇغۇ چارلىغۇچى ئەسكەرلەردىن ئۆزىنى
قاچۇرالىدى، ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزى مۇستەبىتنىڭ بوزەك
ئېتىشىدىن قېچىپ قۇتۇلالامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆزىغۇ قىينالسىمۇ قاھەرەگە
قېچىپ بېرىۋالار، لېكىن ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزىنى كىم قانات
ئاستىغا ئالىدۇ؟... تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قېچىپلا يۈرۈۋاتقان، خوتۇنى-
نىڭ، قىزىنىڭ غېمىنى يەۋاتقان، ئۇلارنى سېغىنىپ باغرى كاۋاپ
بولۇپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ خاتىرجەم ياشيالىشى مۇمكىنمۇ؟...
ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى، ئۇنىڭ ھېسسىياتى
دولقۇنلايتتى. بىرنەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ ئاستا - ئاستا
ئۇخلاپ قالدى. ئۇ يامان بىر چۈش كۆرۈپ ئۈندەرەپ ئويغىنىپ
كەتتى، ئۇ ئۆزىنى تاغنىڭ چوققىسىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ چۈشكە-
نىدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، ئېغىر قەدەم تاشلاپ ئۆزى تەرەپكە
كېلىۋاتقان بىرمۇنچە ئادەمنى كۆردى، ئۇلار ئۇنى يۆگەپلا ئارىغا
ئېلىۋالدى.
ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە مىخ-
تەك قادىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى
ئۇلارنىڭ كەينىدە كىشنەۋاتاتتى.
— ۋاي ماڭا رەھىم قىلساڭلارچۇ، — دەپ توۋلىدى ئۇ.
ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ئۇنى بىر مۇشت بىلەنلا موللاق ئاتقۇ-
زۇۋەتتى - دە، غەزەپ بىلەن ھۆركىرىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ئەخمەق، سەن تېخى قاچماقچىمۇ؟

ئۇ يەنە توۋلىدى:

— ۋاي ماڭا رەھىم قىلساڭلارچۇ.

ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭ قورسىقىغا بىرنى تېپىپ:

— سەن قىزغا باسقۇنچىلىق قىلدىڭ، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ! — دېدى.

— مەن...

ئۇ "مەن گۇناھسىز" دېمەكچى ئىدى، ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ ئۆزىنىڭ خوجايىنىنىڭ يالاقچىسىغا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

— تېز قايتىپ بېرىپ گۇناھىڭنى ئىقرار قىل...، — دېدى ھېلىقى ئادەم كەمسىتىش نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

— ئۇلار مېنى دارغا تارتىۋېتىدۇ، — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ.

— خوجايىنىنىڭ ساڭا بىر تال ئارغامچا مۇكاپات بېرىشكىمۇ كۆزى قىيمايدۇ تېخى! — دېدى ھېلىقى ئادەم ئۇنى ۋەھشىيلەرچە بىرنى تېپىپ.

— مېنى سولاپ قويسۇن!

— سېنىڭ بالا-چاقىلىرىڭ ئامان-ئېسەن قالىدۇ، — دەپ بايىقىدىنمۇ قاتتىق بىرنى تەپتى ھېلىقى ئادەم.

ئۇ ئۈمىدسىزلىك بىلەن بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ جىم بولۇپ قالدى. يالاقچى ھۆركىرەپ ئۇنى قىستايتتى، ئۇ بوش ئاۋاز بىلەن: "مەن قايتاي..." دېدى.

ئۇ بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ كەينىگە قايتىپ كېتىۋاتاتتى، ھېلىقى ئادەملەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ باراتتى.

ئاخىر يېزا كۆرۈندى. تۈن پەردىسى ئاسمان گۈمبىزىدىن ئاستا ـ ئاستا چۈشۈشكە باشلىدى، كىشىلەر ئۇلاغلىرىنى ھەيدەپ، ھارغىن قىياپەتتە قايتىپ كېلىشىۋاتاتتى، گوگۇم جىمجىتلىقى يىراق ـ يىراقلارغا كەتكەندى. ئەبۇلخەير ئىششىپ كەتكەن پۇتلىرىنى سۆرەپ، يېزىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ قاتتىق قورقۇنچتىن ھوشىنى يوقىتىپ قويغاچقا، ئەمدى قورقمايدىغان بولۇپ قالغان، چىدىغۇسىز ئاغرىق دەستىدىن ئەمدى ئاغرىۋاتقان يېرىنىمۇ سەزمەيدىغان بولۇپ قالغاندى. يېزىغا قايتىپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ئۇنىڭغا قاتتىق تەئەججۈپلىنىش نەزىرى بىلەن قارىشاتتى، ئۇنىڭغا قاراپ پىچىرلىشىپ، بىر نېمىلەرنى دېيىشەتتى، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئاغىنىلىرى بولسا ئۇنى كۆرمىگەن بولۇۋېلىپ، باشقا يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ كىشىلەردىن يىراقلاپ، پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تەقدىردىكى قارارگاھىغا قاراپ ماڭدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان قارىسىغا قاراپ قېلىشتى، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ چۈشىدە بولۇپ ئۆتكەندەك ئىدى. كىشىلەر ئېچىنغان ھالدا بېشىنى چايقىشىپ: "ئەبۇلخەير چۈشكۈنلىشىپتۇ!...ئەمدى ئۇ تۈگەشتى!" دېيىشەتتى.

(«چەت ئەل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن.)

تەرجىمە قىلغۇچى: خوجا ئابدۇللا ئوسمان

www.uyghurkitap.com

جاۋابكار مۇھەررىر: ئابدۇللا ئابلىز
جاۋابكار كوررېكتور: ھەمرا ھاسىل

# گۈلىستان (22)

## (ئەدەبىي تەرجىمىلەر)

تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1990-يىل 7-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1990-يىل 7-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 1.95 يۈەن

**花坛（22）**

（文学译丛）

（维吾尔文）

民族出版社编辑出版发行　各地新华书店经销

民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米　1/32　印张：8 1/4

1990年7月第1版

1990年7月北京第1次印刷

印数：0001—1,500册

ISBN　7—105—01095—9/I·　218

民文（维 28）　定价：1.95元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ISBN 7—105—01095—9/ I · 218
民 文 (维 28) 定价：1.95元